ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل

# تۇپراق بېشىدا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل

图书在版编目（ C I P ）数据

在墓前/阿曼努尔·阿布都肉苏里著. — 乌鲁木齐：
新疆人民出版社. 2002. 8
ISBN7－228－07381－

Ⅰ在.... Ⅱ.阿... Ⅲ.中，短篇小说—作品集—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 052255 号

责任编辑：艾则孜·吐尔迪
编辑和责任校对：伊力亚斯·热依木
封面设计：艾克拜尔·萨里

在墓前 （维吾尔文）
（小说集）
阿曼努尔·阿布都肉苏里 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
呼图壁阳光彩印印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 8.375 印张 2 插页
2002 年 8 月第 1 版 2002 年 8 月第 1 次印刷
印数：1 — 3070

ISBN7－228－07381－9/I·2635 定价：13.00 元

# مۇندەرىجە


سەرگەردان بوۋاق ........................................ 1

يارايسەن ئوغلۇم ........................................ 8

ياشاپ كېتىڭ تاغا ........................................ 15

كىچىك بەڭگى ........................................ 24

ھاجەت ........................................ 31

ئاھ، ئون بەش ياش چېغىم ........................................ 36

ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ........................................ 51

تۇپراق بېشىدا ........................................ 57

خەير ـ خوش . . . ........................................ 63

دوستۇم، مېنى كەچۈر ........................................ 68

قولىغا كويزا سېلىنغان ئادەم ........................................ 74

ئېسىمدە يوق ........................................ 83

غەلىتە ئىش ........................................ 89

تونۇشلۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ قالسۇن ........................................ 93

كوچىدىكى پاراڭلار ........................................ 102

ئىشىك تۈۋىدە ........................................ 128

«نېسىۋىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ» ........................................ 136

قەدىناس دوستلار ........................................ 143

ئىككى بوتۇلكا ھاراق ........................................ 150

ئېشىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە ........................................ 159

«پوچىتىكەش» ........................................ 165

سەتچىلىك ........................................ 172

مەسخىرىگە قېلىش ........................................ 180

ھۆججەت ........................................ 185

نېمە دېگۈلۈك. . . ........................ 191
«مەن ئۆلدۈم» ............................ 197
بىكۆيۈم ..................................... 205
قاپچۇق....................................... 210
«دىۋانە» .................................... 215
مەن تېخى . . . .......................... 221
ئىش ئۆز جايىغا چۈشتى.................. 225
بىر كېچىدىكى ئۆزگىرىش ............... 234
بۇ توقۇلغان ھېكايە ئەمەس............... 242

# سەرگەردان بوۋاق

مەن ... مەن ... مەن بىر بوۋاق. مېنى بوۋاق بولغاندىكىن، ئانچە غېمى يوق كەتمەڭلار. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق غېمىم، يېتىپ ئاشقۇچە دەردىم بار.

ئۇنداق بولسا گەپنى سەل يىراق يەردىن باشلىسام، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار.

دادام مېنى تېمەن، ئەقىللىق تۇغۇلسۇن دەپ، ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمدىلا ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بالىنىڭ زېھنى كۈچى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا يېتىلىشكە باشلايدۇ، دەپ قارىغاچقا، ئانامغا يېدۈرمىگەن ياخشى تاماق، تېتىتمىغان ياخشى مېۋە قالمىغانىدى.

دادام بىلەن ئانامنىڭ كۈتكىنىگە يارىشا مەنمۇ ئەقىللىق بولۇپ تۇغۇلدۇم. ئىشىنەمسىز؟ تۇغۇلۇپ ئون مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا كۆزۈمنى ئاچتىم! دادام بىلەن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ كۆرۈشتۇم.

ئانامنىڭ سۇتى چىقمىغاچ، مەن كالا سۇتى بىلەن بېقىلدىم. كالا سۇتىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى ئىكەن. ئۇ ماڭا بەكمۇ ياقتى دەڭە؟

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئانامنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇپ ئىشقا چۈشىدىغان چېغى بولۇپ قالدى. ئەسلىدىغۇ مېنى چوڭ ئانام بېقىپ بەرمەكچىدى. بىراق، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، بۇنىڭغا ئامال بولمىدى. دادام ئىدارىسىدىكى

يەسلى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلار ئايىغى چىققان باللارنى ئالىمىز، دەپ مېنى يەسلىگە قوبۇل قىلماي قويدى.

ئىلاجسىز قالغان دادام بىلەن ئانام ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، مېنى غەربىي ئۆستەڭ بويىدىكى بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە بېقىپ بېرىشكە ئاپىرىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئۆيى توخۇ كاتىكىدەكلا كىچىك ئىدى. بۇغۇ مەيلىغۇ! لېكىن، ئۇ ئايالنىڭ ئۈچ ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغلى بولۇپ بەك كەپسىز ئىكەن. ھە دېسىلا پۇتىنى باش - كۆزۈم ئۈستىدە ئوينىتىپ ماڭا قىلچە ئارام بەرمىدى. ئانىسى بولسا خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى مېنى ئېلىپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە تېلېۋىزور كۆرگىلى چىقىدۇ. تېلېۋىزور تۈگىگۈچە بۇ قاقشالدەك ئورۇق ئايالنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇۋېرىپ قىينىلىپ كېتىمەن. ئۇ مېنى نە - نەلەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر زۇكامدىتىپ كېسەل قىلىپ قويدى.

بىر كۈنى دادام بىلەن ئانام مېنى يوقلاپ كېلىپ ھالىمنى كۆردى - دە:

«بالىنىڭ تاۋى يوق ئىكەن، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېلەيلى» دەپ ئەپكېتىپ ئىككىنچى ئەكېلىپ بەرمىدى. كېيىن ئانام مېنى ئىش ئارىلىقىدىمۇ يوقلاپ تۇرغىلى بولىدۇ دەپ، ئۆز زاۋۇتىدىكى پېنسىيىگە چىققان بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. ئۇ ئايالنىڭ ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلارغا كىرىپ قالغان، بېقىۋالغان بىر قىزى بولۇپ، بەكمۇ ئاچ كۆز ئىكەن. ھەمىشە سۈتۈمنى ئىچىۋېلىپ، پېچىنە - توقاچلىرىمنى يەۋالاتتى. ئانام بىر كىلوگرام شېكەر ئەكىرىپ بەرسە، ھەپتە ئۆتمەي تۈگىتىپ قويۇپ، گۆشىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇمۇ مېنى سوغۇقتا تالادا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاغرىتىپ قويدى. مېنىڭ ھالىم دوختۇرخانىغا ئاپارمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتتى.

— بالا دوختۇرخانىدا ياتسۇن! — دېدى دوختۇر مېنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن.

ئۆيىمىز يېقىن بولغاندىكىن، بېرىپ - كېلىپ داۋالاتساق بولمامدۇ؟ — دېدى دادام ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا.

ئانام نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر دوختۇرغا، بىر دادامغا قاراپ تۇراتتى.

— ياتمىسا بولمايدۇ. بالىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقتىدا ئەكەلمەپسىلەر، — دېدى دوختۇر ئېچىنغان تەلەپپۇزدا، ئاندىن ئۇ: «ئىلاج بار قۇتقۇزۇۋېلىشقا تىرىشىمىز» دېگەننى قوشۇپ قويدى. بۇ گەپ دادام بىلەن ئانامنى چۆچۈتۈۋەتتى.

مەن ياتاققا قوبۇل قىلىندىم. ماڭا ئاسما ئوكۇل سېلىشتى. ئانام دوختۇرخانىدا مېنى كۈتتى. دادام بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن بىزگە تاماق توشۇدى. دادام بىلەن ئانام مېنى دەپ بەكمۇ قىينالدى، جاپا چەكتى. سەككىز - ئون كۈن بولغاندا، بەختىمگە يارىشا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتىم.

دادام بىلەن ئانام مېنى كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ باقتۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلىگەنىدى. شۇڭا، بىر كىشىلىك مائاشىدىن كېچىپ مېنى ئۆيدە باقىداقچى بولۇشتى. دادام ئانامنىڭ ئىش ئورنى بىلەن ئىككى ئايلىق توختام تۈزۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيدە ئانامنىڭ قولىدا بېقىلىپ ئوبدانلا ئەت ئېلىپ قالدىم. بىراق، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا ئىش ئالدىراش، دەپ ئىدارىسىدىن ئانامنى چاقىرغىلى كەلدى.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە دادام بىلەن ئانامنىڭ بېشى راسا قاتتى. ئويلا - ئويلا ئاخىر دادام بىلەن ئانام «ئۆيگە بالا باقىدىغانغا ئۆي خىزمەتچىسىدىن بىرنى ئەكېلەيلى» دېگەن يەرگە كېلىشتى. ئۆي خىزمەتچىسى تېپىش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەسكە چۈشتى. بىر كۈنى ئانام، ئېرىدىن ئەمدىلا ئاجرىشىپ بارار يېرى يوق يۈرگەن بىر ئايالنى تېپىپ كەپتۇ. ئۇ ئايال

بىزنىڭ ئۆيدە مېنى ئەمەس، ئۆزىنىلا باقتى. ھەممىشە ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە تاماق ئېتىپ يەيتتى. ئاندىن مېنى مەجبۇرىي ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزىنى ياساپ بازارغا قاچاتتى. مەن بەكمۇ ئورۇقلاپ كەتتىم. ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغۇدەك يۈزى قالمىغاندا كېتىپ قالدى.

دادام مېنى بىر ئاغىنىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شەھەردىن قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىغا ئاچىقىپ بەردى. ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقان ئايال مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ئوبدان باقتى. بىراق، بۇ ئۆيدىكى توققۇز جاندىن تۆتىسى تىلسىز ئىكەن. مەن ئۇلاردىن تىلسىزلارنىڭ گەپ قىلىشىنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالدىم. شۇڭا دادام بىلەن ئانام مېنى يوقلاپ چىققاندا ئۇلارغىمۇ ئىشارەت بىلەن گەپ قىپتىمەن. بۇنى كۆرگەن ئانام: «ۋاي ئاتام، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ پېشانىسىنى تۇتۇپ داڭقېتىپ قالدى. داداممۇ «بۇ يەردە تۇرىۋەرسە تىلىنىڭ چىقىشى تەس بولغۇدەك» دېگەن يەرگە كېلىپ مېنى ئېلىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمىدى.

مەن ساقسىز بولۇپ قالغان بىر كۈنى بۇ ئۆيدىكىلەر ئوغلىنى بىزنىڭ ئۆيگە خەۋەر قىلىپ قويۇشقا ئەۋەتكەندىلا، دادام بىلەن ئانام چىقىپ مېنى ئەكېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ تىلسىز بولۇپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلدۇم. لېكىن، سەرگەردانلىق تۇرمۇشۇمدىن تېخى قۇتۇلالمىدىم.

شۇڭا ھەممىشە خىتاب قىلىپ ئۈنلۈك ۋارقىرايمەن: «ئاھ مېنىڭ سەرگەردانلىق تۇرمۇشۇم. سەن يەنە قاچانغىچە داۋاملىشارسەن. مەن يەنە قايسى ئوتتا كۆيۈپ، قايسى سۇدا ئاقارمەن؟ ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ يەنە نەلەردە بويۇن قىسىپ يۈرەرمەن؟ . . . »

بىر كۈنى مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ مېنى بىر ئامال قىلىپ

يەسلىگە بېرىش ئۆيى بارلىقىنى بىلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.
دادام ئەتىسى مېنى كۆتۈردى ـ دە، ئىدارىسىگە ئېلىپ باردى. ئەمما، هايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ چىرايىنى يەنە غەم بېسىپ روهى چۈشۈپ كەتتى.
دادام ئەنە شۇنداق مەيۈسلۈك ئىچىدە مېنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يولدا دادامغا «كەچلىك گېزىتى» نىڭ ئامىنە ئىسىملىك بىر قىز مۇخبىرى ئۇچراپ قالدى. ئۇ قىز دادام بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، دادامدىن مېنىڭ ئەهۋالىمنى ئۇققاندىن كېيىن:
— نەنلياڭ ئاهالە كومىتېت قارىمىقىدا بىر يەسلى بار دەپ ئاڭلىدىم. بولسا شۇ يەرگە ئاپىرىپ بېرىڭ، ئۇلار قوبۇل قىلسا ئەجەب ئەمەس! — دېدى.
دادام بۇ ئۇچۇردىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. مېنى ئاشۇ يەرگە ئاپاردى. دېگەندەك ئۇلار مېنى نائۇمىد قويمىدى. مېنى بۇ كىچىككىنە يەسلىگە قوبۇل قىلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ دادام مېنى كۈندە دېگۈدەك ئەتىگەندە بەش ئاپتوبۇس بېكىتى يىراقلىقتىكى ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. كەچتە يەنە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. توۋا، دادا بولغۇچىغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىيىن ئىش بولماس، ئاپتوبۇس ئىچىدىكى قىستاڭچىلىقنى دېمەيسىز تېخى! قىسىلىپ ـ سوقۇلۇپ، جان ـ پېنىمىز چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ.
ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر ئەتىگەنلىكى دادام مېنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، دادامغا يېقىن بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ قالدى.
— ئاخشام بىرسىنىڭ ئۆيىگە مېهماندارچىلىققا كېلىپ كەچ قېلىپ قونۇپ قالغان ئوخشىمامسەن! — دېدى ئۇ ئاغىنىسى دادامغا.
دادامنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك

ئاڭلاندى.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟

— ئەمىسە، ئەتىگەندىلا بالا كۆتۈرۈپ، بۇ يەردە يۈرسەنغۇ؟

— نېمىگە بولاتتى؟ مۇشۇ مەھەللەڭدىكى ئاھالە كومىتېت يەسلىسىگە ئەتىگەندە بالىنى ئەكىلىمەن، كەچتە يەنە ئېلىپ كېتىمەن،— دېدى دادام ئاغىنىسىغا چۈشەندۈرۈپ.

بۇنى ئاڭلاپ ئاغىنىسى ھەيران قالدى.

— ھوي، ئىدارەڭلارنىڭ يەسلىسى بارغۇ؟

دادام ئېنىق جاۋاب بەردى:

— ئىككى ياشتىن كىچىكلەرنى قوبۇل قىلمايدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادامنىڭ ئاغىنىسىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى.

— ھە؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ مۇنداق ئەمەلىي قىيىنچىلىق ھەل قىلىنمىسا، ئاتا - ئانىلار قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ ئۇلار ئۆز ئىدارىسىنىڭ يەسلىسى بولغاندىكىن، ئۇنى - بۇنى دېمەي، ئىككى ياشتىن كىچىكلەرنىمۇ ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىشى كېرەك - تە.

— بۇرۇن شۇنداق ئىكەندۇق!

— ھازىر تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك - تە!

— ھازىر ئۇنداق قىلمايدىكەن.

— ئۇنداق قىلمىسا، بۇ تازىمۇ بىر قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ - دە!

كۇنلەر ۋە ئايلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى. نەتىجىدە مەن ئانام بىلەن دادامنىڭ كۆيۈپ - پىشىپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى ۋە يەسلىدىكى بالا باققۇچى خانىم - قىزلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن ئاخىر مېڭىشنى ئۆگەندىم.

— ئەي خالايىق! كۆرمىدىم، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار،

مەنچۇ. . . خېلى ئۇزاق يەرلەرگىمۇ ئۆزۈم مېڭىپ بارالايدىغان بولدۇم. بۇ ھاياتىمدىكى چوڭ بۇرۇلۇش، مانا مەن بۇگۈندىن باشلاپ ئۆزىمىزنىڭ قورۇيمىزدىكى كۆركەم، ھەيۋەتلىك يەسلىمىزنىڭ ئەزاسى بولۇش لاياقىتىگە ئىگە بولدۇم. ئاتا ـ ئانامنىڭمۇ ئەمدى ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. مەن ئۇچۇن بۇ نېمىدېگەن چوڭ بەخت!

ئىسىت مېنىڭ سەرسانلىقتا ئۆتكەن قىممەتلىك ھاياتىم، ئېخ! مېنىڭ ئۇزۇندىن بېرى قەلبىم تەلپۈنگەن يەسلىيىم!!

# يارايسەن، ئوغلۇم

ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى تۈن يېرىمىغىچە ئۇخلىماي خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقان ئەركىنىنىڭ يۇپيۇمىلاق يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەركىــن ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغان ئىدى:

ئۇ ئاخشام ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگەندە، يەردە بىر نەرسىنىڭ پارقىراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇ. ئىتتىك بېرىپ قارىسا بىر قول سائىتى ئىكەن. بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللانغان ئەركىن سائەتكە قىزىقىش بىلەن سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ بېقىپ «ھەقىقەتەن ياخشى سائەت ئىكەن، تېخى چېسلاسىمۇ بار ئىكەن، كېچىسى كۆرگىلىمۇ بولىدىكەن؟ . . .» دەپ ئويلىدى - دە، ئاندىن: «ھېچكىمگە دېمەي، ئۆيگە ئاپىرىپ ساندۇققا سېلىپ ساقلاپ، چوڭ بولغاندا تاقايمەن» دېگەننى دەماللىققا كۆڭلىگە پۈكتى. مۇشۇ شېرىن ئويى بىلەن ئۇ ئۆزىچە خۇشال بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى ئانچە ئۇزاققا بارالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ: «ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ، كۆز قىرىنى سالماسلىق كېرەك» دېگەن سۆزى جاراڭلىغاندەك بولدى. ئاندىن بايىقى قاملاشمىغان ئويلىرى ئۇچۇپ بېشى تۆۋەن چۈشۈپ، يۈزى قىزىرىپ كەتتى. تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى. بۇ چاغدا ئۇ كۆڭلىدە: «مۇئەللىم توغرا ئېيتىدۇ، كىشىنىــڭ نەرسىسىدە مېنىڭ ھەققىم يوق، ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ

بىرىشىم لازىم» دېگەننى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى يەنە ئېچىلىپ، چېھرىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى. ئەركىن تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا كەينىدە كېلىۋاتقان باللارمۇ يېتىشىۋالغانىدى. ئۇلار ئەركىننىڭ قولىدىكى چىرايلىق سائەتنى كۆرۈپ:

— ئەركىن، سېنىڭ بەختىڭ باركەن جۇمۇ؟ — دېيىشتى.

بۇ پاراڭنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا كىنوخانىدىن چىققان سەمەت ئىسىملىك چوڭراق بىر بالا كېلىپ قالدى. ئۇ ئەھۋالنى بىر قۇر ئۇققاندىن كېيىن: «ئەركىندەك بۇنداق گول نېمىنى ئاسانلا گەپكە كۆندۈرۈپ، سائەتنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالامدىمەن. كېيىن سائەتنى سېتىپ، پۇلىغا ئاشخانىغا كىرىپ ئېسىل تاماقلارنى يەپ، كاۋاپ بىلەن پىۋا ئىچىپ، كىنو كۆرۈپ، ئىككى - ئۈچ كۈننى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەمدىمەن!» دېگەن شېرىن ئوي بىلەن ئەركىنگە يېقىنچىلىق قىلىپ ھىجايدى. ئاندىن:

— ئۇكام، «تاپقان تاپىلاق، ئەنجۈر ياپىلاق» دەپتىكەن. سائەت ئەمدى سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ بولدى. قانداق قىلىمىز دېسەڭ ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى. بۇنى ھېچكىمگە دېمەي، ئەتە سېتىپ پۇلىنى بۆلۈشىۋالساقمۇ ياكى بىللە خەجلىسەكمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەكەل، ئەتىگىچە سائەت مېنىڭ يېنىمدا تۇرسۇن. سائەتنى مەن ساقلاي! — دېدى - دە، قولىنى سائەتكە ئۇزاتتى.

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. بۇ سائەتتە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى ئەركىن قەتئىيلىك بىلەن.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى تالاش - تارتىش قىلىشتى، ھەتتا قىزىرىشىپمۇ قالدى. بۇ چاغدا ئەركىننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ئاچچىقى تازا كەلگەنىدى.

ئەركىن ئاشۇ ئىشلارنى ئويلاپ، ئۇخلىيالماي ياتاتتى،

«تېزرەك تاڭ ئاتسا مەكتەپكە بېرىپ، سائەتنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بەرسەم، ئاندىن ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مۇئەللىم ئۆزى بىر ئامال قىلىدۇ» دېگەن ئويلار بىلەن قاچاندا، ئۇيقۇ قۇچىقىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ئەركىن چۆچۈپ ئويغانغاندا، تاڭ قۇچاق ئاچقانىدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيدى. يۈزىنى چالا - پۇلا يۇيۇپ بىر پارچە ناننى ئالدى - دە، ئالدىراش سىرتقا قاراپ ماڭدى.

لېكىن، ئۇ ئىككى قەدەم ماڭا - ماڭمايلا ئۇنى ئانىسى ئايىمخان توختىتىۋېلىپ:

— مانا ماۋۇ چېيىڭنى ئىچىپ ماڭساڭمۇ كېچىكمەيسەن! — دەپ نان چىلاقلىق چوڭ چىنىنى شىرە ئۈستىگە قويدى.

ئايىمخان ئۆز ئوغلىنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ زوقلىناتتى. ئوغلىنىڭ غەمدىن خالىي چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىدە ئىچ - ئىچىدىن كۆڭلى يايراپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ مەستلىكى كېلەتتى. ئۇ ئاخشام ئوغلىنىڭ تېپىۋالغان سائەتنى قانداق قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئوبدان ئويلاپسەن ئوغلۇم، تېپىۋالغان نەرسىنى چوقۇم ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. بۇ ئېسىل خىسلەت!» دېگەنىدى. ئۇ ھازىر چېيىنى ئىچىپ بولغان ئوغلىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۈستۈبېشى ۋە گالستۇكىنى تۈزەشتۈردى - دە، ئاندىن:

— ئەمدى ماڭساڭمۇ بولىدۇ. سائەتنى مۇئەللىمىڭگە تېزرەك تاپشۇرۇپ بەر. ئاندىن مۇئەللىمىڭمۇ سائەتنى ئۆز ئىگىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ! — دېدى. ئەركىن:

— ماقۇل، — دېگىنىچە يۈگۈرگەن پېتى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ سەل - پەل ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئارسالدى بولۇپ تۇرغىنىدا،

بەختىگە يارىشا ئۆيدىن ئوقۇتقۇچىسى چىقىپ قالدى. ئوقۇتقۇچى ئەركىننىڭ مەكتەپكە شۇنچىۋالا ئەتىگەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا «نىمە ئىش بولدى؟» دېگەن مەنىدە قارىدى.

— نىزامىدىن مۇئەللىم، ماۋۇ سائەتنى ئاخشام يولدىن تېپىۋالدىم. ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسىڭىـــز! — دېدى ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ.

— يارايسەن! — دېدى ئوقۇتقۇچى ۋە ئەركىننىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى. ئەركىننىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.

نىزامىدىن مۇئەللىم سائەتنى مەكتەپ مۇدىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ساقچىخانىدىن يىتتۈرگەن سائىتىنى تاپشۇرۇۋالغان ئىنژېنېر ئەخمىدى ساقچىخانا باشلىقىنىڭ:

— سىز ئاۋارە بولماڭ، بىز سىزگە ۋاكالىتەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ قويدۇق، — دېگىنىگە ئۇنىماي، مەكتەپكە ئۆزى كەلدى.

*　　*　　*

ئەركىن پاكىز، رەتلىك ۋە ئازادە مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە بۇ يەردە ئىشىككە قاراپ ئولتۇرغان، چېكە چاچلىرىغا ئاق سانجىغان ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ پېشانىلىك، يۈزى سەل سوزۇنچاقراق كەلگەن بىر كىشى ئۇنى كۆرۈپلا:

— بۇ سەنمىدىڭ، ئەركىن؟ — دېدى ـ دە، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، ئەركىننىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى.

— ئەخمىدى ئاكا، سىز...؟ — ئەركىنمۇ ھاياجاندا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

بۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرى خۇشاللانغان ھالدا:

— ھە، سىلەر تونۇشكەنسىلەرغۇ؟ — دېدى ئەخمىدى بىلەن ئەركىنگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ.

ئەخمىدى بىلەن ئەركىننىڭ چىرايىدىن ھەيران قېلىش، ھەم خۇشاللىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھالدا ئۇچرىشىپ قېلىشلىرىنى خىياللىرىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

* * *

«سۇرۇشتۇرسەڭ يات ئادىمىڭ يوق!» دېگەندەك ئەخمىدى بىلەن ئەركىن ئادەتتىكى تونۇشلاردىنلا ئەمەس، بەلكى ئاتا - بالىدەك بولۇپ قالغان ناھايىتى يېقىن تونۇشلاردىن ئىدى.

ئەركىننىڭ غەم - قايغۇنى بىلمەيدىغان يەتتە - سەككىز ياشلىق چاغلىرى بولسا كېرەك، چىرايلىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە لايدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ياساپ ئويناشقا ئامراق ئەركىن تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، لايدىن ئادەم، ئات ۋە تانكا قاتارلىق ئويۇنچۇقلارنى ياساپ ئويناپتتى. پەقەت، قورساقلىرى ئېچىپ، ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەندىلا ئۆيگە قايتىشنى ئاندىن يادىغا كەلتۈرەتتى.

— يۇرۇڭلار، ئەمدى كېتىمىز! — ئەركىن لاي قوللىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا بىرىنچى بولۇپ باردى. ئۇ يەر بەك تېيىلغاق بولغاچقا ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. دەھشەتلىك ئېقىن ئۇنى نەلەرگىدۇر ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن دوستلىرى:

— ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! — دەپ تۆت ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ، جېنىنىڭ بارىچە توۋلاشتى. بۇ ئاۋاز جىمجىتلىقتا چۆمگەن ئۆستەڭ بويىنى تىترىتىۋەتتى.

دەل شۇ چاغ بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى يولدا

ۋىلىسپىتلىق كېتىۋاتقان بىر كىشى بۇ ۋەھىمىلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. ئۇ سۇدا بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋاتقان بالىنى كۆرۈپ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۆزىنى شىددەتلىك ئېقىۋاتقان دولقۇنغا ئاتتى. ئۇ دولقۇنلار بىلەن خېلىغىچە قاتتىق ئېلىشىپ ئاخىر ئەركىننى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى.

ئەركىن ھوشىدىن كەتكەنىدى. كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، ئاغزى - بۇرنىدىن بۇژۇلداپ كۆپۈك چىقىۋاتاتتى. يۈزلىرى تاتىرىپ قورسىقى كۆپتەك كۆپۈپ كەتكەنىدى. ھېلىقى كىشى ئەركىننىڭ ئىككى پۇتىنى ئەپچىللىك بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىۋىدى، ئەركىننىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ يانغىلى تۇردى. ئاندىن بۇ كىشى ئەركىننى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئانىمۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قوياي دېگەن ھالدا دوختۇرخانىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. تىترىگەن قوللىرى بىلەن بالىسىنىڭ بېشىنى سىلايتتى. دوختۇرلاردىن ئوغلىنى تېزرەك خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تىلەيتتى.

ئانىنىڭ چىرايىدىن تەشۋىش ۋە خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. دوختۇرلار كۆيۈنۈپ داۋالىغاچقا بالا ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ قىمىرلاشقا باشلىدى. ئانا ئىچى سىيرىلغان ھالدا ئوغلىغا قاراپ:

— جېنىم قوزام . . . كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭا بىر قارىغىنا؟ . . . — دېگەننى ھېلىدىن - ھېلىغا تەكرارلايتتى.

بىر چاغدا ئەركىن ئانىسىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندەك ئاستا كۆزىنى ئاچتى:

— ئانا. . . ئانا! — ئۇ ئانىنىڭ پەرىشان ۋە غەمكىن چىرايىغا قارىدى. ئەركىن بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ كىشىنىڭ

كىملىكىنى، بۇ يەردە نېمىشقا ئۆزىگە مۇنداق قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى.

— بالام، بۇ كىشى سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان تاغاڭ بولىدۇ! — دېدى ئانىسى.

ئەركىنىنىڭ سەبىي چىرايىدا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى كۆرۈندى.

ئارىدىن بەش - ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەركىنمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى.

* * *

— يارايسەن ئوغلۇم! — دېدى ئەخمىدى بىر خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدا، — ئۇستازلىرىڭ ۋە ئاتا - ئاناڭ سېنى ياخشى تەربىيىلەپتۇ، مەن سېنى بۇ ئۇتۇقلىرىڭ بىلەن تەبرىكلەيمەن!

— ئەخمىدىكا، ئەگەر سىز شۇ چاغدا ھاياتىمنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسىڭىز، — ئەركىن چاقماقتەك سۆزلەپ كەتتى، — مەن ئاللىقاچان بۇ ئالەمدە بولمىغان بولاتتىم. ئۇستازلىرىم ۋە ئاتا - ئانام مېنى ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلىمىگەن بولسا مۇنداق ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلالمايتتىم...

ئەركىن شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، ئەخمىدى يېنىدىن قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ، ئەركىنىنىڭ «ياق، ئۇنداق قىلماڭ... ئالمايمەن!» دېگەنلىرىگە ئۇنىماي قەتئىيلىك بىلەن: «ئالمىساڭ سەندىن كۆڭلۈم رەنجىپ قالىدۇ، مەندىن ساڭا خاتىرە بولۇپ قالسۇن» دەپ، قەلەمنى زورمۇ زور ئۇنىڭ مەكتەپ كىيىمىنىڭ يانچۇقىغا قىستۇرۇپ قويۇشقا ئۈلگۈردى.

# ياشاپ كېتىك تاغا

ئاپتوبۇس ئىچى قىستاڭچىلىق بولۇپ، پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى. چوڭ ئادەملەرغۇ چىدايدۇ، لېكىن قاتناپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى باللارغا تەس ـ تە! ئالىم ئاشۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا قاياقتىندۇر بىر بالا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ بوينىغا بوخچىسىنى ئېسىۋالغان ئوقۇغۇچى ئىدى. قارىغاندا ئۇ بەكمۇ قىينىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئالىم ئۇ بالىنى ئالدىغا تارتىپ ئۆزى ئورۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇۋالغان هالدا ئۇ بالىنى گەۋدىسى بىلەن توسۇپ مۇهاپىزەت قىلىپ تۇردى. بولمىسا ئۇ بالىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىنى هېچكىم بىلمەيتتى. بالىنىڭ سەبىي قەلبىدە كەڭ پېشانە، ئۆتكۇر كۆز، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بۇ ئادەمگە كۆچلۈك هۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى. بالا ئالىمغا نېمىدەپ رەهمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي تۇراتتى. بىر چاغدىن كېيىن بالىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئالدىدىكى بىر ئورۇن بوشاپ قالدى. بۇ چاغدا بالا قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

— تاغا، ماۋۇ ئورۇندا ئولتۇرۇۋېلىڭ! — دېدى.

ئالىم ئۇ بالىغا «ئۆزۈڭ ئولتۇرۇۋالغىن!» دەپ شۇنچە زورلاپ باقتى. لېكىن، ئۇ بالا: «سىز تۇرۇپ مەن ئولتۇرۇۋالسام، قانداق بولىدۇ!» دەپ زادى ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئورۇندا ئالىم ئولتۇردى.

— بالام، سەن قائىدە ـ يوسۇنلۇق بالا ئىكەنسەن!

بالا گەپ ـ سۆز قىلماي، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

گەپنى يەنە ئالىم باشلىدى:

— بالام، سەن 16 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟ — دېدى. چۈنكى، شۇ ئەتراپتا 16 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلا بار ئىدى.

لېكىن، كۈتۈلمىگەن يەردىن بالا:

— تاغا، سىز مېنى كىچىك كۆرۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمىكىن، دەپ قېلىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ جاۋاب بېرىش ئورنىغا كۈلۈپ تۇرۇپ سوئال قويدى.

— ئەمىسە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟

— شۇنداق تاغا، مەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

— ئوھوي، نېمە دەيدىغانسەن؟ — ئالىم بالىغا باشقىدىن سەپسېلىپ چىقتى.

بالا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— مەن كىچىك چېغىمدا كېسەل ئازابىنى بەك كۆپ تارتقانىكەنمەن، شۇ ۋەجىدىن بويۇم ئۆسمىدى. بويۇممۇ ئاران بىر مېتىر يىگىرمە يەتتە سانتىمېتىر كېلىدۇ، — ئۇ شۇ گەپنى دەۋېتىپ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى.

— ئۇنداقتا، سەن 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىكەنسەن ـ دە؟ — ئالىم سورىدى.

— ياق تاغا، تاپالمىدىڭىز! — جاۋاب بەردى بالا.

— ئۇنداقتا، سەن جەزمەن شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىكەنسەن، شۇنداقمۇ؟ . . .

— ياق تاغا، يەنە تاپالمىدىڭىز!

— نېمىلا دېسەم ياق، ياق دەيسەن، ئۆزۈڭ دەپ باقە، سەن زادى قايسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيسەن؟

— تاغا، مەن ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيمەن.

بۇ گەپ ئالىمغا تولۇمدىن توقماق چىققاندەك تۇيۇلدى.

— چاقچاق قىلمايۋاتقانسەن؟

— ياق، چاقچاق قىلمىدىم.

— سەن قانداقسىگە ئۇ يەردە ئوقۇيسەن؟ بۇ مەكتەپ دىيوپو يېزىسىدا تۇرسا! . . . ئۇ يەر بەك يىراققۇ؟ . . .
— ئۆيۈمگە يېقىنراق شەھەر مەكتەپلىرىدە ئوقۇش ماڭا نېسىپ بولمىغاندىكىن، شۇ يەردە ئوقۇماي، ماڭا نېمە ئىلاج!
— سەن ئۇ يەرگە شەھەردىن چىقىپ ئوقۇۋاتقان بولساڭ، راستتىنلا بەك جاپا تارتىدىكەنسەن!
— تاغا، مېنىڭ ئۆيۈممۇ يېزىدا.
— سەن يەنە نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، . . . بېشىمنى بەكلا قوچۇۋەتتىڭغۇ؟ . . . دېگىنە، ئۆيۈڭ يېزىدا بولسا، ئۆيۈڭگە قايتماي بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ دېمەك سەن شۇ تاپتا شەھەرگە ئوينىغىلى كىرىپسەن - دە! — ئالىمنىڭ چىرايى سەل جىددىي تۈس ئالدى.
— ياق تاغا، مەن ئوقۇش ئۈچۈنلا ھەر كۈنى شەھەرگە كىرىمەن، شەھەردىن يەنە يېزىغا چىقىمەن. بۇ مېنىڭ ئۆتەر يولۇم. . .
ئالىم ئۇنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بالىدىن يەنە بىردىنلا سورىدى:
— ئۇنداقتا ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى نەدە؟
— چىداۋان يېزىسىدا.
— راستما؟
— راست تاغا، مەن يالغان سۆزلىمىدىم.
ئالىم بابا: «ئۇ مېنى كولدۇرلىتىۋاتامدۇ، نېمە؟» دەپ ئويلىغاندى. ئەمدى ئۇنداق ئويلىمىدى.
— ئۇنداقتا ئەتىگەن سائەت نەچچىدە ئورنۇڭدىن تۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى.
— تۆت يېرىمدا.
— مەكتەپكە بارغۇچە قايسى ئاپتوبۇسلارغا ئولتۇرىسەن؟
— 5 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 1 ـ، 7 ـ، 37 ـ، 27 ـ يول

ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرىمەن، — بالا خۇددى دەرس يادلىغاندەك جاۋاب بەردى.
— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە كۆپ ئاپتوبۇس يوللىرى بۇ؟ ئۇنداقتا بۇ يول تولىمۇ مۇرەككەپ، تولىمۇ ئۇزۇن يول بولۇپ كەتتىغۇ؟ . . . جاپا دېگەننى يەتكۇچە تارتىدىكەنسەن دېگىنە، شۇنداقمۇ؟ . . .
— شۇنداق تاغا، شۇڭا دەسلەپتە ماڭىمۇ بەك تەس كەلدى. كېيىن بارا - بارا كۆنۈپ قالدىم.
— مەكتەپكە بېرىپ - كېلىشكە نەچچە سائەت كېتىدۇ؟
— تۆت سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ، — مەكتەپكە شۇنداق سەھەر كېتىپ، كەچ قايتىۋاتقىلى ئۇزاق بولدى، شۇڭا مەھەللىمىزدە يا كۈننىڭ چىققىنىنى، يا كۈننىڭ پاتقىنىنى كۆرمەيمەن.
— مۇنداق يېرىمۇ بارمۇ تېخى؟ . . . ئۇنداقتا بولماپتىغۇ. بۇ بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئالىمنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى.
بىر چاغدىن كېيىن ئالىم بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ بالىغا زەن قويۇپ قارىۋىدى، بالىنىڭ پېشانىسىدىكى تارتۇقنى كۆرۈپ قالدى، ئاندىن خۇددى چۆچۈگەندەك بولۇپ:
— ھەي بالا، بۇ نېمە ئىش؟ . . . بۇ يېڭى ساقايغان تارتۇق ئىزىغۇ؟ — دەپ سورىدى.
بالا بىر كۈنى ئاپتوبۇسقا چىقالمايۋاتقان ساۋاقدىشىغا ياردەملىشىۋاتقاندا، ئاپتوبۇس ئىشىكىنىڭ تۇيۇقسىز يېپىلىپ كېتىپ بېشىنى قىسىۋالغانلىقىنى، بىلەت ساتقۇچى قىزنىڭ شۇئان ئۆزىنى قىزىلتاغ يېنىدىكى دوختۇرخانىغا ئاپارغانلىقىنى، دوختۇرلارنىڭ يېرىلغان يەرنى بەش - ئالتە يىپ تىككەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.
ئالىم سەل تۇرۇۋېلىپ:

— ئۆيۈڭگە بارغىنىڭدا ئاتا ـ ئاناڭ بىر نېمە دېمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتا ـ ئانام بېشىمنىڭ يېرىلغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ قورقۇپ كېتىشتى. «ئوقۇمىغان كىشى نېنىنى تېپىپ يېيەلمەيدۇ، دەپ كىم دەپتۇ!» دەپ مېنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالماقچى بولۇشتى. بىراق، مەن ئۇنىمىدىم. مەن ئۇلارغا يىغلىنىپ تۇرۇپ: «سىلەر ماڭا ئاكاڭ ئوقۇيالمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن ئاجىزراق بالا بولۇپ قالىدىغان ئوخشايسەن (كىچىك ۋاقتىمدا چىمچىلاق قولۇمنى سۇ چىقىرىش ماشىنىسى ئۈزۈۋەتكەنىدى)، شۇڭا بىز ھەر قانچە جاپا تارتساقمۇ سېنى ئوقۇتمىساق بولمايدۇ، شۇڭا سەنمۇ جەزمەن تىرىشىپ ئوقۇ، دېگەنتىڭلارغۇ؟ . . . ئەمدى كىچىككىنە پېشكەللىككە يولۇققىنىمنى كۆرۈپ، مېنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالماقچى بولغىنىڭلار نېمىسى؟ مەن سىلەر ئۈمىد قىلغاندەك ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە خەلققە پايدىلىق ئادەم بولسام ئوبدان ئەمەسمۇ؟ . . .» دېدىم. ئۇلار ئاخىر مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قايىل بولۇشۇپ، داۋاملىق ئوقۇشۇمغا يول قويۇشتى.

ئاڭغىچە ئاپتوبۇس شىمالىي دەرۋازا بېكىتىگە كېلىپ قالدى. بالا ئاپتوبۇستىن ئالىم بىلەن بىللە چۈشتى. ئۇ خوشلىشىپ ئەمدى ماڭاي دېيىشىگە ئالىم ئۇنى چاقىرىۋېلىپ:

— بالام، توختىغىنا؟ سەندىن بىر ئىشنى سورىۋالاي، سېنىڭ شەھەر مەكتەپلىرىگە يۆتكىلىۋېلىشىڭغا ئاتا ـ ئانىلىرىڭ يول مېڭىپ باقمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بالا سەل تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن:

— خېلى مېڭىپ باقتى، — دېدى بالا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — بىراق باشقا ئىلىپ چىقالمىدى، — ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مەيۈس ئىدى.

— ئۆيىمىزگە يېقىن پەرزەنتلەر مەكتىپى «بىزنىڭ بالىمىز

ئەمەس» دەپ ئالىمدى. شەھەر ئىچىدە ئۆيى ئوتتۇرا مەكتەپكە يېقىنلا، ئۆزى مەھەللە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى. ئۇ «مەن يالغۇز، بۇ بالا ماڭا ھەمراھ بولغاچ مەكتىپڭلاردا ئوقۇسۇن» دەپ مەكتەپ رەھبەرلىكىگە شۇنچە يېلىنىپ باققان بولسىمۇ ئۇلارمۇ: «بۇ بالا بىزنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تەۋەلىكىمىزدە ئەمەسكەن» دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى...

ئالىمنىڭ چىرايى شۇئان خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنى: «بۇ قانداق جاھان بولۇپ كەتتى... بىر بالا مەكتەپتە ئوقۇي، دەپمۇ ئوقۇيالمىسا... بۇ نادانلىقتىن، قالاقلىقتىن دېرەك بەرمەمدۇ؟...» دېگەن ئويلار چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا سورىدى:

— شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ باقماپتىمۇ؟

— بارسا، ئۇلار بىز شەھەر بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرالمايۋاتقان يەردە، يېزا بالىسىنى قانداق قىلاتتۇق، بىزدە ئامال يوق،— دەپتۇ.

بالىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان ئالىم ئاخىرىدا:

— ساڭا ھەقىقەتەن تەس بوپتۇ. سەن كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغىمۇ سىغمايدىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپسەن... ساڭا راستىنلا ئىچىم ئاغرىپ قېلىۋاتىدۇ... مەن ساڭا ياردەم قىلاي...

— تاغا، سىز مېنىڭ شەھەر مەكتىپىگە يۆتكىلىشىمگە راستىنلا ياردەم قىلاي دەۋاتامسىز؟ — بالا قىزىقىپ سورىدى.

— ھەئە! — ئالىم خىيال سۈرگەچ جاۋاب بەردى.

— شۇنداق قىلسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى جۇمۇ، تاغا! — بالا خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ، سەكرەپ كەتتى.

ئالىم دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە مۇئەللىملىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. دېگەندەك بىر يەكشەنبە كۈنى ئالىم بالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى. يەنە بىر كۈنى بالا ئالىمنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدا كۆردى.

— بۇ بالىنىڭ شۇنچە يىراقتىن قاتناپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىزمۇ بىلمەيدىكەنمىز،— دېدى مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئىلمىي مۇدىر.

بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلىگەندىن كېيىن ئالىم مەسىلىنىڭ قىيىنلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشنى باشتىن باشلىماقچى بولدى. ئۇ بىۋاستە شەھەر باشلىقى ئىسمائىل مەخسۇتقا راسا كېلىشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يازدى. خەتتە: «1 ـ ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ پەيتتە، بىز ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلار ئۆسمۈر بالىلىرىمىزنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلار ئۈچۈن ئازراق ياخشى ئىش قىلىپ قويساق، ئۇنىڭ ھېچبىر يامىنى بولماس ئىدى. . .» — دېيىلگەنىدى. جىددىي ھەم تەلەپچان سۆزلەر بىلەن كىشىنى ئويغا سالىدىغان بۇ خەتتە نۇرغۇن ئەھۋاللار بايان قىلىنغاندىن باشقا ئەڭ ئاخىرىدا بالىنىڭ تەلىپى يەتكۈزۈلگەنىدى.

بالىنىڭ بەختىگە يارىشا، ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك، يوغان كۆز كەلگەن شەھەر باشلىقى ئىسمائىل مەخسۇت ئوقۇتقۇچىلىقتىن يېتىشىپ چىققان مەرىپەتپەرۋەر ئېسىل ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، دەرھال مائارىپ ئىدارىسىگە «بۇ ئوقۇغۇچى شەھەر مەكتەپگە يۆتكەپ قويۇلسۇن. . .» دېگەن يوليورۇقنى چۈشۈردى.

مانا كۆرۈڭ، باشتا بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەن

شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىمۇ ئەمدى بۇ ئىشقا ئالدىراپ قالدى.
— بۇ بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، بىزمۇ ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلەندۇق! . . . — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.
باشلىق تەستىق سالسا ئىش ئاسان بولىدىكەن ئەمەسمۇ! . . .
ئالىم شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش خېتىنى ئېلىپ، بالىنى كەينىگە سېلىپ، شەھەرلىك 20 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپاردى.
«پاھ، بۇ مەكتەپتە تاغامنى تونۇيدىغان مۇئەللىملەر نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە؟ . . .» دېدى بالا ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇ راستىنلا ھەيران قالغانىدى.
ئالىمنى سىرتىدىن تونۇيدىغان بەزى مۇئەللىملەرمۇ تېخى:
— بۇ سىزنىڭ بالىڭىزمۇ؟ — دەپ ئالىمدىن سوراشتى.
لېكىن، ئالىم ھەر ھالدا چاقچاقچى ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا:
— ھەئە، مېنىڭ بالام! . . . قانداق، ماڭا ئوخشماي تۇرامدۇ؟ — دەپ چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.
بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، ئەتراپتىكى ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. بالىمۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.
— بۇ بالىنى قوبۇل قىلمايمىز، دېمەيمىز، بىراق مائارىپ ئىدارىسى ئوتتۇرا مەكتەپلەر بۆلۈمىنىڭ رەسمىيىتى قېپقاپتۇ، بۇ رەسمىيەت بېجىرىلمىسە، كېيىن ئۇلار بۇ بالىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. بۇ بالا قاراپ تۇرۇپ مەكتىپىمىزدە قارا نوپۇس ئوقۇغۇچى بولۇپ قالمىسۇن! — دېدى مەكتەپنىڭ ئىلمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى رەئىسە خانىم.
ئالىم خىزمىتىنىڭ شۇنچە ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە يەنە بىر قېتىم چاپتى. ھېلىقى رەسمىيەت بېجىرىلىپ كېلىنگەندىن كېيىن مۇئاۋىن مۇدىر رەئىسە خانىم بۇ بالىنى بىر ئەر مۇئەللىمگە تاپشۇردى. ئۇ

مۇئەللىم بالىنى قولىدىن يېتىلەپ بىر سىنىپقا ئەكىرىپ ئولتۇرىدىغان پارتىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ بالا شەھەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. بۇ نېمىدېگەن قالتىس ئىش ـ ھە؟... ئەمدى پەقەت 5 ـ يول بىلەن 3 ـ يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرسىلا بىردەمدىلا بۇ مەكتەپكە كېلەلەيدۇ. بۇرۇن بىھۇدە يولغا كەتكەن ۋاقتىنى ئەمدى ئىلىم ئىگىلەشكە سەرپ قىلالايدۇ...

بالا ئاشۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۆزىگە ياردەم قولىنى سۇنغان كۆيۈمچان ئالىمغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىپ:

— بىز بالىلار ئۇچۇن ئاشۇنداق ئېسىل ئادەملەر تېخىمۇ كۆپرەك بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ — دېدى.

ئۇ ئالىمنى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، يىراقتىن سالام بېرىپ كېلىپ كۆرۈشىدۇ. ئايرىلىدىغان چېغىدا:

— ياشاپ كېتىڭ تاغا! — دەپ خوشلىشىدۇ.

# كىچىك بەڭگى

مەن كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قىستىلىپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا تاماكا خۇمارىم تۇتۇپ، زادى چىداپ تۇرالمىدىم. يانچۇقۇمدىن تاماكا ئېلىپ چەكمەكچى بولدۇم. مەن تاماكىنى ئاغزىمغا ئاپىرىپ ئوت يېقىپ تۇرۇشۇمغا كىمدۇر بىرىنىڭ قولۇمغا «پاققىدە» ئۇرۇشى بىلەن تەڭ تاماكام ئېتىكىمگە چۈشۈپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكىنىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. مەن تاماكا ئۈچقۇنلىرىنىڭ كىيىمىمنى كۆيدۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، كىيىمىمنى قېقىشتۇردۇم. كىيىم - كېچكىم ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتسە، كۆرگەن كىشى مېنى تاماكا چېكىدىكەن، دېمەمدۇ؟ . . . دېگەنلەرنى ئويلىدىم. تاماكامنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئادەمگە نىسبەتەن غەزىپىم قايناپ - تاشتى. لېكىن، مەن ئۇ كىشىنىڭ يېنىمدا تۇرغانلىقىنى كۆرسەممۇ، بىراق ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى مەن تونۇشلاردىن بىرەرسى، بولۇپمۇ ئاچچىقى يامان دادام ياكى تاماكا چەكمەيدىغان تاغام بولۇپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ، دەپ دەككە - دۈككە ئىچىدە قارا تەرگە چۆمدۈم. ئۆزۈمنىڭ بىخەستەلىك قىلغىنىمغا بەكمۇ پۇشايمان يېدىم.

«هوي، ئۇ تونۇش - بىلىش ياكى دادام ۋە تاغام ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى بولۇپ قالسا بۇ چاغقىچە ماڭا ئاچچىقلىنىپ گەپ قىلماي قالامتى؟» دېگەن ئوي كاللامغا كېلىپ، كۆڭلۈم بىردىنلا ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ئاندىن

مەن ئاستاغىنا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. خۇداغا شۈكۈر، تونۇشمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇ بەستلىك، يوغان كۆز، قاڭشارلىق كىشى بولۇپ، ماڭا قارىغىنىچە چەكچىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئېچىنىش ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يات ئادەملىكى ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنىدى. تۇرۇپلا خىيالىمغا مۇنداق بىر ئوي كەلدى: «خەقنىڭ مەن بىلەن نېمە كارىكىنە؟... نېمىشقا قولۇمغا ئۇرىدۇ؟ ئادەم ئۇرۇشنىڭ خاتالىقىنى بىلمەيدىغان قانداق ئادەم بۇ؟...» دەپ تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىر قەپەس ئېلىشقۇم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆزۈمنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلدىم. بۇ چاغدا ئۇ:

— بەك نوچى ئوخشىمامسەن؟ بىلىپ قوي، ئاپتوبۇس ئىچىدە سەندەكلەر تۇگۇل، بىزدەك چوڭلارمۇ تاماكا چەكمەيدۇ. مەنغۇ تاماكا دېگەننى زادىلا ئۆزۈمگە يولاتمىغان ئادەممەن. سەن كۆپ بولساڭ ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشقا كىرگەنسەن. مۇشتۇمدەك تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشىڭنى قارا، مۇنداق قىلىشقا ئۇيالمامسەن؟! — دېدى.

مەن بۇرۇن: «جاھان دېگەندە تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم يوق، تاماكا چېكىش كىشىگە تېخى سۆلەت بېغىشلايدۇ» دېگەن تونۇشتا بولۇپ كەلگەنىدىم. لېكىن، بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ تاماكا چەكمەيدىغىنىنى دەۋاتىدۇ. راستتىنلا تاماكا چەكمەيدىغان ئادەممىدۇ ياكى ماڭا شۇنداق دەپ قويۇۋاتامدىغاندۇ؟...

— كىمىڭنى كۆزگە ئىلمايسەن. مەن سېنىڭ قۇلىقىڭنى سوزۇپ داداڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن!...

بۇ ئادەم دادامنى راستتىنلا تونۇمدىغاندۇ؟ ئەگەر راست شۇنداق قىلسا، دادامدىن ئۆلگۈچە تاياق يەيدىكەنمەن - دە، بۇمۇ دادامنىڭ «يامان باللارغا ئارىلاشما، ئەگەر تاماكا چېكىدىغان بولساڭ، ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن» دېگەن سۆزىنى

ئاڭلىمىغانلىقىمنىڭ كاساپىتى ـ دە؟ . . . تېخى باياتىن بېرى بۇ ئادەم بىلەن بىر قەپەس ئېلىشمەن دەپ ئويلىغانلىرىمچۇ؟ . . .

— قانداق، داداڭنىڭ يېنىغا ئاپىرايمۇ؟ . . . — دەپ سورىدى ئۇ ئادەم.

مەن ئىچىمدە: «سىز دادامنى تونۇمتىڭىز؟ . . .» دېيىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي، ياۋاشلىق بىلەن ئارانلا:

— بۇنىڭدىن كېيىن تاماكا چەكمەسەم بولمىدىمۇ؟ . . . — دېيەلىدىم.

— مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ؟

ئۇ مېنىڭ ئاغزىمدىن مۇشۇنچىلىك گەپنى ئاسانلا چىقىدۇ، دەپ ئويلىمىغاندەك قىلاتتى.

— راست! — دېدىم. ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلەپ سەپسالدىم. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ گېپىمگە ئىشىنىۋاتقان ياكى ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم. قارىغاندا مېنىڭ گېپىم ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چىرايىغا «ۋىللىدە» قىلىپ كۈلكە يۈگۈرگەندەك بولدى. بۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

— مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟ — سورىدى ئۇ.

باياتىن بېرى مەن ئۇنىڭ مۇشۇ سوئالنى سورىمىغىنىغا خۇشال بولغانىدىم. ئەمدى بۇ سوئالمۇ پېشانەمگە قويۇلدى. ئەمدىلىكتە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشۇمنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. شۇڭا:

— ئوقۇيمەن! — دېگەن سۆزنى ئاغزىمدىن ئاران چىقىرالىدىم. ئۇ ئەسلىدە مېنى مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ ياكى بۇرۇن ئوقۇغان بولسىمۇ، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن توختاپ قالغان باللار قاتارىدا كۆرگەن. شۇڭا، جەمئىيەتتىكى كەلسە ـ

كەلمەس باللارغا ئارلىشىپ قېلىپ، تاماكا چېكىدىغان يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغان دەپ ئويلىغان. ئەمدى مېنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچى تۇرۇپ تاماكا چەكسە، تېخىمۇ بولمايدۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇ ئىشقا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— ئۇ مېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، — ئۇنداقتا مۇئەللىمىڭ ساڭا تاماكىنىڭ زىيىنى توغرىسىدا تەربىيە بەرمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ بۇ قېتىم بۇ سوئالنى جېنىمدىن ئۆتكۈدەك قىلىپ تەسىرلىك سورىدى. چىرايىدىن ئاچچىقىنىڭ تېخى يانمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن بۇ سوئالنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچىلىق شەنىمگە داغ كەلتۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ بەك ئىزا تارتتىم. يۈزلىرىم ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. شۇڭا مەن ناھايىتى بوش ئاۋازدا:

— تەربىيە بېرىدۇ! — دېگەننى ئاران دېيەلىدىم. ئاۋازىمنىڭ بەكمۇ مەيۈس چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزۈممۇ سېزىپ تۇرۇۋېتىمەن. ئاندىن، — ئېسىمدە تۇتىمەن! — دېگەننى قوشۇپ قويدۇم.

— ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىسىنى ئەستە تۇتماسلىق، ياخشى ئىش ئەمەس. زادى ياخشى ئىش ئەمەس، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — تاماكا ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن زىيانلىق، تاماكا چەككەندە ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زىيىنى يېتىدۇ. ئۆزىدىن كۆرە باشقىلارغا تېخىمۇ كۆپرەك زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئۇ ماڭا زەن سېلىپ:

— گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاڭلاۋاتىمەن! — دېدىم مەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ كىشىنىڭ ماڭا تەربىيە بېرىپ

دەۋاتقان گەپلىرىنى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ، زېھنىم بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدىم.

— ئۇنداق بولسا، شۇنىمۇ بىلىپ قوي، — دېدى ئۇ مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي. ئۇ ئاللىبۇرۇن ئالدىمدىكى بوشىغان ئورۇندا مەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغانىدى، — تاماكا چەكمەيدىغان كىشى تاماكا چېكىدىغانلارنىڭ يېنىدا بىر سائەت تۇرسا تۆت تال تاماكا چەككەنگە باراۋەر بولىدۇ. چۈنكى، تاماكا دېگەن بۇ زەھەرنىڭ ئاچچىق ھىدى تاماكا چەكمەيدىغانلارنىڭ دىمىغىغا تېخىمۇ بەكرەك ئۇرۇلىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا «تاماكا چەكمەڭلار» دەپ يېزىپ قويۇشنىڭ سەۋەبىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. . . بۇنى چۈشىنىۋاتامسەن؟

مەن باش لىڭشىتىپ، «چۈشىنىۋاتىمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈردۈم. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى قەلبىمگە خۇددى قوغۇشۇندەك قۇيۇلۇۋاتاتتى.

مەن ئىچىمدە: «بۇ ئادەم خۇددى ئوقۇتقۇچىلاردەك بەك بەلەن سۆزلەيدىكەن، ئوقۇتقۇچىمىدۇيا؟ . . .» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇمۇ خۇددى مېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇمنىڭ ئۆزىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىشكە تىرىشىۋاتقاندەك ماڭا زەن سېلىپ قاراۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ:

— كىچىك بالىلارنىڭ، بولۇپمۇ بوۋاقلارنىڭ ئىسقا بولغان سەزگۈرلۈكى ھەممىدىن كۈچلۈك. بۇنى ئالىملار سۈت ئېمىۋاتقان چاشقان بالىسىنىڭ تۇمشۇقىنى ئىسقا تۇتۇپ كۆرۈش ئارقىلىق تەجرىبە قىلغان. نەتىجىدە ئۇ چاشقان بالىسى سۈتنى ئىچەلمىگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، كىچىك بالىلار تاماكا ئىسىنى پۇراپ قالسا، ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىمايدۇ. بالىلارنىڭ تاماق خىللايدىغان ئادىتىمۇ شۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئولتۇردۇم. بۇ مېنىڭ قوشۇلىمەن دېگىنىم ئىدى.

ئارىغا بىر ئاز جىمجىتلىق چۈشتى. كېيىن ئۇ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن مەن ساڭا بۇ گەپلەرنى دېدىم. سەن يەنە ئون يىل ياكى ئون بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ ئىشلارنى بىر ئەسلەپ باق. بۇنى ئەسلىگەننىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. ناۋادا سەن ئۇ چاغدا تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم بولۇپ چىقساڭ، مېنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىمگە ۋە ئۆزۈڭنىڭ غەيرىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇيسەن. ئەگەردە سەن تاماكا چېكىدىغان ئادەم بولۇپ چىقساڭ، مېنى ئۇ چاغدا كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەن ـ دە، ئاشۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تاماكا چەكمىسەم بوپتىكەندۇق، ئەمدى پۇشايمان ئالدىغان قاچا يوق، دەيسەن. چوقۇم شۇنداق دەيسەن.

شۇنداق قىلىپ بىز خېلى ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئابدۇقادىر ئىكەن. مەن ئىسمىمنىڭ سەمەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم. مەن ئۇ ئادەمنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قالغانىدىم. دەسلەپتە بۇنى سوراشقا خىجىل بولدۇم. ئەمدى قارىسام، ھازىر سورىساممۇ بولغۇدەك. شۇڭا مەن باياتىنقى پەرىزىمنى ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈن سورىدىم:

— سىز ئوقۇتقۇچىمۇ؟

ئۇ ئادەم كۈلۈپ كېتىپ دېدى:

— شۇنداق دېسەڭمۇ بولىدۇ، چۈنكى مەن بۇرۇن بۇ خىزمەتنىمۇ قىلغان. مېنى يەنە تەشۋىقاتچى، دېسەڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى مەن ھازىر ساڭا تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنىنى تەشۋىق قىلىۋاتىمەن. مېنى يەنە ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى دېسەڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى مەن سېنىڭ «ئاممىۋى سورۇندا تاماكا چەكمەسلىك» دېگەن قائىدە ـ نىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭنى تەكشۈرۈۋاتىمەن. قانداق، بولامدىكەنمەن؟

مەنمۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— بولىدىكەنسىز! — دېدىم.

مېنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشىدىغان ۋاقتىم بوپقالغانىدى. مەن ئاستا ئىشىك تەرەپكە سۈرۈلۈۋېتىپ:

— ئەمدى ھەرگىز تاماكا چەكمەيمەن! — دەپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ۋەدە بەردىم.

ئۇ مەن تەرەپكە قاراپ باش لىڭشىتىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

# ھاجەت

ئادىلجانغا ئۈچ يۈز يۈەن پۇل كېرەك بولۇپ قالدى. ئەزەلدىن بىرسىدىن بىر نېمە سوراشقا قېرىق ئادىلجاننىڭ بېشى تازىمۇ قاتتى. بۇ پۇل ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، باشقىلارغا لازىم بولۇپ قالغانىدى.

ئادىلجاننىڭ يېزىدىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ بالىسى ئۇنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەنىدى. بىراق، ئىمتىھان نەتىجىسى ئويلىمىغان يەردىن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان نومۇر چېكىدىن سەل كېمىپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئادىلجان ئاغىنىسىگە پۇل تۆلەپ بولسىمۇ ئوقۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ئاغىنىسى بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ ماقۇل بولدى، ئەمما ئەتىسى مەكتەپكە ئالدىن تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كېلىپ:

— ئاداش، مۇشۇنى ئاران جايلىيالىدىم، ئۆزۈڭ بىلىسەن، زىرائەتنىڭ يېرىمى تېخى ئېتىزدا، باشقا دارامەتنىڭ پۇلىمۇ قولغا تەگمىدى. قالغىنىنى ھوسۇلنى ئېلىپلا يەتكۈزۈپ بېرىمەن، ھازىرچە بۇ ئىشتا يەنىلا سىنىڭ ياردىمىڭگە موھتاجمەن،— دېدى سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

نېمە دېگۈلۈك؟ ئادىلجان ئۆز ئەھۋالىنى دەڭسەپ بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. بىراق، ئاغىنىسىنىڭ رايىنى ياندۇرۇشقا بولمايتتى، تېخىمۇ مۇھىمى بالا ئوقۇشقا بارالماي قالسا، ئۆزىنىڭمۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بالىغا سىڭدۈرگەن ئەجرى

بىكار بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئاغىنىسىنى خاتىرجەم بولۇشقا ۋەدە بېرىپ يولغا سېلىشۋەتتى. . .

ئاغىنىسى كەتتى. ئادىلجان ئۆزىدە بارىنى جەملىدى، بىراق يەنىلا يەتمىدى. شۇڭا، قالغىنىنى باشقىلاردىن ئۆتنە ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئۇ كىمدىن قەرز ئېلىپ تۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىپ، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىر ئاغىنىسىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ ئاغىنىسى شەھەرنىڭ ئاۋات بىر يېرىدە بىر ئاشخانا ئېچىۋالغان بولۇپ، باشقىلارغا قارىغاندا ئىشەنچلىكرەك ئىدى. شۇڭا، ئادىلجان ئۇدۇل ئاشۇ ئاغىنىسىنى ئىزدەپ باردى ۋە ئاغىنىسى بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن:

— ئاداش، قېشىڭغا بىر ھاجەت بىلەن كېلىۋىدىم! — دېدى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ.

— قېنى سوراۋەر، مەن سېنىڭدىن نېمىنى ئاياتتىم، — دېدى ئاغىنىسى.

— قارا ئاداش، مەن بالامنى ئوقۇتماقچىدىم، — ئادىلجان ئىشنى بۇزۇپ قويماي دېگەن ئوي بىلەن گەپنى شۇنداق ياسىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاغىنىسىنىڭ «سېنىڭ مۇشۇ ئادىتىڭزە، خەقنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى بىلگىنە!» دېيىشىدىن ئەنسىرەيتتى، — مەكتەپكە ئالدىن تاپشۇرۇشقا ئۈچ يۈز يۈەن كەملەپ قالدى، شۇڭا ئالدىڭغا كېلىشىم، كىچىكتۇرمەي قايتۇرۇپ بېرىمەن.

— چاتاق يوق، ئاداش، سەن بىلەن بىز بار يەردە بۇ قانچىلىك ئىشتى، پۇلنى مەن جايلاپ قوياي، كەچتە ئۆيدىن ئېلىۋال، — دېدى ئاغىنىسى.

ئۇنىڭ: «بۇ قانچىلىك ئىشتى؟» دېگەن جاۋابىدىن ئادىلجان خۇشال بولۇپ كەتتى. ئادىلجان ئاغىنىسىنىڭ دېگىنى بويىچە كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. بىراق، ئاغىنىسى ئۆيدە

يوق بولۇپ، ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. «بۇ ئاداشقا بۈگۈن نېمە بولدىكىنە؟ ئۇ مېنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغانلىقىمنى بىلەتتىغۇ؟ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالدىمۇ ياكى تاسادىپىي بىرەر ئىشى چىقىپ قالدىمۇ؟» ئادىلجان قەدەملىرىنى ئېغىر ئېلىپ، ئاستاغىنا قورۇنىڭ سىرتىغا چىقتى. يولنىڭ قايسى تەرىپىدىن كېلەركىن دەپ، ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا قاراپ خېلى كۈتتى. بىراق، كەلمىگەندىن كېيىن ئەتىسى كۆرۈشمەكچى بولۇپ قايتتى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئاغىنىسىنىڭ ئاشخانىسىغا باردى. لېكىن، ئاغىنىسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئادىلجان ئاغىنىسىنىڭ ئايالىدىن:

— ئوبۇلقاسىم يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى. لېكىن، ئاۋازىنىڭ بىر خىل خىجالەتچىلىكتە تىترەپ چىققانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— تۈنۈگۈن كەچتە جىددىي بىر ئىش بىلەن ئىچكىرىگە كەتتى! — دېدى ئايالى.

قارىغاندا ئايالى بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز دەك قىلاتتى. ئۇنىڭ «كەتتى» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئادىلجاننىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ھەي، ھاجەتمەنلىك يامان ـ دە! ئۇنىڭ بېشى تېخىمۇ قاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاغىنىسىنى ساقلىسا، مەكتەپلەرگە سان توشۇپ كېتىپ، پۇرسەت قولدىن كېتەتتى، ساقلىماي دېسە كىمدىن سوراش كېرەك؟

كاللىسىنى ھەر خىل زىددىيەتلىك خىياللار چىرمىۋالغان ئادىلجان ئاۋات بازاردىن ئۆتۈۋېتىپ، تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەپەندىم! — دۇكاندار ئەخمەت ھاجى ئۇنلۇك توۋلاپ ئۇنى چاقىرىۋالدى.

ئەخمەت ھاجى ئادىلجاننىڭ تونۇشقىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئادەتتىكى بىر تونۇشى ئىدى. ئەخمەت ھاجىمۇ خۇددى

ئادىلجانغا ئوخشاش تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئىشىغا جان كۆيدۈرىدىغان، سەمىمىي ئادەم بولغاچقا، ئۇلار ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدى. ئەخمەت ھاجى ئادىلجاننى مۇئەللىم بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ بەكلا ھۆرمەت قىلاتتى.

— ھاجىم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ كۆرمەي قاپتىمەن، — دېدى ئادىلجان ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ.

ئەخمەت ھاجى ئىللىققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

— يوقسۇ، يوقسۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى.

— قانداق ھاجىم، سودا ياخشى بولۇۋاتامدۇ؟

— يامان ئەمەس، خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ھاجىم مەمنۇنلۇق بىلەن.

ئارىدا بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈت ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ئەخمەت ھاجى بىردىنلا:

— ھوي، ئادىلجان، بۈگۈن بەلەكچىلا پەرىشان كۆرۈنىسىزغۇ؟ بىرەر ئىشتىن كۆڭلىڭىز رەنجىپ قالدىمۇ، نېمە؟ — دەپ سوراپ قالدى.

ئادىلجان كۆڭلى يۇمشاق ئەخمەت ھاجىنىڭ ئاغزىغا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالدى. لېكىن، خەقنىڭ ئىشىغا ئۆز ئىشىدەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەخمەت ھاجى كوچىلاپ سوراۋەردى.

ئادىلجان باشتا سەل تارتىنغاندەك قىلىپ، كېيىن ئەھۋالىنى ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەخمەت ھاجى سەل رەنجىگەن تەلەپپۇزدا:

— بۇنچىلا خىجالەت تارتىشنىڭ ھاجىتى نېمە، مېنى ئۆز كۆرمەمسىز نېمە؟ پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، ئادەم تېپىلمايدۇ! بىز بۇ ئالەمدە بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم قولىمىزنى سۇنۇپ، بىر ـ

بىرىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەك بولۇپ ئۆتمىسەك قانداق بولىدۇ؟! مانا سىز ئىلىم ئەھلى بولغاچقا، كىشىنىڭ بالىسىنى ئوقۇۋالسۇن، دەپ خەقتىن قەرز سوراپسىز، مانا مەن بار، ھاجىتىڭىزدىن چىقمىساق بولامدۇ! — ئەخمەت ھاجى شۇ گەپنى دېگەچ يانچۇقىدىن يۈز كويلۇقتىن بەشنى سۇغۇرۇۋېلىپ دېدى:
— مانا بەش يۈز كوي! لازىم بولسا يەنە بېرىمەن، ئاپىرىپ ئىشلىتىڭ! تاپقاندا بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، لېكىن قەرزنى قايتۇرىمەن دەپ بەكمۇ ئالدىراپ، ھەرەج تارتىپ يۈرمەڭ، سىز بىلەن بىز بولساقلا بولدى . . .
ئادىلجان چەكسىز ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى ۋە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدى.

# ئاھ، ئون بەش ياش چېغىم

ئارىدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۇپ، بىز يەنە بەختلىك ھالدا ئۇچراشتۇق. مەن ئۇنى كۆرۈپلا خۇددى ماگنىت تارتقاندەك ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتتىم. ئۇمۇ گويا بىلىق سۇغا شۇڭغۇغاندەكلا ئۆزىنى ماڭا ئاتتى. بۇ تېخى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن باغرىمنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشۈشۈم ئىدى. بۇ چاغدا ۋۇجۇدۇم گويا سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى تولىمۇ گۈزەل، بەكمۇ بەختلىك ئون بەش ياشلىق چاغلارغا قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن شۇنداق بىر خىل نازۇك تۇيغۇ ئىچىدە تۇرغاچقىمۇ، ئۇ ماڭا بۇرۇنقى پېتى تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىلگىرىكىدەك نۇرلۇق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئون بەش ياش چاغلىرىدىكى غۇنچە ھىدلىرى دىمىغىمغا باشقىدىن ئۇرۇلغاندەك بولدى. دېمەك مەن ئون بەش ياش چېغىمغا قايتىپ قالغىنىمغا مانا ئەمدى ئىشەنگەندەك بولدۇم. بۇ نېمىدېگەن شېرىن تۇيغۇ ـ ھە؟ ئادەم ھەمىشە مانا مۇشۇنداق شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ ياشىسا، مىڭ ياشقا كىرەر ـ ھە؟ . . . دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مەن ياخشى كۆرگەن بۇ قىز بىلەن بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن تەبىئەتنىڭ ئىللىق باھار مەزگىلىدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى گۈزەل بېيجىڭدا تونۇشقانىدىم. ئۇ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى ياشلىق باھارى تىنىمسىز مەۋج ئۇرۇشقا باشلىغان گۈزەل چاغلار ئىدى. بىز ئۇ چاغدا بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى

ئىدۇق.

«1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتىپىمىزدىمۇ تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۈنلەردە رازىيە سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن، مەن بولسام تام گېزىتىگە شېئىر، كىچىك سەنئەت ئۆمىكىمىزگە ناخشا تېكىستى يېزىپ بېرىش ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدىم.

مەن بىر شەنبە كۈنى ئەتراپقا گۇگۇم چۈشكەن مەزگىلدە سىنىپتا شېئىر يېزىپ ئولتۇرغانىدىم توساتتىن:

— ئالىم، يۈرۈڭ، كىنوغا بېرىپ كېلەيلى! — دېگەن يېقىملىق بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىدى.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ئالدىمدا زىلۋا بوي، قارا كۆز، بەكمۇ ئوماق بىر قىز ماڭا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بويلىرى كىشىگە تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدا يېنىك تەۋرىنىۋاتقان گۈلنى ئەسلەتسە، يۇپيۇمىلاق قارا كۆزلىرى گويا سامادا چاقنىغان نۇرلۇق يۇلتۇزنى ئەسلىتەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ماڭا كۈلۈمسىرەپ ئىللىق بېقىشلىرى تولىمۇ سېھىرلىك ۋە جەلپكار ئىدى.

رازىيەدەك گۈزەل قىز شۇنچە ساۋاقداشلىرى ئىچىدىن پەقەتلا مېنى تاللىۋېلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە كىنوغا بېرىشىمنى تەكلىپ قىلىۋاتسا، مەن ئەمدى نېمە دېيەلەيمەن؟ ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلىنى قانداقمۇ رەت قىلالايمەن؟ ئەگەر ياق دېسەم، ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئوغۇل بالىلىقىمنى يەرگە ئۇرغان بولمامدىمەن؟!...

مەن شۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە ئويلىدىم ـ دە، ئاندىن ئالدىمدىكى قەغەز ـ قەلەملەرنى تېزلا يىغىشتۇرۇپ، رازىيە بىلەن كىنو كۆرگىلى كەتتىم.

ئىككىمىز كىنوخانىغا بېرىپ سەل كېچىكىپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. كىنو تېخى باشلانمىغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئاللىبۇرۇن كىنوخانىغا كىرىپ بولۇشقانىكەن. رازىيە، ماڭا ئۆزىڭىزگە بىر بېلەت ئالسىڭىزلا بولىدۇ، دېگەنىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ قولىدا بىر بېلەت تۇراتتى. پەرىزىمچە ئۇ مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بارماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ باشتا بۇنى ماڭا ئۇچۇق دېمىگەن ئوخشايدۇ. مەن ئىتتىك بېلەت سېتىش ئورنىغا قاراپ يۈگۈردۈم. بىراق بېلەت ئاللىبۇرۇن سېتىلىپ بولغانىكەن. مەن كىرىش ئىشىكىدە مېنى ساقلاپ تۇرغان رازىيەنىڭ ئالدىغا ناھايىتى مەيۈس ھالدا كەلدىم. بۇ چاغدا ئىشىكتە بېلەت يىغقۇچىلار رازىيەنى ئۆزى يالغۇز كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاچقىمۇ، ئۇنىڭغا «كىنو باشلىنىپ كېتىدۇ، چاپسان كىرىڭ!» دەۋاتقانىكەن. مەن رازىيەگە بېلەتنىڭ سېتىلىپ بولغانلىقىنى دېدىم. بۇ چاغدا كىنوخانا خادىملىرى بىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر تىلدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ، بىزنى چەت ئەللىك ئىكەن دەپ پەرەز قىلىشتىمۇ ياكى ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالدىمۇ؟ ئىشقىلىپ، ئۇلار بىر دەمنىڭ ئىچىدە نەدىندۇر بىر بېلەت تېپىپ كەلدى. مەن بېلەتنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، ئۇلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتتىم. ئاندىن رازىيە بىلەن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتقانچە كىنوخانىغا كىرىپ كەتتۇق، بىراق «كەمبەغەلنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك كىنوخانىغا كىرىپ قارىساق، ئىككىمىزنىڭ ئورنى قېرىشقاندەك بىر يەردىن چىقماي قالدى. بۇنى ئاز دەپ رازىيەنىڭ ئورنى بىرىنچى قەۋەتتە، مېنىڭ ئورنۇم ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى. «باشتا كەلمىگەن تەلەيدە، ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دېگەندەك، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرمەمدىغان.

مەن رازىيەگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدىم:
— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
رازىيەمۇ ماڭا ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ، بوشاپ كەتكەندەك كۆرۈندى ۋە بوش ئاۋازدا:
— ئۆزۈممۇ بىلمەيۋاتىمەن! — دېدى.
مەن ئويلاپ، ئويلاپ، ئاخىر ئىلاجسىزلىقتىن:
— ئۇنداق بولسا سىز مۇشۇ يەردە كۆرۈڭ، مەن ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ئېيتىپ بېرەي...

مەن شۇ گەپنى دېگەچ، رازىيەگە قارىدىم. رازىيەمۇ ماڭا ئويچان كۆزلىرىدە تىكىلىپ، خىلىغىچە ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ قىزنىڭ مەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئاندىن ھېلىقى گەپنى ئاۋايلىمايلا دەپ سالغىنىمغا ئىچىمدە مىڭ بىر پۇشايمان يېدىم: «ھەي . . . مېنىڭدىكى بۇ گۆدەكلىك قاچانمۇ تۈگەر؟ ھەي، ئالىم سەن قاچانغىچە چوڭ بولمايسەن؟ مەشۇقۇڭ سەن بىلەن بىر يەردە يانمۇيان ئولتۇرۇپ، كىنو كۆرىمەن دەۋاتسا، سېنىڭ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئاغزىڭدىن مۇنداق گەپ چىقىرىشقا يۈرىكىڭ قانداق چىدىدى؟...» دېدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە.
لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىزگە تۇرۇپلا ئامەت كېلىپ قالدى. تەقدىرنىڭ ئىككىمىزنى ئايرىۋېتىشكە كۆزى قىيمىدىمۇ قانداق بىزگە ئاسايىشلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. رازىيە بىلەن ئىككىمىز بىر يەردە بىللە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇق. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم قىز ساۋاقدىشىم بىلەن بىللە كىنوغا بېرىشىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن خۇددى قوشماقتەك بىللە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈشۈم ئىدى. شۇڭا مەن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ

كېتىۋاتاتتىم. ئېيتىڭچۇ، قايسى يىگىت ئۆز مەشۇقى بىلەن بىللە كىنوخانىدا تۇنجى قېتىم يانمۇيان ئولتۇرۇپ كىنو كۆرگەن ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قالالايدۇ؟

رازىيە بىلەن ئىككىمىز ئاشۇ بىر قېتىملىق كىنوغا بېرىش بىلەنلا توختاپ قالمىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى بولسىلا، كىنولارغا بىللە بارىدىغان، گۈزەل بېيجىڭنىڭ ئازادە، كۆركەم كوچىلىرىدا بىللە تاماشا قىلىدىغان، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان باغچىلىرىدا سەيلە قىلىپ، ياشلىق باھارىمىزنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان بولدۇق. لېكىن بىز ئۇ چاغلاردا تولىمۇ كىچىك، ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل بولغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ خىيالىمىزغا كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلاردىن باشقىنى زادىلا كەلتۈرمەيتتۇق! . . .

ئارىدىن ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇنداق بىر ئىش خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

بىزنىڭ مەكتىپىمىز ئۇ چاغدا شەھەر مەركىزىدە ئىدى. بىز بىر كۈنى خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدىكى بېكەتتە ترامۋايغا ئولتۇرۇپ، دۇڭدەندىكى كىنوخانىغا كىنو كۆرگىلى باردۇق. قىزىقارلىق كىنو بولغىنى ئۈچۈنمۇ كۈلۈبىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىپمۇلىق تولغانىدى. بىز ئورنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇشىمىزغا كىنومۇ باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بېشىمىزنى بىر ـ بىرىمىزنىڭ بېشىغا تەگكۈزۈپ، مەكتەپتىكى ئوقۇش ئەھۋالىمىز، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمىز ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز توغرۇلۇق شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ، قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. بىر چاغدىن كېيىن كىنو تۈگەپ، كىشىلەر كۈلۈبتىن چىقىشقا باشلىغاندىلا، ئاندىن گېپىمىزنى توختاتتۇق. دېمەك، بىز كىنو كۆرمەي كىنو بىزنى كۆرگەندەك ئىش قىپتۇق. بىز

كىنوخانىدىن چىققاندىن كېيىن گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەكتەپكە كەلگەندە بىر ـ بىرىمىزنىڭ قولىنى چىڭ سىقىشىپ خوشلىشىپ، كۆزىمىز قىيمىغان هالدا ياتىقىمىزغا كىرىپ كېتىشتۇق.

ئەنە شۇنداق بىر جۈپ قوشماقنىڭ ئارىدىن شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ، خۇددى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك قايتا ئۇچرىشىشى كىمنىمۇ هاياجانغا سالمايدۇ دەيسىز؟ شۇڭا مەن خۇشاللىقىمدا قىن ـ قىنىمغا پاتماي كېتىۋاتاتتىم.

— رازىيە، ياخشى تۇرۇۋپسىز جۇمۇ؟ كۆزۈمگە بەئەينى شۇ چاغلاردىكىدەك ياش، چىرايلىق هەم يېقىملىق كۆرۈنۈۋاتىسىز! — دېدىم.

ئۇ ماڭا ئىللىق چىراي بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— سىزمۇ ناهايىتى ئوبدان تۇرۇۋپسىز! — دېدى.

مەن رازىيەگە قاراپ ـ قاراپ تويمايتتىم، قارىغانسېرى قارىغۇم كېلىپ، زوقۇم تېشىۋاتاتتى. مېنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرىم ئەنە ئاشۇ قىز بىلەن بىللە ئۆتكەن ئەمەسمىدى. ئۇ راستىنلا مېنىڭ ياشلىق باهارىمنىڭ شاهىتى ئىدى. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتۇۋالالماي قېلىۋاتاتتىم. مەن چەكسىز هاياجان ئىلكىدە:

— رازىيە، سىز مېنى ئويلاپمۇ قويامسىز؟ — دەپ سورىدىم.

نېمىشقىدۇر، مېنىڭ بۇ گېپىم بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى.

— نېمىشقا ئويلىمايدىكەنمەن؟ مەن سىزنى دائىم ئويلايمەن، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن.

«كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ» دېگەن مانا شۇ. ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ قەلبىم سۆيۈنۈپلا كەتتى. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا «ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ

لەۋلىرىنى قانغۇچە سۆيۈۋالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى – هە؟ . . . » دەپ ئويلىدىم. ئاندىن:
— مەن سىزنى دائىم ئويلايمەن. مۇشۇ چاغقىچە سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنلەر قاچان كېلەر، دەپ يولىڭىزغا ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ كۆزلىرىم تېشىلىپ كېتەي دېدى. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ مانا بۈگۈن خۇدايىم بىزنى شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزۈپتۇ، — دېدىم.
ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:
— مەنمۇ كېلىپلا سىزنى سورىدىم.
بازار چاققانىنىڭ دېگەندەك مەنمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدىم:
— كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەلدىم ئەمەسمۇ؟
ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن سۆيۈنگەندەك مىيىقىدا تاتلىققىنە كۈلۈپ قويۇپ:
— رەھمەت سىزگە! — دېدى.
ئۇنىڭ گېپىدىن خىجىل بولدۇم:
— رەھمەت ئېيتىشىڭىزغا ئەرزىمەيدۇ. بەلكى مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى، سىز ۋەتىنىڭىزنى ۋە بىزنى دەپ، چەت ئەلدىن قايتىپ كەلدىڭىز ئەمەسمۇ؟ . . . سىزنى كۆرۈپ، مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئاشۇ ئون بەش ياشلىق چاغلىرىمغا قايتىپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن. بۇ مەن ئۈچۈن بىر بەخت، بۇ بەختنى ماڭا پەقەت سىزلا ئاتا قىلدىڭىز ئەمەسمۇ؟ . . .
سۆھبىتىمىز ئەنە شۇ تەرىقىدە قىزغىن داۋام ئەتتى. ئىككىمىزنىڭ ئايرىلغاننىڭ مابەينىدە يىغىلىپ قالغان گەپلىرىمىز ئېيتساق – تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى.

بىز شىرىن تۇيغۇلار ئىچىگە شۇ قەدەر چۆمۈلۈپ كېتىۋاتاتتۇقكى، ئەس - ھوشىمىزنى يوقىتىپ قويايلا دەۋاتاتتۇق.

مەن رازىيەنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەي دېدىم. لېكىن ئۇ:

— سىز بىلەن كۆرۈشكەندىكىن، ھازىرچە ئۆيىڭىزگە بارماي، بىز كۆرۈشمىگەن بىر نەچچە ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆيىگە بىللە بارايلى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز بىللە بىرقانچە ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆيىگە باردۇق. رازىيە ھازىر خېلى قىزىقچىلاردىن بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇ قىزىقچىلىق بولسۇن، دەپ مېنى ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدىكى پەلەمپەيگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا چەكتى. بىرئازدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ئۆي ئىگىسى چىقتى.

— رىسالەت ئاپپاينىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — رازىيە تەمتىرىمەي تۇرۇپ سورىدى.

— ھەئە، مۇشۇ، ئۆيگە كىرىڭ! — ساھىبخان تونۇمىسىمۇ، قائىدە بويىچە كەلگەن مېھماننى تەكەللۇپ بىلەن ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئۇنىڭ قارىشىدىن ساۋاقدىشىنى تونۇمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بەك دىققەت قىلىپ كەتمىدى.

رازىيە مەن بار تەرەپكە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئۆيگە كىردى. ئاڭغىچە مەنمۇ ئىشىكتە پەيدا بولدۇم. رىسالەت مېنى كۆردى - دە، بىردىنلا سەگەكلەشتى. ئاندىن ئۆيگە كىرىۋاتقان مېھمانغا زەن قويۇپ قاراپ:

— ۋۇي، بۇ رازىيەكەنغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

راستىنى ئېيتسام ئۆي ئىگىسىگە مەن رازىيەنى باشلاپ كېلىدىغانلىقىمنى ئالدىن ئېيتىپ قويغانىدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ،

ئاندىن دوستىنى تونۇۋاتاتتى. قارىغاندا ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىسە، بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئىككى ساۋاقدىشىمنىڭ «ۋۇي بارمۇسىز؟»، «ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ ياكى يەردىن ئۈندىڭىزمۇ؟» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىر هازاغىچە قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كېتىشلىرى يۈرىكىمنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. كۆڭلۈمدە «ساۋاقداشلىق ـ دوستلۇق مېھرى نېمىدېگەن ئىسسىق، ئۇنىڭ هارارىتى نېمىدېگەن كۈچلۈك ـ هە؟...» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

رازىيە ئەتە ئەتىگەندىلا جەنۇبقا تۇغقان يوقلاشقا بارىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەييارلىق قىلىۋالسۇن، دەپ ئۇ كۈنى ئۇنى باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرالمىدىم. بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشنىمۇ كېيىنگە قالدۇردى.

مەن رازىيەنىڭ جەنۇبتىن قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق ئىچىدە كۈتتۈم. بىراق ئۇ قايتىپ كەلگەندە بولسا، ۋاقتىدا خەۋەر تاپالمىغانلىقىم ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. ماڭا خەۋەر قىلىشقا مەسئۇل كىشى مېنى تاپالمىدىمۇ ياكى بۇ ئىشنى ئەستىن چىقىرىپ قويدىمۇ؟ بىلمىدىم. خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «ۋاي ئىسىت! ... ناۋادا كۆرۈشەلمەي قېلىپ، ئۇ كېتىپ قالغان بولسا نېمە بولۇپ كېتەتتىم ـ هە؟ ...» دېگەن خىيال كاللامغا كېلىۋېدى، قورقۇنچتا تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭمۇ شۇ پەيتلەردە مەن بىلەن كۆرۈشەلمەي، كۆڭلىنىڭ قانچە تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى.

ئۇنىڭ جەنۇبتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئايالىم ئىككىمىزنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز، كىرمىگەن ئۆيىمىز قالمىدى، هەتتا بىر يەردە ئۇچراپ قالار، دېگەن ئوي بىلەن كوچا بىلەن ماگىزىنلارنى خېلى ئارىلىدۇق. قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي ئىچىمىز تازا تىتىلداپ كېتىۋاتقان چېغىمىزدا، بىر ساۋاقدىشىم ئۇچراپ قېلىپ، رازىيەنى بۈگۈن

كەچتە ئۆيدە مېھمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بىزنىمۇ كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئۇنى مۇنداق ئىزدەپ كېتىشىمدىكى مەقسەت — ھېچبولمىغاندا ئۇنى ئۆيىمىزدە بىر كۈن بولسىمۇ تۇرغۇزۇۋېلىش، خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشۈۋېلىش ھەم ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا سوۋغا تەقدىم قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

— رازىيەگە نېمە سوۋغا قىلساق بولار؟ — مەن سەمىمىي ھالدا ئايالىمدىن سورىدىم. ئۇ مېنى بەكمۇ ھۆرمەتلىگىنى ئۈچۈن:

— سىز دەڭە؟ سىز نېمە دېسىڭىز شۇنى سوۋغا قىلايلى! — دەپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى.

مەن سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— ئۈزۈك تەقدىم قىلايلى. ئۈزۈك دېگەن ھەمىشە قولدىن چۈشمەيدىغان ئەڭ ياخشى خاتىرە بولىدۇ! — دېدىم.

— ئوبدان ئويلاپسىز، رازىيەگە ئۈزۈك سوۋغا قىلايلى! — ئايالىم دەرھال ئىپادە بىلدۈردى.

بىز دۆڭكۆۋرۈك تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىغا بېرىپ ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ چىرايلىقىنى تاللاپ سېتىۋالدۇق. مەن كەچقۇرۇن ئايالىمنى باشلاپ ھېلىقى ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە ئاپاردىم. بۇ چاغدا رازىيە تېخى كەلمىگەنىكەن. يېرىم سائەتتىن كېيىن رازىيە كەلدى. مەن ئايالىمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇراي، دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ مېنىڭ ئايالىم بىلەن خۇددى قەدىناس دوستلاردەك بەكمۇ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن رازىيەگە:

— بۇ مېنىڭ ئايالىم! — دەپ تونۇشتۇردۇم.

لېكىن رازىيە مەن ئويلىمىغان يەردىن:

— بىلدىم! — دەپ بىردە ماڭا، بىردە ئايالىمغا قارىدى.
مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. بىر دەقىقىدىن كېيىن مەن كۆڭلۈمدە: «رازىيە ھەقىچان باشقىلاردىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى تەپسىلىيرەك سورىغان بولسا كېرەك. ئۇلار ساۋاقدىشىڭىز ياش خوتۇن ئىكەن! — دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئوخشايدۇ. بولمىسا ئۇ ھازىر قانداقسىگە يېشى مەندىن خېلى پەرقلىنىدىغان ئايالىمنى بىر قاراش بىلەنلا ساۋاقدىشىمنىڭ ئايالىكەن دەپ بىلىۋالالايدۇ؟ . . . » دېگەنلەرنىمۇ ئويلاشقا ئۈلگۈرۈپ بولدۇم.
قارىسام رازىيە ماڭا ئۆتكەن كۈندىكىدىن سەل ئورۇقلاپ قالغاندەك بىلىندى. مەن ئۇنى سەپىرىدە خېلى جاپا تارتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ماڭا بۈنىڭدىن ئون بەش كۈن ئىلگىرىكىدىن يەنە سەل تارتىنچاقراق بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. لېكىن ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا يېقىملىق ۋە ئوماق ئىدى. چىرايىدىن بولسا ماڭا تولىمۇ تونۇش، يۈرىكىمنى ئويىنتىدىغان گۈزەل نۇلار ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.
مەن زىياپەتتە ئايالىم بىلەن رازىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا تازا راھەتلىنىپ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋالدىم. ساھىبخانىنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ مۇشۇنداق ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم.
بىر چاغدا ئايالىم قۇلىقىمغا ئاستاغىنا پىچىرلاپ:
— ئۆزۈڭنى ئەمدى قولىغا سېلىپ قويۇڭ! — دېدى.
لېكىن مەن ئۇنداق ئويلىمىغانىدىم. شۇڭا مەن:
— بۇ يەردە سېلىپ قويسام قانداق بولىدۇ؟ ئۆيگە بارغاندا. . . ، — دەپ خىجىل بولغىنىمدىن قىزارغان ھالدا ئېتىراز بىلدۈردۈم.
— سىز بىلمەيدىكەنسىز! مۇشۇنداق سورۇندا سېلىپ قويسىڭىز، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ! — ئايالىم شۇنداق

دەپ ماڭا مەدەت بەرگىلى تۇردى. ئاۋازىمۇ قەتئىي ۋە كەسكىن ئىدى.

ئۇ ئۇنداق دەۋاتسا، مەن يەنە نېمە دېيەلەيتتىم؟ بوپتۇ! مەن تارتىنىش ۋە خۇشاللىق ئىلكىدە ئايالىمنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن نۇردەك پارقىراپ تۇرغان چىرايلىق ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاستا ئېلىپ، رازىيەنىڭ قولىغا ئاۋايلاپ سېلىپ قويدۇم. مېنىڭ قولۇم رازىيەنىڭ قولىغا تېگىشى بىلەنلا ئىسسىق بىر ئېقىم تومۇرلىرىمغا سىڭىپ كىرىپ، ۋۇجۇدۇمنى شادلىققا، ھاياجانغا چۆمدۈرۈۋەتكەندەك ئاجايىپ بىر خىل زىلزىلە پەيدا قىلدى. بۇ دۇنيادا دىدار كۆرۈشمەي يۈرگىنىڭىزدە دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغان ھەم سېغىنىدىغان، دىدار كۆرۈشكەندە بولسا قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدىغان ئاشۇنداق ياخشى كۆرگەن كىشىڭىزنىڭ قولىغا ئۈزۈك سېلىپ قويۇشتىن ئارتۇق كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ئىش بارمۇ؟ . . . مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنى گويا ئۈزۈكنى رازىيەنىڭ قولىغا ئون بەش ياشلىق چېغىمدىكى شۇ باھار مەزگىلىدە سېلىپ قويغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

تانسا باشلاندى. مەن ئايالىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتى ئىچىدە ئېگىلىپ تۇرۇپ رازىيەنى تانسىغا تارتتىم. ئۇ تانسىنى بۇرۇنقىدەكلا شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق نەپىس ئوينىدى. ئۇ تەرەپلەردە تانسىنى ھەمىشە سول تەرەپكە پىرقىراپ ئوينايدىكەن. ئۇ بېيجىڭغا بېرىشتىن ئىلگىرى تانسىنى ئەمدىلا ئۆگىنىشكە باشلىغان ئاشۇ چاغلىرىدىمۇ شۇنداق ئوينايدىكەندۇق. لېكىن، بېيجىڭدا شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئوڭ تەرەپكە پىرقىراپ ئويناشنى ئۆگەندۇق. ھازىرمۇ مەن رازىيەنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى شۇ چاغدىكىدەك ھېس قىلىۋاتقاچقىمۇ، ئۇنى يەنىلا ئوڭ تەرەپكە پىرقىراتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلچە تەمتىرىمەي، بۇرۇنقىدەكلا ئويناۋەردى.

بۇ چاغدا بىز ھەممە جەھەتتە، بولۇپمۇ ئىنسان ئۈچۈن ھەممىدىن نازۇك ۋە شېرىن بولغان بىر خىل ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتە بۇرۇنقىدەكلا ئويلاۋاتاتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنكىنى، بولۇپمۇ ھازىرقى رېئاللىقنى بارغانسېرى ئۇنتۇپ، ئۆتمۈشتىكى شېرىن ئەسلىمىلەر قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتۇق. مەن بۇنى ھەرگىزمۇ يامان ئەھۋال دېمەيتتىم. پەقەتلا يېنىمدىكى بەش ياشلىق كىچىك ئوغلۇم پولات بىزگە ھازىرقى رېئاللىقنى پات ـ پات ئەسلىتىپ تۇراتتى.

بىز رازىيەنى ئېلىپ، كەچنىڭ ساپ ھاۋاسىدا تاماشا قىلغاچ ئۆيىمىزگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئوغلۇم مەندىن:

— دادا، بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم! — دېدىم. ئاندىن چاقچاق قىلىپ قوشۇپ قويدۇم،— ھەم سېنىڭ ئاپاڭ!

— بۇ سېنىڭ ئاپاڭ بالام، تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئايالىممۇ چاقچاق ئارىلاش سۆز قىستۇرۇپ.

— مېنىڭ ئاپام؟ . . . قەيەردىكى ئاپامكەن ئۇ؟ — ئوغلۇم خۇددى چوڭ ئادەمدەك ئىنچىكىلەپ سورىغىلى تۇردى.

ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئايالىم بىلەن ئىككىمىز خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا جاۋاب بېرىپتۇق:

— بۇ سېنىڭ تاشكەنتتىكى ئاپاڭ!

— ئوھۇ، بۇ مېنىڭ تاشكەنتتىكى ئاپامكەن! بۇ مېنىڭ ئاپام! . . . ئەمدى مېنىڭ ئىككى ئاپام بار بولدى. ئوھۇ. . . ،— ئوغلۇم ئەسلىدە چاي ئىچىمەن، دەپ زىياپەت شىرەسىدىكى بىر رومكا قىزىل ھاراقنى ئۇقماي ئىچىۋالغانىكەن. شۇنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئىككى ئاپىلىق بولغىنى ئۈچۈن خۇشال بولدىمىكىن، ئەيتاۋۇر ئۆيگە كەلگۈچە ئاشۇنداق ئالجوقا سۆزلەپ كەلدى.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئايالىم تاماققا تۇتۇش قىلىۋىدى،

رازىيە پەقەت ئۇنىماي قويدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئاشقازان كېسەللىكى خاپا قىلىۋاتقانىدى. ئارتۇقچە تاماق يېيەلمەيتتى، شۇڭا بىز تەييار نازۇنېمەتلەر بىلەن چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، ئۇزاقتىچە مۇڭداشتۇق. شۇنداق قىلىپ، ۋاقىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئۇقماي قاپتۇق. كېيىن بىز رازىيەنى چارچاپ كەتتى، ئەمدى دەم ئالسۇن دەپ چىقىپ كەتتۇق. مېنىڭ ئوخلىماي، كېچىچە مۇڭدىشىپ چىققۇم بار ئىدى. ئامال قانچە دەيسىز؟ . . .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايالىم رازىيە بىلەن ئىككىمىزنى سۈرەتكە تارتىپ قويماقچى بولدى. ئاپپارات دىۋاندا ئولتۇرغان رازىيە بىلەن ئىككىمىزگە توغرىلاندى. بۇ چاغدا ئايالىم رازىيەگە ئىللىق قاراپ:

— ئالىمغا يېقىنراق ئولتۇرۇڭ! — دېدى.

مەن رازىيەنىڭ ماڭا يېقىنراق ئولتۇرۇشىنى قانچە خالايتتىم - ھە؟ شۇڭا ئايالىمنىڭ دېگىنىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بىراق، ماڭا رازىيە نېمە ئۈچۈندۇر قىلچىمۇ تەۋرەپ قويمىغاندەك سېزىلدى. پەقەت ئايالىم ھېلىقى گەپنى قايتا تەكرارلىغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئاندىن مەن تەرەپكە يەنە سەل - پەل قىمىرلاپ قويدى بولغاي. . .

— كۈلۈمسىرەڭلار!

بىز شۇئان كۈلۈمسىرىدۇق، ئايالىم بىزنى چاقماق تېزلىكىدە رەسىمگە تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مەن گويا ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇ - ئارمىنىمغا يەتكەندەك بولدۇم. چۈنكى، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتىمىز يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن رازىيەنى ئايالىم بىلەن سۈرەتكە تارتتىم. ھېلى ئايالىم تارتسا، ھېلى مەن تارتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىز سۈرەتكە چۈشمىگەن ئۆي ئىچى، ھويلا - ئارام، ھەتتا خەلق مەيدانىمۇ قالمىدى.

مەن بۇ ئىشلاردىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىدىغان بولدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆرۈشەلەمدۇق ـ كۆرۈشەلمەمدۇق؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن، ئويلاپ باقسام زادى بىر ئىش كەم قالغاندەك قىلاتتى. ناۋادا ئۇنى تۇرلۇك چەكلىمىلەر تۇپەيلىدىن تولدۇرۇۋالغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئېغىزىمدىن چىقىرىۋالساممۇ، يەنىلا بەختلىك ھېسابلايتتىم. شۇڭا، مەن ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا چاقچاقتا يۆلەپ بولسىمۇ، كۆڭلۈمدىكىنى دەۋالدىم:

— رازىيە كىچىك ۋاقتىمىزدىغۇ بىلمەپتۇق، ئەمدى چوڭ بولدۇق. ئويلاپ باقسام بىر ئارزۇيۇم تا ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشماپتۇ.

— نېمە ئارزۇيىڭىز؟ — رازىيە ئويلىمايلا سورىدى.

— قەلبىمدە مەڭگۈ گۈزەل بىر ئەسلىمە قالدۇرۇش ئۈچۈن «ماقۇل» دەڭ! مەن سىزنى بىر سۆيۈۋالاي!

ئەتراپىمدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ مۇشۇ گەپكىمۇ كۈلەمسىلەر، كۈلمەڭلار، بۇ دېگەن مۇھەببەت، ئاڭلىمىغانمۇ، قېلىنلىق دېگەن يېرىم دۆلەت!

رازىيەنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى زادى بىلەلمىدىم. ئۇ قىزارغان پېتى:

— ئالىم ساراڭ بوپتۇ! — دەۋەتتى.

# ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى

بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك بىر كۈن.

شۇنداق! ھەربىر ئادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغىنىدەك، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس، يارىشىملىق تۇغۇلغان كۈنى بار. لېكىن ئۇ ھازىرغىچە باشقىلاردەك ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپ، قىزغىن كۈتۈۋېلىپ باقمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن زادى خۇشى يوق ئىدى. شۇڭا، تۇغۇلغان كۈنى توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپمۇ كەتمەيتتى.

قىزىق يېرى شۇكى، ئۇ تۇغۇلغان كۈنى كېلىشى بىلەن خۇشال - خۇرام يۈرۈش ئورنىغا تولىمۇ ئويچان، جىمغۇر بولۇۋالىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىي بىلەن بولغان ئىش ئەمەسمىكىن دەيمەن. تېخى ئۆيدىكىلىرى — بولۇپمۇ كۆيۈمچان ئايالى ۋە ئوماق كىچىك ئوغلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ دەرھال:

— يەنە شۇ گەپمۇ؟ . . . قويۇڭلار ئۇ گېپىڭلارنى! — دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ. ئۇ بۇرۇندىن مۇشۇنداق غەلىتە مىجەزلىك كىشى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى يېزىقچىلىق بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان كىشىلەر مۇشۇنداق بولامدۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

بۈگۈن ئۇ ئورنىدىن شۇنداق غەمكىن تۇردى. ئۇ تالاغا چىقماقچى بولۇپ ئولتۇرغان جايىدىن تېز تۇرۇۋىدى، شۇئان بېشى قايغاندەك بولدى - دە، ئۆزى سەزمىگەن ھالدا خۇددى باشقا

بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. تۇرۇپلا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاجايىپ غەلىتە بىر ئادەم بولۇپ قالدى.

ئۇنداق بولغاندىكىن، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئالدى بىلەن ئۆز ئۆيدىكىلىرى مۇبارەكلەپ قويسا، قالتىس ياخشى ئىش بولاتتى، لېكىن بۇ چاغدا ئۆيدىكىلەر تېخى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشمىغانىدى. چۈنكى ئۇ بەكمۇ سەھەر تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى كۈتمەستىن، ئادىتى بويىچە ئۆيىگە بەش يۈز مېتىر كېلىدىغان يەردىكى كۆركەم، چىرايلىق باغچىغا ماڭدى. ئۇ بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ قويۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى گويا ئۈمۈچۈك توردەك چىرمىۋالغانىدى. ئۇ شۇ خىل تەمەنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئالدىغا ئۇچرىغانلىقى كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىغا «تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەپ قويارمىكىن!» دېگەن ئۈمىدتە ھېلىدىن - ھېلىغا تازا زەن قويۇپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك!» سۆزىنىڭ چىقىشىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتتى. لېكىن ئۇ شۇنچە تەلمۈرسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ قويىدىغاندەك ئەمەس، ھەتتا ئۇنداق قىلىشنى خىياللىرىغا كەلتۈرۈپ قوياي دېمەيتتى. شۇ تاپتا بىرەرسى ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي بىلەن بېقىپ ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ: «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!» دەپلا قويسا، ئۇ خۇددى بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمگەن بولاتتى.

لېكىن ئۇنداق بولمىدى، تېخى قېرىشقاندەك ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ بىللە تەنھەرىكەت ئوينىغاچ پاراڭلىشىدىغان ئاغىنىلىرىنىڭ بۈگۈن خۇددى جىن ئېلىپ قاچقاندەك ھېچ يەردە كۆرۈنمەيۋاتقىنى نېمىسى؟ . . . ئاسماندا

بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى، قۇياشمۇ خۇددى ئۇنىڭ ئۈچۈنلا نۇرىنى پۈتۈن زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ھاۋا مۇشۇنداق ياخشى چاغدا بۇ يەرگە كەلمەي نەلەردە يۈرۈشىدىكىنتاڭ؟ . . .

— قويە بۇ ئادەملەرنى! — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. چۈنكى ئۇ شۇتاپتا ئۇلاردىن تولىمۇ بىزار بولۇۋاتاتتى . . .، — مەن ئۇلاردىن جاق تويدۇم. ئەمدى ئۇلارنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق! . . .

بىر چاغدىن كېيىن ئۇ «خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مېنىڭ ھالىمغا مۇشۇلار يەتسە، ماڭا ھېچكىم بېرەلمىگەن خۇشاللىقنى مۇشۇلار ئاتا قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس! » دەپ ئويلاپ نەزىرىنى دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىقلىق تۇرغان دۈپدۈگىلەك، چىرايلىق قەپەسلەردىكى خىلمۇخىل قۇشلارغا ئاغدۇردى. ئۇلاردىن چىرايلىق سايراپ بېرىپ، تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ قويۇشنى تەشنالىق ئىچىدە كۈتتى. مۇبادا بۇ نەغمە-ناۋاچى قۇشلار ئوماق ئېغىزلىرىنى سەل-پەللا مىدىرلىتىپ، ئازراقلا سايراپ قويسا، ئۇ «مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى مۇبارەكلىدى! » دەپ ئويلاپ مىسكىن كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتەتتى، ئەمما ئادەتتە خۇددى بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك سايرىشىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان بۇ قۇشلار ئاغزىغا زىماتاڭ سېلىۋالغاندەك زۇۋانسىز ھالدا خۇددى تۈگىمەس غەمگە پېتىپ قېلىشقاندەك بويۇنلىرىنى قىسىشىپ، گويا جېنى يوقتەك شۈمشىيىپ تۇرۇشاتتى.

— توۋا! — دەيتتى ئۇ مەيۈسلىنىپ، — بۇ قۇشلارنىڭ بۇرۇنقى يېقىملىق سايراشلىرى قەيەرگە كەتتىكىنە؟ . . . ئۇلار نېمىشقا بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمدە بۇرۇنقىدەك سايرىمايدىكىنە؟ . . . زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك ھاۋا، ئەتراپنى خۇش پۇراققا پۈركۈۋەتكەن گۈللەر ئۇلارغا

ئىلھام بېرەلمەپتۇ - دە...

ئۇ ئەمدى نەزىرىنى رەڭگارەڭ گۈللەرگە ئاغدۇردى. ئۇ ئۈمىدىنى ئاشۇ گۈللەردىن كۈتكەنىدى. ئۇ ئەزەلدىنلا گۈلخۇمار ئادەم ئىدى. گۈللەرنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، كۆڭلىدە: «مەن گۈللەرنى ياخشى كۆرگەندەك، گۈللەرمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغۇ؟» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ قەيەرگە بارسا، شۇ يەرگە گۈل تېرىيتتى، تەشتەكلەردە گۈل پەرۋىش قىلاتتى، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ گۈللەر شۇتاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى كەچ كۈزنىڭ ئۈششۈكى تەگكەن ئاجىز مايسىلاردەك بىردىنلا دۇغدىيىشىپ، ئۆز غېمىدە قالغاندەك بىلىندى. ئۇ ئىچىدە: «گۈللەر مەندىن ئەمەس، مەن گۈللەردىن ئەھۋال سورىسام بولغۇدەك. ياق، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، ھەر ئىشنىڭ يولى بار. چۈنكى مەن مۇشۇ يېشىمغا يەتكۈچە، كۈندە دېگۈدەك گۈللەردىن ئەھۋال سوراپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟... شۇنىڭ ئۆزى يەتمەمدۇ؟... لېكىن بۈگۈن ئەھۋال باشقا كۈنلەرگە ئوخشىمايدۇ - دە! چۈنكى بۈگۈن مېنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنۈم!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ يەنە شېرىن تەمە بىلەن ئۇزاقتىن بېرى قەدەم بېسىپ باقمىغان خېلى يىراق يەرلەرگىچە باردى. بۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ نازۇك ھېسسىياتى تېخى بېسىلمىغانىدى. ئۇ بىرەر تونۇشۇم ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئوي بىلەن تونۇشى بار مەھەللىلەرنى ئارىلىدى. ئارىلىغاندىمۇ ئالدىرىماي ئارىلىدى. بىراق، قىسمەتنىڭ ئۇنىڭغا تا ھازىرغىچە ھېچكىمنى ئۇچراشتۇرمايۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان؟...

«تووا، بۇ ئادەملەرگە بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ مېنىڭ بۇ خاسىيەتلىك كۈنۈمدە نېمىشقا ئۆزلىرىنى قەستەن دالدىغا ئېلىشىدىغاندۇ؟... ئەي خۇدا بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك! نېمىدېگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر بۇ...»

ئۇ ئۇنداق قىلىپمۇ، مۇنداق قىلىپمۇ ئەتىگەنلىك بۇ «شانلىق» سەپىرىدە ئۆزىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان، خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى ھېچقانداق روھىي ئوزۇقا، قايناملىق ئىلھامغا ئىگە بولالمىدى، كۆڭلىنى پەقەت ئەمىن تاپقۇزالمىدى. ئۆز كۆڭلىدىكىدەك تەسەللىگە قىلچىلىك بولسىمۇ ئېرىشەلىگەن بولسا كاشكى! . . . ئۇ ناھايىتى مەيۇسلۇك ئىچىدە ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. خۇددى تاش ئېسىپ قويغاندەك پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ، ئۆزىگە بىر قەدەم ئالغا ماڭسا، ئىككى قەدەم كەينىگە كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئالدىدىكى كىچىككىنە دۆڭلۈكمۇ شۇتاپتا ئۇنىڭغا گويا ئېگىز بىر تاغدەك كۆرۈندى. ئۇ ھېچنەدىن خۇشاللىق تاپالماي، مىڭ جاپا بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋالدى.

ئەمدى ئۇنىڭ مىسكىن قەلبىدە پەقەتلا خۇددى پىلىلداپ تۇرغان جىنچىراغتەك بىرلا ئۈمىد قالغانىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە مۇشۇ كىچىككىنە ئۈمىدى توغرىسىدىلا ئويلايتتى، ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. بىراق ئۇ يەنە: «ئەگەر مەن ئويلىغاندەك بولماي قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟» دېگەننى خىيالىدىن كەچۈرۈپ، پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

ماۋۇ تەلەيسىزلىكنى قارىمامدىغان! . . .

باياتىن بېرى كۆڭلىدە ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئۇ قەدىمىنى ئاستا ئېلىپ، ئۆيىگە ناھايىتى روھسىز ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۆيدىكىلەر ئاللىبۇرۇن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاشخانا ئۆيدە قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقان ئايالىغا زور ئۈمىد بىلەن قارىدى. لېكىن، ئايالى ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئايالىدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن ئۇ نەزىرىنى ئون نەچچە ياشلىق ئوغلىغا ئاغدۇردى. ئوغلىمۇ: «دادا، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!» دېمىدى. يەنە

ئۇلارنىڭ يېزىدىن ئەكېلىپ، ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ مىڭ بىر جاپا بىلەن مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ ئوقۇتۇۋاتقان ئون يەتتە ياشلىق بىر قىزمۇ بار ئىدى، ئۇ قىزنىڭ چىرايىغا ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن سەپسېلىپ قارىدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر «ئاكا، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن سۆز ئۇنىڭمۇ ئېغىزىدىن چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلدى، تولىمۇ ھار كەلدى. «بۇ دۇنياغا تۇغۇلغانلىقىمۇ ئەمدى ھېچبىر ئەھمىيىتى قالماپتۇ... دوستلۇق، مۇھەببەت، مېھىر - شەپقەت دېگەنلەر ئىنسانلار ئارىسىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ!...» ئۇ شۇ تاپتا خۇددى بىر ساراڭدەكلا بولۇپ قالغانىدى.

بىر چاغدىن كېيىن ئۇ: بۇلاردىن ۋاپا كەلمىگەندىن كېيىن چايىنىمۇ ئۆزۈم دەملەپ ئىچەي دەپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى. ئاشخانا بەك تېپىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تېيىلىپ كېتىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، بېشى قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى.

قىزىق ئىش، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ تۇغۇلغان كۈنى توغرۇلۇق زادى ئويلىمايدىغان، باشقىلارنىڭمۇ تەبرىكلەپ قويۇشىنى تەمە قىلىپ يۈرمەيدىغان بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كەلدى.

# تۇپراق بېشىدا

مەن كۆيۈمچان، رەھمەتلىك ئانامنى ياد ئېتىپ، ھەمىشە ئۇنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ تۇرىمەن.

مانا بۇگۈنمۇ سۆيۈملۈك ئانامنىڭ گۈل ـ گىياھلار بىلەن ئورالغان قەبرىسى ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇۋاتىمەن. . .

مەن چەكسىز ھۆرمەت ۋە چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئانام بىلەن ئاستا، غايىبانە مۇڭدىشىۋاتىمەن. . .

ئاھ سۆيۈملۈك، قەدىردان ئانا! سىز خۇددى قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، پاك، غۇبارسىز، تولىمۇ سەمىمىي ئايال ئىدىڭىز! مەن سىزنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرەتتىم. مەن خەلقئالەم ئالدىدا «دۇنيادا ئانا مېھرىدىن ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈك نەرسە يوق» دېيەلەيمەن!

ئانا، ئەي مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئانا، بۇ دۇنيادا پەقەت سىز بولغىنىڭىز ئۈچۈنلا مەن بۇ پانىي ئالەمگە كېلەلىگەن ئەمەسمىدىم؟ . . . سىز مېنى توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغۇپ، ماڭا پۈتۈن يۈرەك قېنىڭىزنى ۋە بارلىقىڭىزنى بېغىشلىغان ئەمەسمىدىڭىز؟ . . . سىزنىڭ شەپقەتلىك مېھرىڭىزنى ۋە جاپالىق ئەجرىڭىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالايمەن؟ . . . مەن سىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسەممۇ، ھەتتا سىزنى ھاپاش قىلىپ، سان ـ ساناقسىز دەريالارنى كېچىپ، دېڭىزلاردا غۇلاچ كېرىپ ئۈزۈپ، چەكسىز

كەتكەن ئىدىر ـ دۆڭلۈكلەردە تۇلپاردەك چېپىپ، پىچاق بىسىدەك تىك، ئېگىز داۋانلاردىن ئېشىپ، مەككە ـ مەدىنىگە توققۇز قېتىم ئاپارسامۇ، يەنىلا سىزنىڭ بىر كېچىدە شېرىن ئۇيقۇڭىزدىن كېچىپ، مېنى چەكسىز مېھىر ـ شەپقەتلىك ئىسسىق باغرىڭىزغا بېسىپ، ۋۇجۇدىڭىزدىن ئاق سۈت بەرگەن ئەجرىڭىزنى ياندۇرالمايمەن! ھەرگىز ياندۇرالمايمەن!

ئانا، جېنىم ئانا، سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ ئانا، ماڭا بەرگەن مۇقەددەس ئاق سۈتىڭىزگە رازى بولۇڭ جۇمۇ؟

— مەن رازى بالام! مەن ساڭا ئاق سۈت بەرگەن بولسام بۇ ئانىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى — تۇيۇقسىز غايىبتىن كەلگەن بۇ ئاۋازدىن ئەندىكىپ كەتتىم.

«ئاھ خۇدا، نېمە كارامەت بۇ! مېنىڭ ئانامنى چوڭقۇر سېغىنىشىم ۋە ئىچ ـ ئىچىمدىن چىقىۋاتقان، مۇڭ ـ زارىم ئاللانىمۇ تەسىرلەندۇرۇۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ ئاللادىن شاپائەت يېغىپ، ئانامنىڭ تېنىگە جان كىرىۋاتامدۇ، نېمە؟ ...» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم ـ دە، ئاندىن ئاللانىڭ كۆرسەتكەن ھىممىتىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئوقۇدۇم.

— ھوي ئانا، سىز سۆزلەۋاتامسىز؟ بۇ راستتىنلا سىزنىڭ ئاۋازىڭىزغا ئوخشايدىغۇ؟ ... — دېدىم مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ھەيرانلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە.

— شۇنداق بالام، مەن سۆزلەۋاتىمەن، — ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، تېخى مېنىڭ ئاۋازىمنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭغا ھەيرانمەن!

— نېمە دەۋاتىسىز ئانا؟ مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟ مەن كۆڭلۈمدە سىز بىلەن كۈندە سۆزلىشىپ تۇرىمەن.

— شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ئانا. بۇنىڭغا تامامەن ئىشەنسىڭىز

بولىدۇ!

شۇئان كۆز ئالدىمدا ئانامنىڭ يۇپيۇمىلاق ئاي يۈزلۈك چىرايى، دەرد ـ ئەلەمنى كۆپ تارتقىنىغا قارىماي، ھېلىھەم نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرى نامايان بولدى ـ دە، كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى.

مەن غۇلىچىمنى كەڭ يېيىپ، ئانامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە، قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئاھ، جېنىم ئانا!. . .

مەن ئانامنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دېدىم:

— سۆيۈملۈك ئانا، سىز يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا كۆيۈپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا توڭۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە مېنى قاتارغا قوشتىڭىز. ھەمىشە ماڭا «ئەقىللىق، چېچەن، كۆيۈمچان، باتۇر، ئالىم بول!» دەيتتىڭىز، ھەر بىر ئىشقا ئەقىل ئىشلىتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلالايدىغان، ئىلىم ـ پەن چوققىسىغا قاراپ يۇقىرى ئۆرلەپ، بۇ ئالەمدە كارامەت مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان كاتتا ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىمنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىڭىز. بۇنى ئاللادىن كېچە ـ كۈندۈز تىلەيتتىڭىز. شۇڭا، ئىسمىمنىمۇ «ئالىم» دەپ قويۇپتىكەنسىز. . . شۇنداقمۇ ئانا؟

— شۇنداق بالام، بۇ دېگەن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ھەقىقەت! — ئانام بۇ گەپنى تولىمۇ تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن دېدى.

— بىراق ئانا، — دېدىم مەن خىجالەتچىلىكتە، — ئويلاپ باقسام، مەن سىزنىڭ ئەقىدىڭىزنى ئوبدان ئاقلىيالماپتىمەن. تېخى نۇرغۇن جەھەتلەردە سىز كۈتكەن ئۈمىدلەرنى ئورۇندىيالماپتىمەن. بۇلارنى ئويلىسام ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىل بولىمەن.

— ھېچ ۋەقەسى يوق بالام، كۈنمۇ ھەمىشە بىر خىلدا

كۆلۈپ چىقىۋەرمەيدىغۇ؟ ئوڭۇشسىزلىق، پېشكەللىك دېگەن ئادەمگە دائىم خۇددى سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئۆزىنى دائىم سەگەك تۇتۇپ يۈرۈشى كېرەك. ئۇقسام سىز بارمىغان، سىز كەزمىگەن يەرلەرمۇ قالماپتۇ. مەن بار ۋاقتىمدا باشلىغان ھېلىقى يېزىقچىلىق ئىشلىرىڭىزدىمۇ خېلى نەتىجە قازانغان ئوخشايسىز. مەرتىۋىڭىزمۇ خېلى ئۆسۈپتۇ. كىشىلەرگىمۇ ساۋابلىق ئىشلارنى جىق قىپسىز. بۇلارنى قىلىشىڭىز ئۆزىمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇنى ئوبدان بىلىمەن. تۇپراق بېشىمغا پات - پات كېلىپ، مېنى يوقلاپ تۇرغىنىڭىزمۇ ناھايىتى كاتتا ئىش! بۇ ماڭا خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىق بېغىشلايدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئانا، مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۇپراق بېشىڭىزغا پات - پات كېلىپ تۇرىمەن.

— ھېلىقى كۈنى سەكراتقا چۈشۈپ، ھاياتلىق شامىم ئۆچەي دېگەندە، سىزنى چوقۇم كېلىپ قالار، دەپ ئويلىدىم. سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈشۈۋېلىش نىيىتىدە لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، سىزنى كۈتتۈم. بىراق سىز يېنىمغا كېلەلمىدىڭىز. مېنىڭ ماغدۇرۇممۇ تۈگىگەن، كۆز يېشىممۇ قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئاخىر بولالماي باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدىم. بۇ يەرگە — باقىي ئالەمگە كەلگىنىمدىن كېيىنلا دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ئازابتىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— جېنىم ئانا، مەن سىزنى ئۇنداق تېز كېتىپ قالار، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. خەۋەر بارمىغاچقا، مەن سىزنىڭ ۋاپاتىڭىزدىن بىخەۋەر يۈرۈۋېرىپتىمەن. ھېچكىممۇ ماڭا خەۋەر بېرىپ قويايمۇ دېمەپتۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا تېخى بىرسىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەمەس، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋاپات بولۇپ كەتسىمۇ، ئاتايىن ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇ كىشىنى دەرھال

ئەكەلدۈرىدۇ. لېكىن ئۇ چاغلاردا مۇنداق ئىشلار يوق. ئۇ زامانلار راستىنلا ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن زامانلار ئوخشايدۇ جۇمۇ؟ شۇ چاغدا ماڭا تېلېفون بېرىپ خەۋەر قىلىپ قويغان بولسىمۇ كاشكى، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن بارغان بىرسىدىن ئۆيىمىزدە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشى يۈز بەرگەنلىكىنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلاپلا قايتىپ كەلدىم. سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز خېلى ياخشى بولغاچقا، مەن سىزدىن ئەمەس، ئاغرىقچان دادامدىن ئەنسىرىگەنىكەنمەن. سىزنىڭ ھاياتلىق سەپىرىڭىزنىڭ ئۇنداق تېز ئاياغلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. مەن سىزنىڭ ۋاپاتىڭىزغا قاتتىق قايغۇردۇم. كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى. سىزنىڭ ھۇجرىڭىزغا كىرىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە داد ـ پەرياد ئۇرۇپ، يىغلاپ كەتكەنلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. . .

ئارىغا بىر ئاز جىمجىتلىق چۈشتى. «شۇ تاپتا مېھرىبان ئانام يەنە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلىۋاتاتتىم، ئانامنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ھېلىقى باغرى تاش كېلىن يەنە ئەمرىڭىزدىمۇ؟

— ياق ئانا، مەن ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەن، — دېدىم مەن. . .

— ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ياخشى قىپسىز، بۇ ھىممىتىڭىزگە رەھمەت بالام، — مەن ئانامنىڭ خۇش ئاۋازىدىن تېنىنىڭمۇ، روھىنىڭمۇ بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم، — ئەگەر شۇنداق قىلمىسىڭىز بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇ خوتۇن ماڭا قىلغان ئەسكىلىكىنى سىزگىمۇ قىلاتتى.

— توغرا دېدىڭىز ئانا. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن مۇلايىم، ياخشى ئايالدىن بىرنى ئېلىۋالدىم. بۇ كېلىنىڭىزنىڭ كۆڭلىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ

كۆيۈمچان ھەم مېھرىبان. ئۇ ھەمىشە روھىمىزغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. ھەر پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇرىتىپ تۇرىدۇ. «قېينانام بولغان بولسا راۋۇرۇس بېقىۋالاتتىم» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

— جېنىم بالام... — دېدى ئانام ئاخىرىدا.

ئانام شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن كىشىدەك جىمىقىپ قالدى. كېيىن قايتا گەپ قىلمىدى.

مەن ئانامنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

# خەير - خوش ...

ئاسىم ئەتە كاماندىروپكىغا چىقماقچىدى، شۇڭا كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزاق بولغان ساۋاقدىشى نۇردۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ قويماقچى بولدى. ئۇ تۇرۇپلا نۇردۇننى ئىشتىن چۈشۈپلا باشقا يەرگە كېتىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ ئۇنى ئىشخانىسىدىن تاپماقچى بولدى.

ئاسىم پەلەمپەيدىن چىقىپ نۇردۇننىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، بىراق ئىشخانىدىن جاۋاب چىقمىدى. ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئوي بىلەن يەنە قاتتىقراق چەككەندىن كېيىن خۇشياقمىغاندەك «ھە!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاسىم ئىشىكنى ئېچىپ كىرگۈچە، ئىجازەت بېرىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك، نۇردۇن ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ . . . بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سوراپ قالدى.

ئاسىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. دېمىسىمۇ بۇ كىشىنى تەمتىرىتىپ قويىدىغان غەلىتە سوئال ئىدى.

ئاسىم بىرئازدىن كېيىن نۇردۇننىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ساۋاقدىشىمنى ئىزدەيمەن! — دېدى.

نۇردۇن ئاسىمنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك دىققەت بىلەن قارىۋېتىپ:

— ھە، سەن ئىكەنسەنغۇ؟ . . . مەن تېخى سېنى كىمكىن

دەپتىمەن،— دېدى چاندۇرماسلىققا سېلىپ.

لېكىن، ئۇ ئاسمىغا چىرايىنى ئېچىپمۇ قويمىدى. ئاسمىنىڭ بايا يولدا كېلىۋېتىپ: «مېنىڭ ئالاھىدە يوقلاپ چىققىنىمنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولىدۇ، بىز بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ قانغۇدەك مۇڭدىشۋالىمىز» دېگەن شېرىن ئويلىرى بىردىنلا غايىب بولدى.

ئاسىم نۇردۇنغا باشتىن ـ ئاياغ زەن سېلىپ چىقتى: چىرايلىق كىيىنىپتۇ، چىرايى پارقىراپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىپتۇ. تۇرقىدىن مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئاسىم ساقال ـ بۇرۇتىنى پاكىز ئالدۇرۇپ، رەتلىك كىيىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىيىنىشى نۇردۇنغا قارىغاندا ئاددىيراق ئىدى.

نۇردۇن ئۆزىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ، سالماق قەدەم بىلەن جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدىمۇ ئۇ ئاسمىغا قاراپ قويمىدى. ئىشخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ھازاغىچە ئۆرە تۇرۇپ قالغان ئاسىم بۇ ئىشنى ھار ئېلىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا «خەير ـ خوش» دەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى، بىراق ساۋاقدىشىنىڭ ئېغىزىغا «قېيىدىغاق» دېگەن سۆزنىڭ تولىمۇ ئاسان كېلىدىغانلىقىنى دەررۇ يادىغا ئېلىپ، خېلىغىچە تۇرغان جايىدا قىمىر قىلمىدى.

— ئولتۇرۇڭ! — دېگەن ئاۋازدىن كېيىن ئۇ ئېسىگە كەلدى.

بۇ تەكلىپنى نۇردۇن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان تار پېشانە، ئورا كۆز، چاچلىرى ئاقارغان، باشلىق سۈپەت بىر كىشى بەردى. ئاسىم بۇ كىشىنى كۆرگەن، لېكىن نەدە كۆرگەنلىكىنى دەماللىققا ئەسكە ئالالمىدى.

ئاسىم تەكلىپتىن كېيىن ئەمدى ئولتۇرۇشىغا، ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، كاتىپ سىياقىدىكى بىر كىشى

كىرىپ كەلدى:

— مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، سىزنىڭ شەھەرگە مەجلىسكە بېرىش ۋاقتىڭىز كېچىكتۇرۇلۇپتۇ، — دەپ قولىدىكى ئۇقتۇرۇشنى نۇردۇنغا ئۇزاتتى.

ئاسىم شۇ چاغدىلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. «ھە، بۇ ئاداش باشلىق بوپتىكەن - دە، لېكىن ئادەم دېگەن مۇنداقمۇ تېز ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ؟ . . . بۇگۇن كىچىككىنە مەنسەپكە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان يەردە، ئەتە - ئۆگۈن يەنە بىر بالداق ئۆرلىسە، ئاتا - ئانىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ . . . » دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندا، خىيالىنى نۇردۇننىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئۈزۈۋەتتى:

— مېنى يۆتكىسە ئۆستۈرۈپ يۆتكىسۇن، بولمىسا بارمايمەن، ئويلاپ بېقىڭا، كىمنىڭمۇ ئىسسىق ئورۇندىن ئۆز پېتى يۆتكەلگۇسى كېلىدۇ؟

بۇ گەپ ئاسىمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، قوۋۇرغىسىنى ئەگدى. «توۋا، تېخى مۇنداقمۇ گەپ بار ئىكەن. بۇ گەپنى قىلىشقا نومۇس قىلسا بولمامدۇ؟ ! » دەپ ئويلىدى ئاسىم كۆڭلىدە.

بىر چاغدا باشلىق سۇپەت كىشى ئۆزىنىڭ بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېڭىشقا تەمشەلدى. بۇنى ئاڭلاپ پايپېتەك بولۇپ كەتكەن نۇردۇن:

— مەن باشلاپ باراي، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئۆزۈم باراي، — باشلىقمۇ ئۆز پىكرىنى تەكىتلىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، سىز دېگەن باشلىق تۇرسىڭىز، . . . — دېدى نۇردۇن تولىمۇ خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن.

نۇردۇن چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ھېلىقى كىشى تەڭلىكتە قالغاندەك بولۇپ:

— بۇ كىشىنىڭ بىرەر ئىشى بولغىيتتى؟ — دەپ سورىدى.

ئاسىم چىش يېرىپ بىر نېمە دېگۈچە، نۇردۇن شۇ زامان ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ:

— بۇ ئىدارىمىزدە ئىشلەيدىغان بىرسىنىڭ ساۋاقدىشى، شۇنى ئىزدەپ چىققان بولسا كېرەك، — دەپ ئالمان - تالمان جاۋاب بېرىۋەتتى.

ئاسىم ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. خۇددى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلدى...

— خەير - خوش، — ئاسىم ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشقا ئىمكانىيەت قالمىغانىدى.

چىرايىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقان ئاسىم بوسۇغىدىن ئەمدى ئاتلىشىغا، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شوپۇرى مۆمىن بىلەن ئىشىكتە دوقۇرۇشۇپ قالدى. مۆمىن پەلەمپەيدىن خۇددى يۈگۈرگەندەك ئىتتىك چىققاچقىمىكىن، ئۇزۇپ - ئۇزۇپ نەپەس ئالاتتى.

— ئا بۇجاڭ، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى سىزنى تېز كەلسۇن، مەسلىھەتلىشىۋالىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار، دەپ مېنى ئەۋەتتى، تېز بولۇڭ، — دېدى.

— يۈرۈڭ ئەمسە! — ئاسىم شۇ گەپنى دېدى - دە، پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— مۆمىن، توختاڭا! — نۇردۇن بىردىنلا ئۇنى چاقىرىۋالدى.

مۆمىن توختىدى.

— ھېلىقى گېپىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ — دېدى نۇردۇن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي.

— قايسى گېپىمنى دەيسىز؟ — دېدى مۆمىن ھەيران

بولۇپ.

— ئا بۇجاڭ، دېگەن گەپلىرىڭىزچۇ؟

— سىز تېخى ئۇقماپسىز ـ دە، ساۋاقدىشىڭىز ئاسىم يېقىندا پارتكومنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى.

مۆمىن شۇ گەپنى دېدى ـ دە، ئاسىمغا يېتىشۋېلىش ئۈچۈن پەلەمپەيدىن ئوقتەك چۈشۈپ كەتتى.

— ھە. . . ؟! مەن يېقىندىلا ئاڭلىغان، خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىك ئۇقتۇرۇشىنىمۇ كۆرگەن، بىراق ئۆزىنى كۆرمىگەنىكەنمەن، مۇشۇ كىشى شۇ ئىكەن ـ دە،— دېدى باشلىق سۆپەت ھېلىقى كىشى.

بۇ گەپنىڭ ئاخىرى قۇلىقىغا كىرمىگەن نۇردۇن ئىشخانىنى بېشىغا كىيىپ «ۋاي ئىست! ئۆمرۈمدە قىلىپ باقمىغان ئەسكى ئىشنى بۇگۈن قىلدىم» دېگىنىچە، دېرىزە تۈۋىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ئا بۇجاڭ، ئا چاڭۇبي! — دەپ توۋلىدى.

لېكىن، ئاسىم ئولتۇرغان پىكاپ بۇ چاغدا چوڭ يولغا چىقىپ غايىب بولغانىدى.

# دوستۇم، مېنى كەچۈر

دىلنار كۆڭلىنىڭ مۇنداق غەش بولۇشىنى بىلگەن بولسا، دوستلىرىغا تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، دەپ ھەرگىزمۇ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتى.

دىلنار بىلەن گۈلنار يېقىن دوستلاردىن ئىدى. گۈلنارغا ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئادەت بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە دىلنار بولسا ئۆزىنىڭ بىرەر قېتىممۇ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇنداق بولسا ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق ۋە بېخىل بىر نەرسە ئوخشامدۇ؟ ياق، سىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا يەڭگىللىك بىلەن مۇنداق باھا بېرىپ يۈرمەڭ. دىلنار قولى ئوچۇق، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ چوكان. ئۇ ھېسسىياتقا باي، غۇرۇرى كۈچلۈك بولغانلىقى بىلەن باشقا قۇرداشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردىن ھەرگىزمۇ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئاپارغان سوۋغاتلىرى باشقىلارنىڭكىدىن ئارتۇق بولسا بولىدۇكى، ھەرگىز كەم بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن باشقىلاردەك ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ يۈرمەيدۇ؟ ئۇنىڭچە مۇنداق قىلىشىنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ ئارتۇقچە ئىش. ئەگەر تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش توغرا كەلسە، تۆت ـ بەش دوستىنىلا چاقىرىپ، ئون يىلدا بىرەر قېتىم خاتىرىلەپ قويسىلا بولىدۇ.

ئەسلىدە دىلنار بۇ قېتىممۇ دوستلىرىنى قايىل قىلىپ

تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزمەسلىك قارارىغا كەلگەننىدى. بىراق، ئۇنىڭ دوستلىرى گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن تۇغۇلغان كۈننىي ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋالدى.

— سەن بۇ قېتىم بىزگە جەزمەن تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىسەن، — دېدى ئاقپىشماق، بودۇر چاچلىق قەلبىنۇر قەتئىيلىك بىلەن.

— ئەگەر سەن تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىسەڭ، بۇگۈندىن باشلاپ سەن بىلەن بولغان باردى - كەلدىمىزنى ئۈزىمىز! — دېدى زىلۋا كەلگەن ماھىنۇر خۇددى ئۇرۇشىدىغاندەك قوللىرىنى سىلكىپ.

تېخى بەزىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق بولدى. مۇنداق ئەھۋالدا دوستلىرىنىڭ رايىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بېقىپ قويمىسا بولامدۇ؟ شۇڭا دىلنار بۇ قېتىم تۇغۇلغان كۈننى قىلىپ بېرىشكە ئاخىر كۆندى. بۇ خۇددى چوڭ بىر خۇش خەۋەردەك ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئەتراپقا پۇر كەتتى. تېخى بۇنى ئاڭلىغان بەزىلىرى ئاتايىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ: «بىزنى چاقىرمىساڭ زادى بولمايدۇ جۇمۇ؟» دەپ قويۇپ كېتىشكەنمۇ بولدى.

دىلنار تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈشكە جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، گۈلنارنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالدى. چۈنكى، دىلنار بىلەن گۈلنار بىر ئاينىڭ ئىچىدە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ ئۆسكەن يېقىن دوستلاردىن ئىدى. شۇڭا دوستلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇ مەرىكىنى دىلنار بۇ ھەپتىدە، گۈلنار كېيىنكى ھەپتىدە ئۆتكۈزىدىغان بولۇشتى.

دىلنار تەييارلىقنى ياخشى قىلدى. لېكىن، مېھمان

چاقىرىشقا كەلگەندە «ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن» دەپ كۆپ مېھمان چاقىرمىدى. چاقىرغان مېھمانلىرى تولۇق كەلدى. جۈپلەشتۈرۈپ قويۇلغان ئۈزۈن شىرە ئۈستىگە تىزىلغان نازۇنېمەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن چىنە قويغۇدەك يەرمۇ قالمىدى، بۇ ھال كۈتۈلمىگەندە گۈلنارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىۋەتتى. بىراق، ئۇنىڭ دانىخورەك بېسىپ كەتكەن چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. مېھمانلار ئوخشىتىپ قورۇلغان مەززىلىك قورۇمىلارنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، دىلنارنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن، مەردلىكىدىن مەمنۇن بولۇشتى.

چايدىن كېيىن، دوستلىرى دىلنارغا ئاتاپ ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى ئىززەت ئىكرام بىلەن داستىخان ئۈستىگە بىر ـ بىرلەپ قويۇشتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يولى بىلەن بولدى. بىراق، گۈلنار يالتىراق خالتا ئىچىگە سېلىپ ئەكەلگەن ياغلىق بىردىنلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— گۈلنار، سەن بىر جۈپ قىلىپ چىگەيلى دەپسەن ـ دە؟ دېدى كىمدۇر بىرى.

— يېقىن دوستلاردىن بولغاندىكىن بىر جۈپ چىگسە نېمە بوپتۇ؟ — دېدى گۈلنار كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ چاغدا گۈلنارنىڭ چىرايىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىللىق قاپلىدى. بۇنى ھېچكىم سەزمىدى، دىلنار گۈلنارغا ئېگىلىپ تۇرۇپ رەھمىتىنى بىلدۈردى. گۈلنار بولسا ئۆز ئىشىدىن رازى بولۇپ، مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. كۆپچىلىكمۇ گۈلنارنىڭ «ئەقلى»گە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىللىق نەزەر تاشلاپ قويۇشتى.

— دوستۇم، بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم دېگەن گەپ بار. كىملەرنىڭ نېمە سوۋغا قىلغانلىقىنى سەن بار ۋاقىتتا بىلىۋالاي،— دېدى دىلنار مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن

قوشنىسى ئاينۇرەنى ئېلىپ قېلىپ،— بۇ مېنىڭ باشقىلارنىڭ سوۋغىتىنى تۇنجى قېتىم ئېلىشىم، ئۇنى بىلىۋالمىسام مەن ئاپارغاندا كەم بولۇپ قالسا سەت بولىدۇ.

— بوپتۇ ئاداش . . . شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى، ئەمىسە تېز بول! — دېدى ئاينۇرە.

ئۇلار سوۋغاتلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈۋاتقاندا، خۇددى قېرىشقاندەك ئاينۇرەنىڭ دىققىتى گۇلنار ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ياغلىققا چۈشتى.

— ۋاي ئاداش، بۇ كونا ياغلىقكەنغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلماس.

— مانا قارا، ماۋۇ بەلگىنى كۆر،— دېدى ئاينۇرە ياغلىقنى كۆرسىتىپ،— ئاداش، بىز بۇ ياغلىقنى بۇرۇن گۇلنارنىڭ بېشىدا كۆرگەن ئەمەسمىدۇق؟

دىلنارنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ تۇرغان ئورنىدا داڭقېتىپ قالدى.

دىلنارنىڭ بۇ ئىشنى بۇنچىلىك كۆڭلىگە ئېلىپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئاينۇرە ئەمدى بۇ رەنجىش ئوتىنى ئۆچۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بايقاپ:

— مەيلى ئاداش، كېرەك يوق،— دېدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، ئويلاپ باقامسەن، ئادەمنى مۇنداقمۇ مازاق قىلغان بارمۇ؟ — دېدى ئاچچىقى بېسىلماي تۇرغان دىلنار چىرايى تاتارغان ھالدا.

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. . . ھەممە ئادەم ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ.

بۇ گەپتىن كېيىن دىلنار بىرئاز پەسكويغا چۈشتى، ئاندىن ئاچچىق كۈلۈپ:

— بۇنىڭ مۇنداق پەسلىكىنى ئەجەب بىلمەپتىمەن! — دېدى.

— كېلەر ھەپتە ئۇ چاي ئۆتكۈزگەندە قايتۇرۇۋەتسەڭ بولمىدىمۇ؟ — دېدى ئاينۇرە،— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دەپتىكەن.

بۇ گەپ دىلنارنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ ئاينۇرەنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئورۇن سېلىپ ياتتى، ئەمما خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ گۈلنار بىلەن دوست بولغاندىن بۇيانقى ھەممە ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى ـ دە، كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ قويۇپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپلا گۈلنارنىڭ ياغلىقى توغرىسىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر دوستلار ئارىسىغا تاراپ كەتتى. دوستلىرىدىن بەزىلىرى: «ئۇ ياخشى قىلماپتۇ!» دېسە، بەزىلىرى: «ھەر قانچە بولسىمۇ شۇنداق پەسلىك قىلغانمۇ بارمۇ؟...» دېيىشتى. يەنە بەزىلىرى: «ئەمدى دىلنارمۇ ‹ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ› دېمىگىيتتى؟» دېگەن ئەندىشىلەردە بولۇشتى. ئۇلار ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە دىلنارنىڭ بۇ ئىشقا قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا قىزىقىشتى.

ئاخىر كۈتكەن كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. گۈلنار ئاددىيلا تەييارلىق كۆرۈپ، كۆپ مېھمان چاقىردى. گۈلنارنىڭ زەردىسىنى قايىنتىپ، چاقىرغان مېھمانلىرىنىڭ تولىسى كەلمىدى، راستىنى ئېيتقاندا، بەزىلىرى مۇنداق تولا چاقىرىشتىن زېرىككەنىدى. چايدىن كېيىن مېھمانلار سوۋغاتلىرىنى قويۇشتى. شۇ پەيتتە ھەممەيلەننىڭ دىققىتى بىردىنلا دىلنارغا مەركەزلەشتى. گۈلنارنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك ئەتتى. ئۇ: «دىلنار راستىنلا مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈرۈۋېتەرمۇ؟... شۇنداق قىلسا، قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن؟» دېگەن ئوي ـ ئەندىشە بىلەن ھەلەك ئىدى.

دىلنار سوۋغىتىنى ئەڭ ئاخىرىدا قويدى:

— جېنىم گۈلنار، ساڭا بىر پەلتولۇق سارجا ئېلىپ

كەلدىم، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ئال!

كۇتۇلمىگەندە بۇ ئىش ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى، ئۇلار بىرىگە ھۆرمەت، بىرىگە مەسخىرە بىلەن قاراشتى.

— پەلتولۇق دەمسەن، يەنە بىر نىمە بارغۇ؟ — ئاينۇرە يالتىراق خالتىنىڭ ئاغزىنى پەسكە قارىتىپ تۇتتى. خالتىدىن پەلتولۇق رەخت بىلەن بىر ياغلىق تەڭلا چۈشتى. بۇ ئۆتكەن كۈنى گۈلنار سوۋغا قىلغان ياغلىق ئىدى.

مېھمانلار دەسلىپىدە ياغلىققا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى، ئاندىن ياغلىقنى قولدىن قولغا ئېلىپ بەس ـ بەس بىلەن كۆرۈشتى.

— گۈلنار، سەن مۇشۇ ياغلىقنى ئۆتكەن كۈنى دىلنارغا سوۋغا قىلغانمىدىڭ؟

— گۈلنار، بۇ سېنىڭ بۇرۇن بېشىڭغا ئارتىپ يۈرگەن ياغلىقىڭ شۇغۇ؟

— گۈلنار، كونا ياغلىقنى سوۋغا قىلغانكەنسەن ـ دە!

— گۈلنار سەن زادى توغرا قىلماپسەن جۇمۇ؟ . . .

گۈلنار تەرەپ ـ تەرەپتىن قويۇلۇۋاتقان سوئاللار ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇ مۇشۇ تۇرقىدا نومۇستا ئۆلەيلا دېگەنىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇ بىر پەس داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم دىلنار، ئەقىلسىز دوستۇڭنى كەچۈر! — دېدى ـ دە، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى.

# قولغا كويزا سېلىنغان ئادەم

ئىشىكنىڭ جالاقىدە ئېچىلىشىدىن قاتتىق چۆچۈپ ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈردۈم ـ دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ قېتىپلا قالدىم.

ئۆيۈمگە ساقچى كىيىمى كىيگەن ئىككى ئادەم ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلگەنىدى. بىرى ئېگىز، قاۋۇل كەلگەن، يەنە بىرى پاكار، سېمىزرەك كەلگەن ئادەم ئىدى. بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ قارام ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەيۋە بىلەن تەلۋىلەرچە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ، بىر ھازاغىچە گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدىم.

— سەن ئىبراھىم مۇھەممىدىمۇ؟ — ئېگىز بويلۇق كۆرەڭلىگەن ھالدا مەندىن سورىدى.

مەن بۇ سوئالدىن بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزگەندەك بولۇپ:

— ھەئە، مەن! — دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇ ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوقلا:

— سەن قولغا ئېلىندىڭ! — دېدى.

— نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىنغۇدەكمەن؟ — سورىدىم ئۆزۈمنى ناھايىتى تەمكىن تۇتۇپ.

مەن ئۆزۈمنىڭ قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ۋە گۇناھسىز ئىكەنلىكىمگە گۇمان قىلمايتتىم. مېنىڭ بۇ ئورۇنلۇق گېپىم ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىپ كەتكەن بولسا كېرەك، بىردىنلا چىچاڭشىپ كەتتى:

— دەۋاتقان گېپىنى قارا، بىلىپ قوي، سەن دېگەن قاتىل!

— قانداقسىگە قاتىلكەنمەن؟

— چۈنكى سەن زەھەرلىك دورا بېرىپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدۇڭ!

— مەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلسام قىلدىمكى، ھەرگىز يامانلىق قىلمىدىم. تېخى نۇرغۇن ئاغرىقلارنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، گۆر ئاغزىدىن ياندۇرۇپ كەلدىم. بىرەر كىشىگىمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىدىم.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، بىر ئايالنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىڭدىن تېنىۋالماقچىمۇ؟

ئۇ يېنىدىكى ھەمراھىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ ھويلىدىن بىر بالىنى ئۆيگە چاقىرىپ كىردى.

— بۇنىڭغۇ تونۇيدىغانسەن؟ — ئېگىز بوي «ساقچى» شۇ تاپتا چوڭ بىر پاكىتقا ئېرىشكەندەك كۆرەڭلىگەن ھالدا سورىدى.

— تونۇيمەن! — مەن ئۆزۈمگە ھەر بالا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈمنى مەردلىككە ئېلىپ كەسكىن جاۋاب بەردىم.

— ئۇنداقتا، سەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىڭنىغۇ بوينۇڭغا ئالارسەن؟

مەن ئوي - خىيال ۋە ئەندىشە ئىچىدە بىر دەقىقە ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدىم.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ دېمەك قىلغان ئىشىڭ ئۆزۈڭگە ئايان! — ئۇ شۇ گەپ بىلەن تەڭ قولۇمغا كويزا سالدى.

بۇ چاغدا مېڭەمدە «بۇ بالا دورىنى جىق بېرىۋېتىپ، ئۇ ئايال بىر نېمە بولدىمۇ يا؟» دېگەن ئەندىشە تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىم تورلىشىپ، تېنىمگە تىترەك ئولاشقىلى تۇردى. مەن ئەنسىزلىك ئىچىدە سورىدىم:

— ئۇ ئايال ئۆلدىمۇ؟
— ياق، تېخى ئۆلمىدى. لېكىن، هاياتى ئىنتايىن خەتەرلىك!
— مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي! — دېدىم. بۇ مېنىڭ رەت قىلغىلى بولمايدىغان ھەققانىي تەلىپىم ئىدى.
ئۇلار مېنىڭ تەلىپىمگە ماقۇل بولۇپ، مېنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى. بىز يولنى پىيادە باستۇق. مەن يولدا بىرەر تونۇش - بىلىشلەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە كېتىۋاتاتتىمەن.
بىرەر سائەت ماڭغاندىن كېيىن بىز چوڭ بىر دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدۇق. كىرىشىمگىلا غەزەپلىك كۆزلەر ماڭا مىختەك تىكىلىپ، لەنەتلىك تىللار يامغۇردەك ياغقىلى تۇردى.
— مۇشۇ كىشى شۇمۇ؟
— سەن بەك قارامىلىق قىپسەن جۇمۇ؟
— نەرىڭ بىر دوختۇرغا ئوخشايدۇ سېنىڭ!
— بۇ نازۇك كەسىپنى شۇنداق ئاسان چاغلامسەنيا؟
— پۇلنى دەپ شۇنداق قىلمامدۇ؟
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئازار يەپ، تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. گاڭگىراپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. دەل شۇ چاغدا:
— «ياخشىمۇ سىز ئىبراھىم دوختۇر! . . .» دېگەن تونۇش بىر ئاۋاز قوڭغۇراقتەك جاراڭلىدى.
مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. ئىشىكتىن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلگەن بەستلىك، كەڭ پېشانىلىك، قارا كۆز لى دوختۇرنى كۆردۈم. مەن لى دوختۇرنى ئۇزاقتىن بېرى تونۇيتتۇم. بىر چاغدا ئۇنىڭ گىمورروي كېسىلىنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بويىچە ئاددىي ئۇسۇل بىلەنلا داۋالاپ، سەللىمازا

ساقايتىپ قويغانىدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ مېنى نەدە كۆرسىلا چوڭقۇر ئىززەت بىلەن «دوختۇر» دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋالدى. لى دوختۇر ئۆزىمۇ داڭلىق دوختۇر بولۇپ، بۇ دوختۇرخانىدا ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەچكىمۇ، ئۇ مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئەتراپتىكىلەر ھەيران قېلىشىپ، ئېغىزلىرىنى يوغان ئاچقان ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپلا قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. بەزىلىرى: «ھوي، ئۇنى دوختۇر دەپ ئاتاۋاتىدىغۇ؟» دېسە، بەزىلىرى: «نېمە ئىش بولۇپ كەتتى؟» دەيتتى. يەنە بەزىلىرى «ئۇ راستىنلا دوختۇرمىكىنە؟» دېگەن گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. بۇ گەپلەرنى لى دوختۇرمۇ ئاڭلاپ:

— ئىبراھىم دوختۇر خېلى - خېلى كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتالايدىغان كاتتا دوختۇر! — دەپ، مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى.

مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىۋالدىم. لى دوختۇر «ساقچى»غا قاراپ:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ — دوختۇرنىڭ قولىدىكى كويزىنى دەرھال ئېلىۋېتىڭ! — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

سۈرۈن تەلەت «ساقچى» ئامالسىز قولۇمدىكى كويزىنى ئېلىۋەتتى. مەن ئازابتىن بوشىغان قوللىرىمنى ئاستا ئۇۋۇلىغاچ كېسەل كارىۋىتى يېنىغا باردىم. ھوشسىز ياتقان كېسەلنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تونجى قېتىم مېنى ئىزدەپ كەلگەن چاغدىكى قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا بۇ ئوغۇل:

— ئىبراھىم دوختۇر، ئاڭلىسام سىز بەك ئۇستا دوختۇركەنسىز، داڭقىڭىزنى كۆپ ئاڭلاپ يېنىڭىزغا كەلدىم. بىچارە ئانام ئاغرىپ قالغانىدى. ئاپارمىغان يەر قالمىدى. ھېچبىر دوختۇر ئانامنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتالمىدى.

سىز بىر ئامال قىلىپ داۋالاپ ساقايتىپ قويسىڭىز. . . ،— دەپ يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

— مېنىڭ ۋاقتىم يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىڭىزنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە ئۆيىڭىزگە بارالمايمەن.

ئۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر مېنىڭ ھېسداشلىقىمنى قوزغىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزۇممۇ بىرەر ئىشقا ئاسان تەسىرلىنىدىغان ئادەم ئىدىم. مەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرگەندىن كېيىن بەرگەن دورىلىرىمنى قانداق ئىشلىتىشنى تەپسىلىي دەپ بەردىم. لېكىن ئۇ مەن بەرگەن دورىلارنى ئىشلىتىپ، ئانىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئانام تېز ساقايسۇن، دەپ دورىنى نورمىدىن ئارتۇق بېرىۋېتىپ، مۇشۇ ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ.

مەن تېخى كېسەلنى تولۇق كۆرۈپ بولمايلا ئوتتۇرا بوي، ئورۇق كەلگەن، كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر دوختۇر يېنىمغا كېلىپ:

— بۇ ئايال چوقۇم ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز،— دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە پەسەنتمۇ قىلىپ قويمىدىم. كېسەلنىڭ نۇرسىز، تامدەك تاتىراڭغۇ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدىم ـ دە، ئاندىن پېشانىسىنى تۇتۇپ ھارارىتىنى تەكشۇردۇم، كۆز جىيەكلىرىنى بارمىقىم بىلەن قايرىپ، خۇنسىز كۆزلىرىگە ئىنچىكىلەپ قارىدىم. ئاخىرىدا كېسەلنىڭ تومۇرىنى ئۇزاق تۇتتۇم. كېسەلنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشى ئاستىلاپ، نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئەتىدىن قالمايتتى.

مەن دىققىتىمنى لى دوختۇرغا ئاغدۇردۇم. ئۇ مېنىڭ بىر

نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى سېزىپ مەندىن سورىدى:

— ئىبراھىم دوختۇر، ئامالىڭىز بارمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپلا تەرەپ ـ تەرەپتىن غوۋغا كۆتۈرۈلدى:

— نېمە دەيدىغانسىز لى دوختۇر؟ تېببىي مەكتەپنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەن مۇنداق بىر كىشىنىڭ قولىدىن بۇ كېسەلنى داۋالاش كېلەمتى؟ — دېدى بايىقى ئورۇق دوختۇر ئاۋۋال سۆز باشلاپ.

— بىز ساقايتالمىغان كېسەلنى بۇ ساقايتالامتى؟ — دېدى سېمىز دوختۇر ماڭا ھومىيىپ قارىغاچ، باياتىن بېرى كۆرۈۋاتقان كىتابىنى چېكىپ قويۇپ.

— بۇ ئادەملا بولىدىكەن، كېسەلنىڭ ساقىيىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلۈشى تېزلىشىدۇ، — دېدى يەنە بىر دوختۇر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

چىشلىرىم غۇچۇرلاپ، قولىقىمنى ئېتىۋالغۇم كېلىپ كەتتى.

— ئامالىم بار! مەن بۇ كېسەلنى خەتەردىن چوقۇم قۇتقۇزالايمەن، — دېدىم مەن، — بىزدە «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بىزنىڭ تارىختا پارلاق نۇر چاچقان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىمىز ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. تېخى ئۇنىڭ قېزىپ تۈگەتكۈسىز مول خەزىنە ـ بايلىقلىرى بار. شۇڭا بىز غەربچە داۋالاش ۋە باشقا تېبابەتچىلىككە قارىغاندا، بەزى كېسەللەرنى ناھايىتى ئاددىي، بەكمۇ ئاسان يوللار بىلەن داۋالاپ ساقايتالايمىز. مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن: ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر ئادەم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە داۋالانغىلى بېرىپتۇ. ئۇ يەردىكى كاتتا بىر دوختۇر: «سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كېسەل: «غەربىي يۇرتتىن كەلدىم!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دوختۇر: «سىز قايتىپ كېتىڭ، سىزنىڭ داۋايىڭىز سىز كەلگەن يەردە!» دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. دېمەك بىز ئۆپكە كېسەللىكىنى چامغۇر ھەم گۆش يېگۈزۈشتەك تولىمۇ ئاددىي ئۇسۇل بىلەنمۇ داۋالىيالايمىز. ئاق كېسەللىكنى داۋالىتىش ئۈچۈن ھازىر بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، ھەتتا شەرقىي شىمالنىڭ يىراق يەرلىرىدىن كېلىپ داۋالىنىۋاتقانلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويۇشنىڭ ئۆزى كۇپايە.

— سىز ئامالىنى قىلىڭ! سىز مېنى ساقايتىپ قويغان ئەمەسمىدىڭىز! — دېدى لى دوختۇر.

بۇ گەپلەر ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. بەزىلەر بولسا لى دوختۇرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن دەرگۇمان بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراشماقتا ئىدى.

— مەن سىزگە يار - يۆلەكتە بولىمەن! — دېدى لى دوختۇر ماڭا ئۈمىدۋارلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ.

ئاخىر مەن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ كېسەللىكنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان، دەپ بېكىتىسىمۇ رازى بولىدىغانلىقىمنى بىلدۇرۇپ، تىلخەت بەرگەندىن كېيىنلا «ساقچى» ماڭا ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىشكە ئاران ئۇنىدى. مەن تېخى مۇنداق پۇرسەتكىمۇ لى دوختۇرنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئېرىشىۋاتاتتىم.

ۋاقىت ئالدىرىتىۋاتاتتى. ۋاقىت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. مەن ئۆيۈمدىن دورا - دەرمەكلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كوچىلاردا بىر توختاپ، بىر داۋاملىشىۋاتقان قۇرالىق ئەلەم كۆرنىشىنىڭ خېيىمخەتىرىدىن، غايىب ئۇقىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن قورقماي قۇيۇندەك چاپتىم. ئۆيۈمگە باردىم - دە، بار دورىلارنى ئالدىم، يوقلىرىنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە تەييارلىدىم. كېچىلەپ دوختۇرخانىغا يېنىپ كەلدىم. مەن

كەلگۈچە لى دوختۇر كېسەلنى خالىي بىر ئۆيگە ئاچىقتۇرۇپ، بەزى تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ ساقلاپ تۇرغانىكەن. مەن دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. كېسەلگە دورىلارنى ئىچۈردۈم. يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەي، ھالىدىن خەۋەر ئالدىم. كىرپىك قاقماي كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ شۇنداق جاپالىق ئىشلىگىنىمگە يارىشا ئەتىسى كېسەل ئاستا - ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ئادەمنى غۇۋا تونۇغۇدەك بولدى. باشقىلار بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ چاغدا مەنمۇ خۇددى يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان تۈگمەن تېشى ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىكلەپ قالدىم.

مۆھلەت ۋاقتى توشۇپ، ھېلىقى دوختۇرلار يەنە چاقىرتىلدى. ئۇلار ماڭا ھېلىھەم گۇمان بىلەن قارىشىپ، كېسەلنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تەكشۈرۈپ چىقتى، بەزىلىرى ھەتتا قايتا - قايتا تەكشۈرۈشتى.

ئۇلار ھېچبىر گۇمان قىلغۇدەك يوچۇق تاپالمىغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ھەيران قېلىشقان ھالدا بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى.

— خەتەردىن قۇتۇلۇپتىغۇ؟ — دېدى لى دوختۇر تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئېچىپ . . . ،— باشقىلارمۇ بۇ يەكۈنگە غىڭ قىلالماي قالدى. چۈنكى، كېسەل راستتىنلا خەتەردىن قۇتۇلغانىدى.

لى دوختۇر ئەتراپىدىكى دوختۇرلارغا «ئەندىغۇ پىكرىڭلار يوقتۇ؟» دېگەن مەنىدە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

شۇ كۈنى دوختۇرلار ئەتراپىمغا زىچ ئولىشىۋېلىپ:

— قايىل بولدۇق! سىزگە قايىل بولدۇق،— سىزدىن ئۆگىنىمىز! — دېيىشتى قولۇمنى چىڭ سىقىشىپ.

— تىلخېتىمنى قايتۇرۇپ بەر! — دېدىم مەن «ساقچى» غا تەرىمنى تۇرۇپ.

يىلى چىققان توپتەك لاسىدە بوشاپ كەتكەن «ساقچى» زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سومكىسىدىن تىلخەتنى ئېلىۋاتقاندا، لى دوختۇر ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدىكى تارتۇقىدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالدى. ئۇ: «هوي، بۇ ئەلەم كۆرىشىنىڭ باتۇرى هېلىقى كىشىغۇ؟» دەپ بولغۇچە، ساقچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ كىشى غىپپىدە تىكىۋەتتى.

ئەسلىدە ئۇ كۆمۈر كانىدىكى جاپالىق ئەمگەكتىن قېچىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىقتا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئىدارىلەرنىڭ بىرەرسىگە يۆتكىلىۋېلىش مەقسىتىدە هېلىقى بالا ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان تاغىسىدىن نەپ ئېلىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك «ئويۇن»نى ئويناپ چىققانىكەن.

# ئېسىمدە يوق

جاھاندا ئادەمگە خەقنىڭ ئالدىغا بېرىپ چىراي ساغارتىشتىن ئارتۇق قىيىن ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇ ئالدىغا بارغىنىڭىزغا يارىشا ھالىڭىزغا يېتىپ ياردەم قولىنى سۇنسىغۇ ياخشى، بىراق ئاتتەك غادىيىۋېلىپ، سوغۇق مۇئامىلە قىلسا كىشىگە تولىمۇ ئەلەم بولىدۇ ـ دە!

مانا قاراڭ! بىچارە قاسىمنىڭ بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ چىقىپ ئەمگەك ـ ئىش ھەققى بۆلۈمىدىكى تۇرسۇننىڭ ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرغىنىغىمۇ ئاللاھازەل ئىككى سائەت بولدى. قاسىم ئۇنىڭغا چوڭ ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن شۇنچە تىكىلىپ قارىسىمۇ، تۇرسۇن كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىدى. ئۇ تونۇمايۋاتامدۇ ياكى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدىمۇ؟. . . بۇنى قاسىم زادى بىلەلمىدى.

بىر چاغدا ئىشخانىغا بەستلىك، يوغان كۆز، باشلىق سۇپەت بىر كىشى كىرىپ: «مۇشۇ تونۇشتۇرۇشنى كۆرسەتسەملا ئۇلار بىر نېمە دەيدىغاندۇ؟» دېگەن سوئالىغا تۇرسۇندىن: «چاتاق يوق، مەن ھەممە ئىشنى توغرىلاپ قويدۇم» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىگىمۇ خېلى ۋاقىت بولدى. قاسىم كۆڭلىدە: «ئەمدى ماڭا چولىسى تېگەر» دەپ ئويلىۋىدى، بىراق تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. شۇ چاغدا ئىشخانىغا ئۇزۇن چاچلىق بىر خېنىم بىلەن بۇدۇر چاچلىق چىرايلىق بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلار قاش ـ كۆزلىرىنى ئويىنىتىشىپ: «ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز» دېيىشتى ـ دە،

ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

قاسىم ئەمدى گەپ قىلاي دېيىشىگە، تۇرسۇننىڭ بىر قانچە خىزمەتداشلىرى ئۇلاش - چولاش كىرىشىپ، بۈگۈن كەچتە ئويۇن - تاماشىغا بارىدىغان ۋاقىتنى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەنزىرىلىك جايلارغا سەيلە - تاماشىغا بارىدىغان كۈنلىرىنى بېكىتىۋېلىشقاندىن كېيىن بىر مۇنچە كەلسە - كەلمەس چاقچاقلارنى قىلىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ ئىشلاردىن تۇرسۇننىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. قاسىم كۆڭلىدە: «ئەمدى مېنىڭ ئىشىمنى بېجىرىپ بېرەر» دەپ ئويلىدى. بىراق تۇرسۇن گويا يېنىدا ھېچقانداق ئادەم يوقتەك ئالدىغا بىر مۇنچە جەدۋەللەرنى يېيىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرۇۋەردى. «قانداق دېگەن گەپ بۇ؟» قاسىمنىڭ ئىچى تىتىلداپ، زەردىسى قايىنغىلى تۇردى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ تاقىتى تۈگىگەنىدى.

— قېشىڭىزغا ھېلىقى ئىش بىلەن كېلىۋىدىم! — ئۇ گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى.

«بۇ كىم بولغىيدى؟» دېگەنلەرنى ئويلىغان تۇرسۇن خۇشياقمىغاندەك قىلىپ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ۋە قاسىمغا تەئەججۈپ كۆزىدە قارىۋېتىپ:

— نېمە ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى. قارىغاندا، ئۇ قاسىمنى كۆرۈپ باقمىغاندەك قىلاتتى.

— توۋا! — دەۋەتتى قاسىم ئىچىدە، — قىزىق ئىشقۇ بۇ؟ ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۆزى كاتتا ۋەدىلەرنى بەرگەن ئادەمنى مۇنداقمۇ تېز ئۇنتۇپ قالغانمۇ بارمۇ؟ . . . ، — قاسىم ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ:

— قىزىمنىڭ يۆتكىلىش ئىشى ئىدى، — دېدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، مەن تېخى نېمە ئىشكىن دەپتىمەن، مۇنداق ئىشلار كۆپقۇ؟ ئىشىمنىڭ تولىلىقىدا ئۇنداق ئىشلارنى

ھەل قىلغۇدەك قەيەردە ۋاقتىم بولسۇن دەيسىز؟

تۇرسۇن شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا، دىققىتىنى يەنە جەدۋەللەرگە يۆتكىۋالدى.

قاسىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، بىر ھازاغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن:

— ياخشىلىق قىلىپ قويسىڭىز، ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماستىم! — دېدى.

تۇرسۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى -دە، دېدى:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، مەنغۇ يۆتكەپ قويارمەن، بىراق مۇھىمى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇن بولۇشى كېرەك -تە.

قاسىمنىڭ چېھرىگە خۇشاللىق تەپتى:

— ئالىدىغان ئورۇن بار! — دېدى ئۇ.

— قەيەرگە يۆتكىمەكچى؟

قاسىمنىڭ كۆز ئالدىدا گويا ئۈمىد ئىشىكى ئېچىلغاندەك بولدى، ئۇ خۇشاللىقىدىن:

— كىيىم تىكىش فابرىكىسىغا! — دېدى.

— ئۇ ئورۇندىكى بىرەرى بىلەن كۆرۈشكەنمۇ؟ — ئۇ سوئال قويۇۋېتىپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

قاسىم ئورۇندۇقنى ئالدىغا سۈرۈپ دېدى:

— زاۋۇت دىرېكتورى بىلەن كۆرۈشكەن.

— ئۇ نېمە دېدى؟

— چوقۇم ئالىمىز، دېگەن.

تۇرسۇن خىيالغا پاتتى، چۈنكى ئۇ ئۆتكەندە بىر تۇغقىنىنىڭ بالىسىنى شۇ فابرىكىغا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغاندا، ئۇلار رەت قىلىشقانىدى. ئەمدى بۇ ئىشتىن ئۆزىگە يوچۇق ئېچىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، شۇ ئورۇنغا ئۆز تۇغقىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆڭلىگە قايتا پۈكتى. ئاندىن قاسىمغا قاراپ

دېدى:

— غوپۇر دىرېكتور كۆڭلى يۇمشاق ئادەم، ئۇ ئالدىغا بارغانلىكى كىشىلەرنى چىرايلىق گەپ ـ سۆزلەر بىلەن خۇش قىلىپ ياندۇرىدۇ.

— ئۇ چوقۇم ئالىدۇ! — دېدى قاسىم.

تۇرسۇننىڭ چىرايى ئۆزگۈپ، تەرسالىقى تۇتتى.

— قانداق دېگەن گەپ بۇ، دۇنيادا شۇنداقمۇ ئاسان ئىش بولامدۇ؟ . . . هازىر باش قاشلىغۇدەك ۋاقتىم يوق، مەن كېيىنچە بىر ئۇقۇشۇپ باقاي،— دېدى.

— ئۆزىڭىزمۇ تېخى يېقىندىلا بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، ئىشخانامغا بېرىڭ، مەن ئىشىڭىزنى كۆڭۈلدىكىدەك هەل قىلىپ بېرىمەن، دېگەندىڭىزغۇ؟ — قاسىم گەپنى پوسۇققىدە دەۋەتتى.

تۇرسۇننىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى.

ئەسلىدە قاسىم قىزىنىڭ يۆتكىلىش ئىشىنىڭ تەس بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، بىر ئاغىنىسىدىن مەسلىھەت سورىغاندا، ئاغىنىسى: «هازىر قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇشياقمايدۇ. سەن ئىشىڭنى هەل قىلاي دېسەڭ، ئالدى بىلەن خەقنى ئوبدان مېھمان قىلىشىڭ كېرەك» دېگەنىدى. قاسىم باشتا بۇ ئىشنى ئانچە توغرا تاپمىدى، كېيىن شۇنداق قىلماي بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، كاتتا تەييارلىق قىلىپ مېھمان چاقىردى، قوي سويۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا لېگەن ـ لېگەنلەردە گۆش كەلتۈردى، پېتىر مانتا ئەتتى، ئون نەچچە خىل قورۇما قورۇپ، هاراق ـ شاراب دېگەننى ئۆپكىسى چىلاشقۇچىلىك ئىچۈردى. ئاخىرىدا ئاچچىق ـ چۈچۈك سۇيۇقئاش تارتتى. تۇرسۇن بىر نەچچە ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كېلىپ تازا ئوبدان مېھمان بولدى، غوپۇر دىرېكتورمۇ تەكلىپكە بىنائەن دەرقەمتە ئولتۇرۇشۇپ بەردى. قاسىم سورۇندا ئۆز

ئىشى توغرۇلۇق لام - جىم دېمىدى. بۇ ئىشنى باشقىلار تۇرسۇنغا دېۋىدى، ئۇ بۇ ئىشنى چوقۇم ۋەزىپە قاتارىدا ئورۇندايدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى ۋە خوشلىشىپ ماڭىدىغان چېغىدا خۇددى يېقىن دوستلاردەك ئاتايىن قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئىككى كۈندىن كېيىن ئىشخانامغا بېرىڭ، مەن بۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىپ بېرىمەن، — دەپ پىچىرلاپ قويىدى.

مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنى مېھمان قىلغان يېنىدىكى ئادەمنى تونۇمايۋاتاتتى. قاسىم ھېلىقى گەپنى خۇددى تاغاردىن تاۋۇز تۆككەندەكلا دەۋەتكەندىن كېيىن تۇرسۇن كۆڭلىدە: «ئاشۇ ئادەم شۇمىدۇ؟ . . .» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا بىر ھازاغىچە تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— بۇ ھەقتە بىز ئايرىم سۆزلىشەيلى! — دېدى.

قاسىم ھەيرانلىق ئىچىدە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— قاراڭ، دىرېكتور، مەن يولداش قاسىمنى زادىلا تونۇماپتىمەن.

تۇرسۇن قاسىمنى ئۇزىتىۋېتىپ غوپۇر دىرېكتورغا تېلېفون بەردى:

— ھوي، نېمە دەۋاتىسىز، ئاش - تۇز بەرگەن ئادەمنى شۇنداق ئاسان ئۇنتۇپ كەتكەن بارمۇ؟

— بۇنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم، ئۇ ئىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتىكەن.

— كېيىن قانداق بولدى؟

— مەن «ھەل قىلىپ بېرىمەن» دېگەن گەپنى خىجىللىقتا ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم، شۇنداقتىمۇ مەن بۇ ئىشنى تېزدىن بېجىرىۋېتىمەن.

قاسىم ئۇ يەردىن چىقىپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۇدۇل

غوپۇر دىرېكتورنىڭ قېشىغا باردى. غوپۇر دىرېكتورمۇ خۇددى ئۇنىڭ كېلىشىنى بىلگەندەك ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ تۇرسۇن بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغاچقا، غوپۇر دىرېكتور قاسىمنى يىراقتىن كۆرۈپلا كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن تۇرسۇندىن كەلگەن تېلېفوننىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئاخىرىدا:

— باشتا سىزنى تونۇماي قاپتۇ، ئۆزىمۇ بەك خىجىل بولغان ئوخشايدۇ. ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئىشىڭىزنى كېچىكتۈرمەي بېجىرىپ بېرىدۇ،— دېدى.

مانا ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، بىراق بۇ ئىش تېخىچە ھەل بولمىدى. ئۇ قاسىمدىن كۆپرەك سوۋغا - سالام بېرىشنى تەمە قىلىۋاتامدىكىن ياكى يەنە ئېسىدىن بۇرۇنقىدەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمىكىن؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى.

# غەلىتە ئىش

خىزمەت تەكشۈرگىلى تۆۋەنلەرگە بېرىپ تۇرغان ياخشى. ئەسلىدىغۇ مەندەك ئۇزۇن يىللىق خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە ئادەم ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. بىراق، راستىمنى ئېيتسام، يېقىندىن بېرى بەزى ئورۇنلارغا، بولۇپمۇ ئىلگىرى بېرىپ باقمىغان ئورۇنلارغا بېرىشتىن تۇرۇپلا قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا، مەن بەزى ئورۇنلارغا ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىم. ئايىغىم يەڭگىل بولغاچقا، بۇ چاغقىچە بارساممۇ بارالايتتىم. بىراق، چېچىمنىڭ ۋاقىتسىز ئاقارغانلىقى ۋە سەمرىپ قورساق سالغانلىقىم ماڭا راستىنلا بىر بالا بولغانىدى. بارغانلىكى يېرىمدە كىشىلەر ئاشۇ سىياقىمغا قاراپلا مېنى «باشلىق» دەۋالىدىكەن ئەمەسمۇ؟ . . . بۇ ماڭا خۇددى زاڭلىق قىلغاندەكلا تۇيۇلىدۇ، چۈنكى مەن باشلىق ئەمەس ـ تە! . . .

مانا قارىمامسىز؟ بۈگۈن مېنىڭ يېڭى باشلىقىم خۇددى مەن بىلەن قېرىشقاندەك مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ:

— يولداش ئابلىز، بۇرۇن ئۆزىڭىز بارمىغان بىر ـ ئىككى ئورۇن بىلەن ئالاقىلىشىپ قويۇڭ، ئەھۋال ئۇققىلى ئىككىمىز بىللە بارايلى! — دېدى.

«ھىم» دېدىم مەن ئىچىمدە، ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئىش بولىدىغان بولدى ـ دە!

باشلىقىم جۈغى كىچىكرەك، ئورۇقراق كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى ئاپپاراتلارنى تەكشۈرۈشتە خىزمىتى ئۆسۈپ،

بىزنىڭ ئورنىغا يېڭىلا باشلىق بولۇپ كەلگەچكە كىشىلەر بىلەن تېخى تونۇشۇپ بولالمىغانىدى. ئۇنىڭ سوقىچاق يۈزىگە ئەپچىل ياراشقان كۆزەينىكى ئۇنى كاتىب سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقى، كەمتەرلىكى كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. بىراق. . .

باشلىقنىڭ «بىللە بارايلى» دېگىنىگە باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ ئولتۇرۇش ئەپسىز ئىدى. شۇڭا مەن:

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى! — دەپ جاۋاب بەردىم.

لېكىن، ئىشخانامغا قايتىپ چىقىپ، تۆۋەن بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىۋاتقان چېغىمدا «ھېلىقىدەك ئىشلار يەنە يۈز بېرەرمۇ؟» دېگەن خىيال مېڭەمنى چۇلغىۋېلىپ، مېنى قاتتىق ئويغا سېلىپ قويدى.

بىر كۈنى مەن پىكاپقا ئولتۇرۇپ، ئۆزۈم يالغۇز بىر ئورۇنغا خىزمەت تەكشۈرگىلى باردىم. بۇ بىزنىڭ ئورۇننىڭ قورۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىم ئۇلارنىڭ باشلىقنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىك ئۇقتۇرۇشىنى ئەمدىلا ئېلىپ تۇرۇشىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار مېنىڭ سىرتقى سىياقىمغا قاراپلا مېنى يېڭى باشلىق دەپ تونۇپ قاپتۇ.

— مۇبارەك بولسۇن، خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىكىڭىزنى تەبرىكلەيمىز، بولسا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىز تەرەپكە پات ـ پات كېلىپ خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرۇڭ! — دەپ مەن بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشۈپ كېتىشتى.

مەن كۈلۈۋەتتىم ۋە ئۆزۈمنى كۈلكىدىن ئاران توختىتىۋېلىپ:

— ئۇ مەن ئەمەس! — دېدىم.

بىراق ئۇلار گېپىمگە چىنپۈتمىدى، بەلكى مېنى «كەمتەرلىك قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان بولسا

كىرەك، مەن كۆڭلۈمدە: «باشلىق كەلسە ئىتىبارى بولۇپ، ئادەتتىكىلەرى كەلسە ئىتىبارى بولمايدىغان ئىش ئوخشىمامدۇ؟...» دەپ ئويلىدىم، ئويلىغانسېرى ناھايىتى بىئارام بولدۇم.

... تۈنۈگۈن ئالاقىلىشىپ قويغان ئورۇنغا بارغىنىمىزدا، بىزنى بىر مۇنچە كىشىلەر ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

— ... ياخشىمۇسىز؟... قارشى ئالىمىز...! — ئۇلار بىر تالاي تەكەللۇپ سۆزلەرنى ئېيتىپ، بەس ـ بەستە مەن بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى.

بۇ ئىشلار ماڭا چۈشتەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئەسلىدە مەن بىرەر قېتىممۇ «باشلىق» بولۇپ چۈشمىگەنىدىم. ھازىر مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم چۈش ئەمەس، بەلكى ئوڭۇم ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.

«مانا مەن دېمىدىممۇ، مۇشۇنداق بولۇشىدىن بۇرۇنلا ئەنسىرىگەنىدىم!» دېگەن ئوي مېڭەمنى چۇلغىۋالدى. مەن ئالدىراپ:

— باشلىق مەن ئەمەس، باشلىق بۇ كىشى! — دەپ دەرھال كاتىب سىياقىدىكى باشلىقىمنى كۆرسەتتىم. ئاندىن تەمتىرەش، ھودۇقۇش ۋە خىجىللىق ئىچىدە باشلىقىمغا قارىدىم. ئۇ بىر چەتتە ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە بىزگە قاراپ تۇراتتى.

مەن دىققىتىمنى باشلىقىمدىن يۆتكەپ، بىزنى قارشى ئېلىۋاتقان كىشىلەرگە قارىدىم. ئۇلار ھازىر «چاقچاق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالدىمۇ ياكى «ئىككىلىسىدىن قايسىسى باشلىقتۇ؟» دەپ كۆڭۈللىرىدە جەزملەشتۈرەلمەي قېلىۋاتامدۇ؟ ئەيتاۋۇر ئۇلار بىر ماڭا، بىر باشلىقىمغا قارىغىنىچە ئۈن ـ تىنسىز تۇراتتى...

— ھۆرمەتلىك كىتابخان! ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ ماڭا

بىر مەسلىھەت بېرىڭچۇ! — ئەتىدىن باشلاپ مەن باشلىق بىلەن، بولۇپمۇ ئۆزى ۋىجىك، باشلىقتەكمۇ كۆرۈنمەيدىغان باشلىق بىلەن بىللە تۆۋەنگە بېرىشنى تەرك ئېتەيمۇ ياكى يۇقىرىدىن بىزگە سېمىز ۋە سالاپەتلىك باشلىق ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلايمۇ؟ يا بولمىسا بۇ باشلىقىمنى بورداپ سەمرىتەيمۇ؟ ۋە ياكى بولمىسا ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە باھا بېرىش ئۇسۇلى ۋە ئەمىلىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان غەلىتە ئېڭى تۈزەلگۈچە مۆكۈپ ياتايمۇ؟ يا بولمىسا باشلىق بىلەن تۆۋەنگە بارغاندا «مەن باشلىق ئەمەس» دېگەن چوڭ خەتلىك ۋىۋىسكىدىن بىرنى بويىنۇمغا ئېسىۋالايمۇ؟ يا بولمىسا. . .

## تونۇشلۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ قالمىسۇن

ئەخمەت ئۇنىڭ جاۋاب خېتىنى قولىغا ئالغىنىدا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالدى. خۇددى چوڭقۇر ھاڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، دەرد ـ ئەلەم دېڭىزىغا چۆكۈپلا كەتتى. «ئاھ خۇدا، نېمە دەرد بۇ، مېنى يەنە نېمە قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ؟» ئۇ ئاسمانغا قاراپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى.

«ئىشق ئوتى شۇنداق نېمىكەن. بىر بولسا ئۇ خۇشاللىق بەخش ئېتىپ، بەخت يولىغا باشلايدىكەن، بىر بولسا داغ ـ ھەسرەتتە قالدۇرۇپ، ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدىكەن. ئەخمەتكىمۇ ئالدىنقىسى يار بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!...»

ئەخمەت ساھىبجامال چوكان — گۈلقىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. چۈنكى، گۈلقىز ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا مۇھەببەتكە تەشنا يۈرىكىگە ئىشق ئوتىنى يېقىۋەتكەنىدى. گۈلقىزنىڭ تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بويى، غۇنچىدەك چىرايلىق چېھرى، ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرى، تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قاش ـ كىرپىكلىرى، ئويماقتەك ئاغزى، ئىلىپتەك بۇرنى ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كىشىگە چەكسىز ھۇزۇر بېغىشلايدىغان يېقىملىق سۆزلىرى، بۇلبۇلنىڭكىدەك تولىمۇ جاراڭلىق كۈلكىلىرىنى دېمەيسىز تېخى؟...

«مۇنداق ئېتىمۇ گۈل، ئۆزىمۇ گۈل چوكاننى ئۆزۈڭگە

ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىۋالىساڭ، جەننەتكە كىرگەندەك بولمامسەن؟ مۇشۇنداق گۈل خېنىم بىلەن بىللە ياشىساڭ، كۆڭلىرىڭنىڭ غەمسىز، خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدىغانلىقىدا، ئۆمرۈڭنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدا گەپ يوق» دەيتتى ئەخمەت ئۆز ـ ئۆزىگە ھاياجان ئىچىدە! . . .

ئەخمەت ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، شۇ مەھەللىدىن ئەگىپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دەردىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە «ھالى خاراب، باغرى كاۋاپ» بولۇپ يۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ھە دېگەندىلا جۈرئەت قىلالمىدى. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ خىل غەيرەت ـ شىجائەت نەدىن كەلدىكىن، ئۇ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بىلەن گۈلقىزنى ئۆيىنىڭ يېنىدىكى يول ئۈستىدە كۈتتى. بىر چاغدا گۈلقىز ئاستا قەدەم تاشلاپ كەلدى.

— ياخشىمۇ سىز گۈلقىز؟ . . . — ئەخمەت ئالدىغا بېرىپ ئەھۋال سورىدى.

گۈلقىز ئۇنىڭغا ئۇچۇق چىراي، يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

بۇنىڭدىن كۆڭلى چەكسىز يايراپ كەتكەن ئەخمەت گۈلقىزنىڭ كۆزىگە مۇھەببەت ئوتلىرى ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ، ئاندى دېدى:

— خېتىمگە جاۋاب ئالغىلى كەلدىم.

گۈلقىز ئەخمەتكە سىنچى كۆزىدە قارىدى، كۆڭلىدە «خېلى جايىدا كىشىكەنغۇ؟» دېگەننى ئويلىدى ـ دە، ئاندىن:

— ئۇ خەتنى سىز يازغانمىدىڭىز؟ . . . — دەپ سورىدى.

ئەخمەت: «خەتنى مېنىڭ يازغىنىمنى تېخى بىلمەپتۇ ـ دە. . .» دېگەننى كۆڭلى ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ:

— ھەئە، سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىن بېرى ئىشق

ئوتىڭىزدا قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، دەردىمگە داۋا تاپالماي، ئاخىر شۇ خەتنى يازغانىدىم، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن.

گۈلقىز ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئەخمەت ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي تۇراتتى. گۈلقىز بىر ئازدىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەخمەتتىن:

— سىز مېنى دەسلەپ نەدە كۆرگەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ شۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى.

— مەن سىزنى دەسلەپ ئىشلەۋاتقان يېرىڭىزدە كۆرگەن! — جاۋاب بەردى ئۇ تەبەسسۇم بىلەن.

— كېيىنچۇ؟

— ئەسمەتۇللا ئاكام بىلەن بىنانىڭ يېنىدا...

ئەخمەت زاۋۇت ئىش بىناسىنىڭ ئالدىدا ئەسمەتۇللا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان قىياپەتتە گۈلقىزنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ يەرگە ئۇنى مۇشۇ زاۋۇتنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى ئەسمەتۇللا ئاكا باشلاپ كەلگەنىدى. ئەسمەتۇللا ئاكا ئېگىز بوي، ئورۇقىنا كەلگەن، ئىشچان، تولىمۇ سەممىي ئادەم ئىدى. ئۇ ئەخمەتكە كۈلۈپ تۇرۇپ: «گۈلقىز سىزگە ئۇناپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەنىدى.

گۈلقىز بىنانىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا زاۋۇتتىن تارقىتىپ بەرگەن بىرمۇنچە نەرسىلەر تۇراتتى. ئەسمەتۇللا ئاكا گۈلقىزدىن:

— ياخشىمۇ سىز گۈلقىز؟ ئىشتىن چۈشكەن ئوخشىمامسىز؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى.

— ھەئە! — ئەسمەتۇللا ئاكا، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟ — دېدى گۈلقىز جاۋابەن.

ئەسمەتۇللا ئاكا گۈلقىز بىلەن سالاملىشىۋاتقاندا ئەخمەت

گۈلقىز بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملىشىپ قويدى.
— ئەجەب جىق نەرسە ئاپسىزغۇ؟ — دېدى ئەسمىتۇللا ئاكا گۈلقىزنى گەپكە سالماقچى بولۇپ.
— بەرگىنىنى ئالدىم، قانداق؟ سىزچە جىق كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟
— كۆزۈمگە شۇنداق جىق كۆرۈنۈۋاتىدىغۇ؟ — دېدى ئەسمىتۇللا ئاكا. ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ ئەخمەتكە قاراپ كۆزىنى چىمىلدىتىپ قويدى.
— ئەگەر جىق كۆرۈنگەن بولسا، سىزگە ئازراق بېرەيمۇ؟
— بولىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر كۈلۈشمەك بولدى. شۇ چاغدا گۈلقىزنىڭ يېقىملىق كۈلكىسى ئەخمەتنىڭ قەلبىدىكى ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى.
— سىز ئەسمىتۇللا ئاكامنى بۇرۇندىنلا تونۇمتىڭىز؟ — گۈلقىز ئەخمەتتىن يېقىملىقىنا سورىدى.
— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ، ئۇ يېقىن بىر ئاغىنەمنىڭ قوشنىسى ئىدى. ئۇ سىز بىلەن مېنى كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن شۇ يەرگە ئالايتەن باشلاپ بارغانىدى.
— مۇنداق دەڭ، بۇ گەپچە سىز مېنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ . . . — گۈلقىز تارتىنچاقلىق بىلەن يەرگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى.
— شۇنداق، سىزنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم.
گۈلقىز قەددى ـ قامەتلىك ئەخمەتنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. كۆڭلىدە «يۇمۇرلۇق ئادەمكەن بۇ!» دەپ ئويلىدى.
— بۇرۇن ھەر ئىككىمىز مۇھەببەتتىن كۆڭلىمىز سۇ ئىچمىگەن، ئەمدى ئىككىمىز مۇھەببەتلىك ئائىلە قۇرايلى! — ئەخمەت مەجنۇنلاردەك توختىماي سۆزلەۋاتاتتى.

گۈلقىز ئۈيلىنىپ قالدى. ئاندىن ئاستاغىنا دېدى:

— كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققىي بارمۇ؟...

دېگەندەك دەسلەپتە تەلەي كەلمىگەندىكىن ئادەمنىڭ كۆزى سەل قورقىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

— سىز قورقماڭ، بۇرۇن تەلىيىمىز كەلمىگەن بولسا، ئەمدى كېلىدۇ. ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت... دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. مەن سىزنى چوقۇم بەختلىك قىلالايمەن.

گۈلقىز شۇ تاپتا ئەخمەتنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە، يېقىملىق چىرايىغا يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ ئاغزىنى ئەمدى ئۆمەللىۋىدى، ئائىلىلىكلەر قورۇسى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئالتە ياشلار چامىسىدىكى ئوماق بىر قىزنى كۆرۈپ گېپىنى دەماللىققا دېيەلمىدى.

ئۇ قىز گۈلقىزنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ:

— ھەدە، ئاپام سىزنى ئۆيگە كىرىپ تامىقىنى يەۋالسۇن دەۋاتىدۇ! — دېدى.

— بۇ مېنىڭ قىزىم! — دېدى گۈلقىز قىزىنى ئەخمەتكە تونۇشتۇرۇپ.

— بەك ئوماقكەن، — دېدى ئەخمەت خۇشال بولغان ھالدا. ئۇ بىردە ئوماق قىزغا، بىردە گۈلقىزغا قارىۋېتىپ، ئاندىن: «ئىككىمىز بىللە بېقىپ چوڭ قىلىمىز» دېگەننى قوشۇپ قويۇپ، قىزنى ئەركىلىتىپ قويدى.

— ئاپام بۇ بالىنى بىزگە بەرمەيدۇ، ئۆيدىكىلەر بۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق! — دېدى گۈلقىز كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇنداق قىلماس! — دېدى ئەخمەت.

گۈلقىز ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەل ئالدىراپ تۇراتتى. يەنە ئىشقا بارمىسا بولمايتتى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئەخمەت گۈلقىزغا قاراپ مۇلايىملىق

بىلەن:

— كىرىپ تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ! — دېدى.

گۈلقىز ئەخمەتكە قاراپ:

— ئۆيگە كىرمەمسىز؟ — دېدى.

— رەھمەت سىزگە، كېيىن چوقۇم كىرىمەن.

گۈلقىز ئەخمەتكە لاپپىدە بىر قارىۋېتىپ مېڭىشىغا كەينىدىن ئەخمەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خېتىمگە ماقۇل جاۋابىنى كۈتىمەن.

گۈلقىز كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن گۈلقىز سېخقا كىرىشى بىلەنلا تۆت ئايال تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى.

— گۈلقىز، بايا كىم بىلەن كۆرۈشتىڭىز؟

— ھېچكىم بىللەن!...

— ھېچكىم بىلەن دەۋاتقىنىنى... بىز ئۆيگە كىرىپ تاماق ئەتمەستە ھېلىقى كىشى بىلەن سۆزلەشكىلى تۇرۇپتىكەنسىز، تامىقىمىز پىشقۇچە گېپىڭلار تۈگىمىدى، تامىقىمىزنى يەپ بولۇپ قارىساقمۇ يەنە سۆزلىشىۋاتىسىلەر، نېمانداق تۈگىمەيدىغان گەپلەركەن ئۇ!...

بۇ گەپلەر گۈلقىزنىڭ قەلبىگە نەشتەردەك سانجىلىۋاتاتتى، ئۆز ئەركىنلىكىگە چاڭ سېلىۋاتقان بۇ گەپلەرگە ئىچ ـ ئىچىدىن غەزەپلىنىۋاتقان بولسىمۇ، «قېنى بۇلار يەنە نېمىلەرنى دەركىن؟» دېگەن ئوي بىلەن ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

— ئۇ بىر نېمە قېشىڭىزغا ئىككىمىز توي قىلايلى، دەپ كەپتىمۇ؟ ھەقىچان شۇنداق دەپ كەلگەندۇ ـ ھە؟ — دېدى ياچىۋەكتەك ئورۇق بىر ئايال.

— ياق ...

— بولمىسا نېمىدەپ كېلىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق دەپ كەلگەن

بولسا،— دېدى سېمىزرەك بىرسى،— ھەرگىز ئۇ بىر نېمە بىلەن توي قىلىمەن دەپ يۈرمەڭ!

— ئايالى بەك ياخشى ئىدى، بۇ بىر نېمە بىر چوكانغا بۇزۇلۇپ ئايالى بىلەن بالىلىرىنى تاشلىۋەتتى،— دېدى ئوتتۇرا بويلۇق بىرسى ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ.

— سىلەر ئايالىنى تونۇمتىڭلار؟ ئۇنى سىلەر بۇرۇن كۆرگەنمىدىڭلار؟ — گۈلقىز ئىختىيارسىز ھالدا سوراپ قالدى.

— ئايالىنى نېمىشقا تونۇمايدىكەنمىز؟ ئۇ ئايال ئۇدۇلىمىزدىكى يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنىدا ئىشلەيتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالغان دەڭە، بىز ئۇ بىر نېمىنى دۇكانغا كەلگەندە كۆرگەن، لېكىن پاراڭلىشىپ باقمىغان! — دېدى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە يوغان بىر مېڭى بار ئايال.

بۇ توت ئايال بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ھېلى ئۇنى دېسە، ھېلى بۇنى دەپ، گۈلقىزغا خېلىغىچە ئارام بېرىشمىدى. ئاخىر چىداپ تۇرالمىغان گۈلقىز:

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار، تۇتۇنىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ،— دېدى ـ دە، كۆڭلىدە: «بۇلاردىن بىردەم بولسىمۇ نېرى تۇراي» دېگەندەك قىلىپ، ئىشقا لازىمەتلىك ماتېرىيال ئالغىلى نېرىسىغا كەتتى.

ئۇ كەتسىمۇ بۇ ۋاتىلداق خوتۇنلارنىڭ ئاغزى پەقەت بېسىلاي دېمىدى. بەزىلىرى: «بۇنىڭ تەگكۈسى بار ئوخشايدۇ» دېسە، بەزىلىرى: «ئۇزاق بولدى، ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلىشتى.

قارىغاندا، بويتاق ئەرلەر خوتۇن ئالالمىسا، تۇل ئاياللار ئەرگە تېگەلمىسە، ئاندىن بۇلارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدىغاندەك قىلامدۇ نېمە؟... ھەي بۇ كاس ـ كاس خوتۇنلارنىڭ تاپمايدىغان گېپىمۇ بارمىدۇ بۇ دۇنيادا...

گۇلقىزنىڭ خىلىغىچە قولى ئىشقا بارمىدى. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ بىر ھازاغىچە ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئاتا - ئانىلىرى ئۇخلاپ قالغاندا ئەخمەتكە جاۋاب يازدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تونۇشلۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ قالسۇن، تۇرمۇشتىن ئېغىز ئاچماڭ!»

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. گۇلقىز بازاردىن ئوتياش ئېلىپ كېلىۋېتىپ، يولدا قوشنىسى رۇقىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. رۇقىيە ئالدى بىلەن سۆز ئېچىپ:

— سىز ئۆتكەندە ئەخمەت بىلەن سۆزلىشىپ تۇراتتىڭىزغۇ؟ — دېدى، ئاندىن ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا بىر قارىۋېتىپ، — ئۇ بەك بەلەن ئادەم جۇمۇ! — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

— سىز ئەخمەتنى تونۇمتىڭىز؟ — گۇلقىز رۇقىيەدىن ھەيران بولۇپ سورىدى.

— نېمىشقا تونۇمىغۇدەكمەن، بىز بۇرۇن تام قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان تۇرساق! ئۇ بەك ياخشى، ئەقلى، بىلىمى بار ئادەم. ئۇ تېخى قوشنىلارنىمۇ شۇنچىلىك ھۆرمەت قىلاتتى.

— بۇرۇنقى ئايالىنى بىلەمتىڭىز؟ — نېمىشقىدۇر گۇلقىزنىڭ يەنە بۇنىمۇ سورىغۇسى كەلدى.

— يېنىمىزدىكى دۇكاندا ئىشلىگەن ھىلىقى ھازازۇل خوتۇننى دەمسىز؟ . . . ئۇ بەك ئەسكى ئايال دەڭە، ئۇ ئەخمەتكە ۋاپاسىزلىق قىلدى، ئەخمەتنىڭ ئۇنى قويىۋۋەتكىنىمۇ بىر ھېسابتا بەكمۇ جايىدا بولدى. ئۇنىڭ تېخى «ئاجراشمايمەن، ئاجراشسام مال - دۇنيانىلا ئالىمەن، بالىنى ئالمايمەن» دەپ قىلغان ئەسكىلىكلىرىچۇ تېخى، نومۇسنى بىلمەيدىغان ئۇ خوتۇننىڭ! — دېدى رۇقىيە.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى گۇلقىز ئاستاغىنا بېشىنى تۆۋەن

سېلىپ.

— ئەخمەت سىزگە توي قىلايلى... دېگەنمۇ؟

— ھەئە.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟

— ...

— ئەخمەق قىز، ماقۇل دېسىڭىزچۇ! ئۇ چوقۇم سىزنى بەختلىك قىلالايتتى.

— بەزى خوتۇنلارچۇ! ... — گۈلقىز ئىشداشلىرى ئېيتقان ھېلىقى گەپلەرنى رۇقىيەگە بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ بىر نېمىلەر نېمىنى بىلەتتى، بىلىدىغان ئادەم مانا مەن! ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىڭىز بولاتتى...

— تېلېفون بېرىپ ئايرىم سۆزلىشىپ باقايلى، دېسىمۇ ئۇنىماپتىمەن.

— ئۆزۈمدىن ئۆتكەن، قولۇمدىن كەتكەن ... ئەمدى پۇشايمان قىلسىڭىزمۇ بىكار،— دېدى رۇقىيە ئۇھ تارتىپ. گۈلقىزنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى.

كېيىن كىشىلەر ئەخمەتنىڭ بىر چوكان بىلەن توي قىلىشىپ، بالىلىق بولغانلىقى، بالىسىنىڭ خېلى چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى؛ گۈلقىزنىڭ بولسا، بىر پىخسىق ئادەمنىڭ قولىغا چۇشۇپ قېلىپ، يەنە ئاجرىشىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئاڭلىدى.

# كوچىدىكى پاراڭلار

تومۇز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. چەكسىز كەتكەن كۆك ئاسماندا ئەتىگەندىن بېرى لەيلەپ يۈرگەن دۈپدۈگىلەك ئوت چەمبىرىكىنىڭ مەغرىب تەرەپكە قىيسايغىنىغا خېلى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تونۇردەك قىزىق تەپتى تېخى يانمىغانىدى.

تار، لېكىن ئۇزۇن كەتكەن ئارقا كوچىدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال پايپاسلاپ يانمۇيان مېڭىپ كېلىشىۋاتاتتى.

ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىلىق قالدۇرماي ياندىشىپ مېڭىشىدىن ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ھاۋانىڭ قىزىق تەپتىدىن تەرلەپ - پىشىپ كەتكەچكىمۇ ياكى چارچاپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان، چاچلىرىغا ئاندا - مۇندا ئاق سانجىغان، بويى پاكار، سېمىزرەك كەلگەن ئەر بىلەن ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىراي، يۈزى ئۇزۇنچاقراق كەلگەن ئايالىنىڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ زادى ماڭغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ماڭغانسېرى يولى ئاۋۇمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئازابقا ئېرى ئۇندىمەي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتقىنى بىلەن، ئايالى ۋالاقتەككۇردەك ئاغزى بېسىلماي كېلىۋاتاتتى.

— سىز نەدىكى بىر قاملاشمىغان يولغا باشلىمىغان بولسىڭىز، بۇ چاغقىچە ئاپتوبۇس بىلەن بارىدىغان يېرىمىزگە بېرىپ بولاتتۇق، — ئۇ سۆزلىگەنسېرى چىرايى يامغۇرلۇق بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— تولا قايناۋەرمىگە خوتۇن، يەنە ئازراقلا ماڭساق چوڭ يولغا چىقىمىز، — ئاپتوبۇسقا شۇ چاغدا چۈشسەكمۇ تېخى ئانچە

كېچىككەن بولمايمىز،— ئېرى شۇنداق گەپلەر بىلەن ئايالىنى بەزلەپ، ئۇنى يەنە ئازراق بەرداشلىق بېرىشكە ئۈندەپ كېلىۋاتاتتى.

— سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن شۇ تاپتا پۇت - قولۇمدا زادى جان قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ توپلىيىم!...

— توپلىيىڭىزدا چاتاق يوق خوتۇن... پۇت - قولىڭىز ئاغرىپ، مېڭىشقا مادارىڭىز يەتمىگەن بولسا، سىزگە بەلكىم قېرىلىق يەتكەندۇ، ئادەمگە قېرىلىق يەتكەندە ئاشۇنداق پۇت - قولىدا جان قالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ، ئېرى قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تەگكىلى تۇردى.

— ھوي، ماڭا بىر قارىڭا، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەن گەپ بار. ئېيتىڭا، كىمگە قېرىلىق يېتىپتۇ، ماڭىمۇ ياكى سىزگىمۇ؟... مېنىڭچۇ، ئۇن گۈلۈمنىڭ ئەمدى بىر گۈلى ئېچىلدى جۇمۇ؟ — شۇ تاپتا ئايالىنىڭ چىرايىدا تولىمۇ غەلىتە ۋە چۈشىنىكسىز بىر خىل ئىپادە ئەكس ئېتەتتى.

— ئاشۇ ئون گۈلىڭىزدىن ئاران بىرسى قالغاندۇ خوتۇن؟ — ئېرى ئايالىنىڭ زىتىغا تېگىپ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىلى تۇردى.

— مېڭىڭە نېرى! — تىرىكىپ تۇرغان ئايالى زەردە بىلەن ئېرىنى جەينەكلىدى.

ئايالىنىڭ مۇنداق قوپال تېگىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئېرى تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، يىقىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دېيىشىپ مېڭىپ، كاتتا بىر ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئېرى بىرەر تونۇشىنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن، بۇ ۋاتىلداق ئايالىنىڭ

پىيادە مېڭىپ قالغانلىقى تۈپەيلى، زارلىنىپ ئېيتقان پەلىپەتىش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىت دەل قورۇدىكىلەرنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئىشقا ماڭىدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ بۇيەردىن ھەش - پەش دېگۈچە تېپتىنچ ئۆتۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىش زادى ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك بولارمۇ؟... تۇۋا، قېرىشقاندەك بۇ خوتۇننىڭ بۇ يەرگە يېقىنلاشقانسېرى ساراڭلاردەك تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان!... دېگەنلەرنى ئويلاپ:

— بولدى قىلىڭ خوتۇن! — بۇ يەردىن تىنچراق ئۆتۈۋالايلى. بىرەرسى ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ! — دېدى ئېرى ئايالىنىڭ ئاغزىنى بېسىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

— ئاڭلىسا ئاڭلاۋەرمەمدۇ!... بۇيەردە بىزنى كىم تونۇيتتى؟ — دېدى ئايالى پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن خوتۇن، ماۋۇ قورۇدا مېنىڭ بىر مۇنچە ئاغىنە، ساۋاقداشلىرىم بار، ئۇلار ئۇچراپ قالسا بىكار...

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ۋاتىلداق ئايالىنىڭ ئاغزى تېخىمۇ ئېچىلدى:

— «ماۋۇ ئاداشنى قارا، ئاپتوبۇسقا بەش پۇڭلۇق بېلەت ئېلىشتىن قورقۇپ، ئايالىنى مۇشۇ پىژغىرىم ئىسسىقتا پىيادە ماڭدۇرۇپتۇ» دەپ مېنى ئەيىبلىمەمسۇن دەۋاتامسىز؟ شۇنداقمۇ؟...

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ خوتۇن، ئىشقىلىپ بۇيەردىن مەن دېگەندەك تىنچراق ئۆتۈپ كەتكىنىمىز تۈزۈك...

— ئۇنداق دەيدىغان ئادەم نېمىشقا بۇرۇنراق شۇ ئەقىلگە كەلمىگەن؟ — دېدى ئايالى، — بولمىسا ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ ماڭمامدۇق؟

— تولا چىچىلىۋەرمىگە خوتۇن، (قانچە قىلغان بىلەن ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ.)

ئۇلار شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ئالدىغا تۆت قەدەم مېڭىۋىدى، باياتىن بېرى ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەردى. «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك، ناھايىتى تونۇش بىر ئادەم توساتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تۇرسۇن ئاداش، ياخشىمۇ سەن؟

تۇرسۇن چۆچۈگەندەك يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يوغان كۆز، قوشۇما قاش، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، تولىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، «ماۋۇ ئاداشنىڭ تازا يامان ۋاقتىدا ئۇچراپ قالغىنىنى قارىمامدىغان!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ئاغىنىسى:

— يائاللا تۇرسۇن، باشقا يەردىغۇ بىزنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتكىن، ئۇنىڭغىمۇ بوپتۇ دەيلى. ئىشىكىمىز ئالدىغا كەلگەندىمۇ شۇنداق قىلامسەن؟ — دېدى.

بۇ گەپتىن تۇرسۇننىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. خىجالەتچىلىكتە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— ياق ئاداش، ئۇنداق ئەمەس، — دېگەننى ئاغزىدىن ئاران چىقىرالىدى.

— قېنى ئېيتقىنا، سىلەرنى بۇ تەرەپكە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى ئاغىنىسى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن.

— مۇھىم بىر ئىش بىلەن بىر يەرگە بارماقچىدۇق، بۇيەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى، — دېدى تۇرسۇن تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ. ئاغىنىسى بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا تەكشى بىر قارىۋېتىپ:

— بۇمۇ ياخشى بوپتۇ، مەھەللىمىزگە بىر ئوبدانلا كېلىپ

قاپسلەر، يۇرۇڭلار، ئەمدى ئۆيگە كىرىپ كېتىڭلار! — دېدى ئاغىنىسى ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

تۇرسۇن ئىتتىك ئايالىغا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن «قانداق، بايا دېمىدىممۇ، مېنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئاغىنە ـ ساۋاقداشلىرىم بارمىكەن؟» دەۋاتقانلىقىنى ياكى قانداق قىلىمىز، ئۆيگە كىرەمدۇق؟» دەپ سوراۋاتقانلىقىنى بىر قاراشتىلا بىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. ئايالىنىڭ چىش يېرىپ گەپ قىلماي، بۇ ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى گەپقۇ، دەپ سۈزگىنمۇ ئارىلاشماي تۇرۇۋېلىشىدىن، بۇ تەكلىپكە ئايالىنىڭ ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاغىنىسىگە قاراپ:

— باشقا ۋاقىتتا كېلەيلى! — دېدى.

ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا، مېڭىشقا تەمشەلگەنىدى، كۈتۈلمىگەندە ئاغىنىسى تېخىمۇ بەكرەك تۇتقىلى تۇردى.

— ئۇنداق دېمەي ئۆيگە كىرىڭلار، ھېچبولمىغاندا تاۋۇزۇم بار، پىچىپ بېرەي، بىرئاز بولسىمۇ ئۇسسۇلۇقۇڭلارنى قاندۇرۇۋېلىپ مېڭىڭلار!...

«بولسىغۇ شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىدى تۇرسۇن كۆڭلىدە، مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىقتا كىمنىڭمۇ مۇزدەك تاۋۇز يەپ راھەتلىنىشۋالغۇسى كەلمەيدۇ دەيسىز، لېكىن بۇ چاغدا يەنە ئۇنىڭ كاللىسىغا: «بۇ ئاغىنەم توي قىلغاندىن كېيىن تويىنى مۇبارەكلەپ ئۆيگە كېلىپمۇ باقمىغان تۇرساق، ئەمدى پەقەت بىرنەچچە تىلىم تاۋۇزنى دەپلا ئۆيگە كىرسەك ئانچە ئەپلەشمەس» دېگەن ئوي كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ:

— رەھمەت ئادىل ئاداش، بىز كېيىن كېلىمىز! — دېدى ـ دە، ئادىلنىڭ توسقىنىغا قارىماي، يولىغا راۋان بولۇشتى.

ئۇلار ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە، بۇ

يەردە بىر ياش چوكان پەيدا بولۇپ قالدى. لېكىن ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن نېمىشقىدۇر، بۇ چوكانغا ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كېتىشمىدى. ئەسلىدە بۇ چوكان ئېرىنى ئىشقا ئۇزىتىپ قويغاچ، كەچلىك تاماقتا كۆكتات ئېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانىدى. ئۇ ئەر ـ ئايال ئىككىيلەننىڭ ئېرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېرى بىلەن خېلى يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈچ ـ تۆت قەدەم كەينىدىن مېڭىۋاتقاندا، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆزئارا دېيىشىۋاتقان گەپلىرى بىردىنلا بۇ چوكاننىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— بايىقى كىشى كىم بولىدۇ؟ — ئايالى ئۇرسۇندىن سورىدى.

— مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، ساۋاقدىشىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايالى هەيران بولغان هالدا:

— راستتىنلا شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە.

— ئۇنداقتا ئەجەب مەن بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئايالى. ئۇرسۇن كالتە يۆتىلىپ قويۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ، مەغرۇر قىياپەتتە:

— بۇ چاغقىچە بىلمىگەن بولسىڭىز، ئەمدى بىلىپ قويۇڭ خەلىچخان، مېنىڭ تېخى سىز بىلمەيدىغان نى ـ نى ئاغىنىلىرىم، نى ئېسىل ساۋاقداشلىرىم بار، بۇ ساۋاقدىشىممۇ ئاشۇلار ئىچىدىكى نوچىلىرىدىن بىرى.

— شۇنداقمۇ تېخى؟

— شۇنداق بولمايچۇ!

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا دوقمۇشتىن ئەگىلىپ، سول تەرەپكە بۇرۇلۇشتى. ئۇلارغا بىر خىلدا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان زىلۋا، چىرايلىق چوكانمۇ خۇددى ئۇلاردىن بىرەر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقان كىشىدەك مەلۇم

ئارىلىق قويۇپ، چاندۇرماي كەينىدىن گەپ تىڭشاپ ماڭدى.

— بۇ سىزنىڭ قايسى چاغلاردىكى ساۋاقداشىڭىز؟ — سورىدى خەلىچىخان تۇرسۇنغا كۆز قىرىدا مەنىلىك بىر قارىۋېتىپ.

— ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشىم! — مۇنداق چاغلاردىكى ساۋاقداشلار كۆڭۈلگە بەكمۇ چوڭقۇر ئورنىشىپ كېتىدىكەن.

— توغرا دېدىڭىز، راستتىنلا سىز دېگەندەك بولىدۇ. بىراق مەن بۇ ساۋاقداشىڭىزنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

— سىز كۆرگەن، بەلكى ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ!

شۇ گەپتىن كېيىن خەلىچىخان خېلى ئويلاندى. بىراق، ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ قاچان كۆرگەنلىكىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئېنىقلىۋالغۇسى كېلىپ:

— قاچان، قەيەردە كۆردۇم؟... — دەپ سورىدى.

— بۇلتۇر، دەل بىزنىڭ ئۆيدە كۆردىڭىز!

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— شۇنداق، بۇ خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ! — دېدى تۇرسۇن.

— ئۇنداقتا، بۇ ساۋاقداشىڭىز مەن ئۆيدە يوق چاغدا كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى خەلىچىخان گەپنى تەتۈرىگە بۇراپ.

— ياق خوتۇن، سىز ئۆيدە بار ئىدىڭىز!

خەلىچىخان ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى. لېكىن ئۇ يولدا گەپلىشىپ ماڭسا، ئازراق بولسىمۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى، جاپاسى بىلىنمەيدۇ، دەپ ئويلىدىمۇ ياكى بۇ چاغقا كەلگۈچە زادى تونۇشلۇقى يوق بۇ كىشى توغرىسىدا بىر چۈشەنچە

هاسىل قىلغۇسى كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر مەقسەتلىك سورىغاندەك قىلىپ:

— ئەمىسە ئۇ ساۋاقداشىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە نېمە ئىش بىلەن كەپتىكەن؟ — دېدى.

تۇرسۇن سەل تۇرۇۋېلىپ:

— بۇ ئىشنى دەپ كەلسەك گەپ جىق خوتۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشتىن سۆزلەپ چۈشەندۇرمىسەم بولمايدۇ. بىراق، بۇ گەپلەرنىڭ قۇلىقىڭىزغا يېقىشىمۇ ناتايىن، يەنە كېلىپ توغرا يەكۇن چىقارمىساق تېخى بولمايدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەرۋاھى قىزىق گەز ئۆرلىگەن خەلىچىخان:

بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ تەئەججۇپ ئىچىدە زەردە بىلەن سورىدى تۇرسۇندىن.

— چۈنكى، سىلەر ئاياللار ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بىر گەپ چىقسىلا ھەق - ناھەقنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا، «ئايالنىڭ قاياشى ئايال» دېگەندەك ھە دېگەندىلا ئايال تەرەپكە يان بېسىپ كېتىسىلەر، سىزنىمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

ئەر - خوتۇنلۇققا ئائىت بىرەر قىزىق گەپ - سۆزنىڭ چىقىشىنى كۆڭلىدە جەزملەشتۇرگەن خەلىچىخان ئالدىراپ - تېنەپلا:

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، بەش قول ئوخشىمايدۇ! — دېدى خەلىچىخان.

تۇرسۇن كۇلۇپ قويۇپ:

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى - دە، خەلىچىخاننىڭ چىرايىغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— قارىغاندا بۇ مەسىلىدە ئاغىنىڭىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرى بار ئوخشىمامدۇ؟

— مانا دېمىدىمۇ خوتۇن، سىز تېخى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقمايلا ئەيىبنى ئاغىنەمگە قويۇۋاتىسىز! — دېدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى سەل تۈرۈلگەندى.

— ئەمىسە؟

— سىز بۇ گەپنى ئاۋۋال ئاڭلاپ بېقىپ، ئاندىن بىر نېمە دېمەمسىز؟ گېپىڭىز بولسا شۇ چاغدا دېسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى تۇرسۇن ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ.

خەلىچىخان شۇ ھامان بىر قىزىرىپ، بىر تاتاردى ـ دە:

— ماقۇل ئەمىسە، قۇلىقىم سىزدە، گېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ! — دېدى.

تۇرسۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— مېنىڭ بۇ ساۋاقدىشىم ئۆزى ناھايىتى كېلىشكەن، قاۋۇل، كۆڭلى تۈز، مەرد يىگىت (قىزلار ئادەتتە مۇشۇنداق يىگىتلەرنى ياقتۇرىدۇ، شۇنداققۇ؟) بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ دەسلەپكى خوتۇنىدىن زادى تەلىيى كەلمىدى، — دېدى.

— بۇ گەپچە ساۋاقدىشىڭىز ئاۋۋالقى خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن ـ دە؟ — مۇنداق مەسىلىلەردە تولىمۇ سەزگۈر كېلىدىغان خەلىچىخان ئىچى تىتىلداپ، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا تۇرسۇننىڭ گېپىگە قوشۇق سالدى.

— شۇنداق، توغرا دېدىڭىز!

— ئۇ خوتۇن ئەسكىمىكەندۇق؟ — خەلىچىخان كۆزلىرىنى شۇ تاپتا پىيالىدەك قىلىپ، ئىنچىكىلەپ سورىغىلى تۇردى.

— ھەئە، گەپنى سەل ئۇزاقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭ، — دېدى تۇرسۇن، — بۇ ئاغىنەمنىڭ ئانىسى سەل كېسەلچان ئىدى. شۇڭا، ئەتراپىدا ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن شۇنچە كۆپ گۈزەل قىزلار تۇرسىمۇ، ئۇلارغا نەزىرىنى سالماي، ئانامغا ياخشى مۇئامىلىدە بولارمىكىن؟ دېگەن ئۈمىد بىلەن

يېزىدىن ئۆيلەندى. ئۇ ئەزەلدىنلا يېزا قىزلىرىنى تۈز، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ۋاپادار كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتى... شۇنداقلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە. بىراق، ئاغىنەمنىڭ تۇغقىنىمنىڭ قىزىكەن، دەپ ئالغان خوتۇنى ئۇنداقلاردىن چىقماي قالدى. خۇددى بەزى ئۆگەي ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي بالىلىرىغا ئاشنىڭ سۇيۇقىنى، ناننىڭ كۆيۈكىنى بەرگەندىمۇ بەكرەك قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى زادىلا تارتمىدى، ھەتتا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى، دېسەكمۇ ھېچقاچان مۇبالىغە قىلمىغان بولىمىز. بىر كۈنى بىر قوشنىسى بىر ئىش بىلەن ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قېلىپ، ئۇ ئايالنىڭ قوغۇننى كاسا قىلىپ يەۋاتقانلىقىنى، قېيىنانىسىنىڭ بولسا، ئىدىشتىن سوغۇق سۇ ئېلىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ھاڭ - تاڭلىقتا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قېلىپ:

— ساجىدە، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ قوغۇننى قېيىنانىڭىز بىلەن تەڭ يېسەڭلار بولمامدۇ؟ — دەپتىكەن.

ئۇ خوتۇن قىلچىمۇ خىجىل بولماي، قېيىنانىسىنىڭ يۈزىدىن - يۈزىگە:

— بۇ خوتۇنغا ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھېلىغۇ ئىككى تىلىم قوغۇن بېرىپتىمەن، بەرمىسەم قانداق قىلالايتتى؟ سوغۇق سۇ ئىچسە بولىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز تۇرسۇن؟ ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇنچىلىكمۇ قىلىپ كەتمىگەندۇ؟ — دېدى خەلىچىخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، گويا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— ئىشەنگۈڭىز كەلمەيۋاتىدۇ - ھە، تەخىر قىلسىڭىز ئاڭلايسىز، بۇ نائىنساپ خوتۇننىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يامان يەرلىرى تېخى ئاخىرىدا، — دېدى تۇرسۇن چېچىلغان ھالدا.

— قېنى دەڭە ئەمىسە؟

— ئاڭلىسىڭىز ئاندىن دەيمەن. مۇبادا قۇلىقىڭىزغا ياقمىسا

دېمىسەممۇ بولىدۇ.

— قېنى ئاتلاپ باقاي!

— ئۇنداق بولسا ئاتلاپ تۇرۇڭ، بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۇ خوتۇننىڭ بىر تۇغقىنى كەلگەنىكەن، ئۇلار ئىككىسى گۆشنان پىشۇرۇپ يەپتۇ، لېكىن، بىچارە ئانا خۇددى بوۋاق بالا ئانا ئەمچىكىگە تەلمۈرگەندەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ ئولتۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا گۆشناندىن بىرەر پارچە بېرەيمۇ دېمەپتۇ. ئۇ خوتۇن شۇنداق كۆڭلى قارا، نائىنساب بىر نېمىكەن ئەمەسمۇ؟ . . .

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى خەلىچىخان تۇرسۇننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادىلىپ.

تۇرسۇن ئىچىدە راسا بىر كۈلۈۋېتىپ، ئاندىن خوتۇنىغا بىر قىسما قاراپ قويۇپ:

— مانا دېمىدىممۇ؟ سىلەر خوتۇن خەقلەر مۇشۇنداق كېلىسىلەر، ھە دېسىلا ئايال كىشىگە يان باسىسىلەر ئەمەسمۇ؟ سىز مۇشۇ تۇرقىدا ئۆزىڭىز زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئوسال بىر خوتۇنغا يان بېسىۋاتىسىز!

— نەدە يان بېسىپتىمەن، يان باسمىدىمغۇ . . . سىزمۇزە قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز! — دېدى خەلىچىخان تۇرسۇنغا باتنىغاندەك قىلىپ.

— ئەمىسە نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز دەيسىزغۇ! مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن گېپىڭىز بولسا دېسىڭىزمۇ بولىدىغۇ — دېدى تۇرسۇن.

— رەنجىمەي گەپلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسىلە! — ئېرىنىڭ گېپىنى توختىتىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن خەلىچىخاننىڭ ئاۋازى پەسىيىپ، نېمىشقىدۇر بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك قىلدى، ئېھتىمال ئۇ سەل خىجىل بولۇۋاتسا كېرەك.

— تېخى ئۇ خوتۇنـنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يامان يېرى بارمىكەن؟ — دېدى.

— ئۇ خوتۇننىڭ ھېلىقىدەك نائىنسابلىق قىلغان تەرىپىنى ھازىرچە سالاۋاتقىمۇ چىقىرىۋېتىپ تۇرايلى. چۈنكى، بىر ئادەم بىرەر تىلىم قوغۇن ياكى بىرەر پارچە گۆشنان يېمىگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ! شۇنداقمۇ؟

— لېكىن! . . . — دېدى تۇرسۇن خۇددى گېلىغا بىر نېمە تۇرۇپ قالغاندەك گېپىنى دەماللىقا دېيەلمەي.

— نېمە؟ . . . كېيىن بىر ئىش بوپتىما؟ . . .

تۇرسۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ، ئاندىن دېدى:

— بىر كۈنى قېينانىسى سىرتتىكى ھاجەتخانىغا بېرىپ قايتىپ كەلگۈچە ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋاپتۇ. ئۇ چاغدا ھاۋا سوغۇق بولۇپ، تالادا يامغۇر ئارىلاش قار يېغىۋاتقانىكەن.

— قىزىم، ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ! — دەپتۇ ئانا.

ئۆي ئىچىدىن زۇۋان چىقماپتۇ.

— قىزىم، ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ، تالا بەك سوغۇقكەن،— توڭلاپ كېتىۋاتىمەن، مەن ئۆيگە كىرىۋالاي! — دەپتۇ ئانا يېلىنىپ.

ئۆي ئىچىدىن خۇددى ئادەم يوقتەكدەك يەنىلا ئاۋاز چىقماپتۇ.

— قىزىم، ئۇنداق قىلماي ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ. . . مەن توڭلاپ زادىلا بولالمايۋاتىمەن! — ئانىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ بوش، تولىمۇ ئاجىز چىقىپتۇ!

بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن خۇددى كالا مۆرىگەندەك ناھايىتى قوپال، ناھايىتى سەت ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ھوي، ئۆلگۈر قېرى! تېخى مېنى قىزىم دەۋاتىسەنا؟ ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل. مەن سېنىڭ قىزىڭ ئەمەس. ئەمدى مەن سېنى ئۆيگە كىرگۈزمەيمەن. نەگە بارساڭ بار، بۇ

ئۆيدىن تېز يوقال!
بۇلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا تۇرسۇننىڭ ئاشۇ تولىمۇ بىچارە، مىسكىن ئانىغا ئىچى ئاغرىپ، چەكسىز ھېسداشلىقى قوزغىلىپ كەتتى بولغاي، يۈركى گويا ئېغىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، قوشۇمىلىرى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.
— ۋاي خۇدايىمەي، تۇرسۇن، سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، مەن ئوڭۇمدىمۇ - چۈشۈمدىمۇ زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى سىزدىن ئاڭلاۋاتىمەنغۇ؟ . . . مەن بۇ گەپلەرنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم! كېلىن دېگەن قېينانىغا شۇنداق ئۆچمەنلىك قىلغان بارمۇ؟ ئەگەر بۇ گەپلەر راستتىنلا سىز دېگەندەك بولسا، ئۇ بەكمۇ ئەسكى، ھازازۇل، ئۆتۈپ كەتكەن نائىنساب خوتۇن ئىكەن جۇمۇ! — شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ خەلچىخاننىڭ پۇت - قولىنىڭ جان - پېنى قالمىدى. شۇڭا ئۇ خۇددى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، «ئۇھ، ھېرىپ كەتتىم» دەپ ئېرىگە يۆلەنگىنىچە، كوچا ياقىسىدىكى گۈللۈك يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.
باياتىن بېرى شۇنچە ئالدىرىغان، ھەتتا «ئاپتوبۇسقا چۈشكەن بولساق بۇ چاغقىچە بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولاتتۇق» دەپ بىر ھازاغىچە ئېرىنى ئەيىبلىگەن خوتۇنىنىڭ ئەمدى تۇرۇپلا بىر يۈز سەكسەن گرادۇس ئۆزگىرىپ، خۇددى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھېچ ئىشى يوق كىشىدەك بەخىرامان ئولتۇرۇۋاتقىنى نېمىسى؟ . . .
بۇنى ھېچ چۈشىنەلمىگەن تۇرسۇن خوتۇنىغا تەئەججۇپ ئىچىدە قاراپ:
ھوي خوتۇن، سىزگە نېمە بولدى؟ بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟— دەپ ۋارقىرىۋەتتى.
— ئوھوش، ئەجەپ گەپ قىلىدىكەنسىز؟ بولغۇلۇق

بولدى، ئەمدى ئالدىراپ نېمە قىلىسىز؟ سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن بايىلا بېرىپ بولىدىغان يەرگە ھازىرغىچە بېرىپ بولالمىدۇق، كېچىكتۇق. بۇنىڭغا ئەمدى نېمە ئامال بار؟ شۇڭا ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىپ، سىزمۇ ئولتۇرۇۋېلىڭ! بۇيەردە ھېكايىڭىزنىڭ ئايىغىنى تۈگىتىۋېتەرمىز، — دېدى خەلىچىخان غەمسىز كىشىدەك ئۇدۇلىغا — كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ.

تۇرسۇننىڭ ئۇنىڭ بۇ قىلىۋاتقىنىغا ئىچى پۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «سىز ئالدىرىمىغان يەردە، مەن ئالدىراپ باراتتىم؟...» دېگەن ئوي بىلەن خەلىچىخانىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۆرە تۇردى، كېيىن مېڭىش زادى خۇشىياقمىغان كىشىدەك يېنىدا ئولتۇرۇۋالماقچى بولدى. بۇ چاغدا خەلىچىخان سەل تەڭگەندەك قىلىپ:

— ھوي غوجام، گەپ قىلمىسا، ھېچ ئۆزىڭىزنى بىلەي دېمەيسىزغۇ؟ مېڭىڭ، ئاۋۇ يەرگە بېرىپ، چوكامۇز ئەپكېلىڭ! — دېدى.

— چاتاق يوق خوتۇن!

ئۇ خوتۇننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇلارغا باياتىن بېرى ئەگىشىپ گەپ تىڭشاپ كېلىۋاتقان چوكانمۇ مانا ئەمدى ئۇلاردىن ھېچ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك ياكى بولمىسا «خېلىدىن بېرى ئاڭلىدىم، ئەمدى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ قوياي!» دېگەندەك قىلىپ، چوكامۇز شورىغاچ نېرىسىدىراق ئولتۇردى.

— قېنى سۆزلىمەيسىزغۇ؟ — خەلىچىخان ئېرىنى داۋاملىق سۆزلەشكە ئالدىراتقىلى تۇردى.

ئىچى پۇشۇپ خىيالى چېچىلىپ كېتىۋاتقان تۇرسۇننىڭ ھېكايىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان يېرىنى ئەسلەپ تېپىۋالغۇچە ئالاھەزەل خېلى ۋاقىت ئۆتتى، تاقەتسىزلىنىپ ئىچى تاقىلداپ كەتكەن خەلىچىخان:

— ھە، دەڭە، قېينانىسىنى ئۆيگە كىرگۈزمىگەننىڭ

ئۈستىگە ئاغىنىڭىز توساتتىن كېلىپ قالماپتىمۇ؟ — دېدى.
— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس - تە، چۈنكى ئاغىنەم بىر يۈز نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانىكەن.
— مۇنداق دەڭ، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى قاراڭ؟ ئاغىنىڭىز خېلى يىراق يەردىكەن ئەمەسمۇ؟ — خەلىچىخان ئۇھ، دەپ بىر ئاز تىنىۋالدى. ئاندىن يەنە، — كېيىن ئاغىنىڭىزنىڭ ئانىسى قانداق قىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.
تۇرسۇن چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋېتىپ، ئاندىن مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:
— ئۆيگە كىرىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان مىسكىن ئانا نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى، قايسى ئوتتا كۆيۈپ، قايسى سۇدا ئېقىشىنى بىلەلمەي، ئاخىرىدا «ئاشۇ بىچارە بالامنىڭ يېنىغا كېتەي، نېمە بولسام يېنىدا بولاي» دېگەن يەرگە كېلىپ، ئاغىنەم ئىشلەيدىغان يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. نائىنساب، قارا يۈز خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن ئاشۇ شۇۋىرغانلىق سوغۇق كۈنلەردە ئۈچ كېچە - كۈندۈز تالادا يۈرۈپ، ئاچلىق ۋە سوغۇق ئازابىدا بولالماي، بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن ۋاقىتسىز خوشلىشىپتۇ...
— ۋاي بىچارە، ۋاي رەھمەتلىكىم،— خەلىچىخان قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان كۈچلۈك غەزىپىنى بېسىۋالماي ئۈنلۈك تولۇقلىدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى قاتتىق تۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتاتتى.
— ئەڭ ياخشىسى ئادىل ئۇ نائىنساب خوتۇنىدىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قۇتۇلۇپ كەتكەن بولسا، بەك ياخشى بولاتتى،— دېدى تۇرسۇن سەل - پەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.
— ئەمىسە نېمىشقا شۇنداق قىلماپتۇ؟ — ئۇ زامانلاردىكى

ئىشلارنى گويا ئۇقمايدىغاندەك خەلىچىخان بەئەينى كىچىك بالىدەك سورىدى.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز خوتۇن، — دېدى تۇرسۇن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — خوتۇن ئاجراشمايمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاندىكىن ئامال يوق - تە، سوتمۇ پەقەت ئەر - خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپ تولۇق قوشۇلغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئاجراشتۇرىدۇ. بىرى ئاجرىشىمەن دەپ، يەنە بىرى ئاجراشمايمەن دېسە، باشنى تامغا ئۇرغان بىلەنمۇ ئاجراشتۇرمايدۇ - دە.

— قانۇندا ئىككى تەرەپ قوشۇلۇشى كېرەك، دېگەن بەلگىلىمە بارمىدى؟

— بۇرۇنقى نىكاھ قانۇنىدا ئاشۇنداق بەلگىلىمە بار ئىدى. ھازىرقى يېڭى نىكاھ قانۇنىدا ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى بوغۇپ قويىدىغان ئۇنداق بەلگىلىمە يوق. پەقەت مۇھەببەت بۇزۇلغان بولسا، بىرى قوشۇلۇپ، بىرى قوشۇلمىسىمۇ، ئاجراشتۇرۇشقا بولىۋېرىدۇ. ئۇ خوتۇنمۇ مۇنداق بەلەن ئەرنى ھېچقانداق يەردىن تاپالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئاجراشمايمەن دەيدۇ - دە!

لېكىن ئەخمەق خوتۇن ئۆيلىمىگان يەردىن بۇ قېتىم ئاجرىشىش شەرتىنى ئۆزى ھازىرلاپ قويۇپتۇ.

— نېمە؟ ئۇ خوتۇننىڭ ئەمدى ئاجراشقۇسى كېلىپ قاپتىكەنما؟ — خەلىچىخان تىكىرقاش ئىچىدە خۇددى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغان كىشىدەك سورىدى:

— سىز دېگەندەك بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەكچىسە ئۇ خوتۇن بۇ قېتىممۇ تېخى ئاجراشمايمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. بۇ بەزى ئەرلەر خوتۇنلىرىنى خارلايدىيۇ، خېتىنى بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. بەزى خوتۇنلار ئېرىنى بوزەك قىلىدىيۇ، ئاجراشقىلى ئۇنىمايدۇ، دېگەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش.

— ئەمىسە قانداقسىگە ئاجرىشىش شەرتىنى ئۆزى ھازىرلاپ

بەرگەن دەيسىز؟ — خەلچىخان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

— مەن هازىرلا شۇنى دېمەكچىمەن.

— هە، قېنى دەڭە!

— بىر كۈنى ئۇلار ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشۇشقىمۇ يەنە ئاشۇ جېدەلخور خوتۇن سەۋەبچى بوپتۇ.

— ئادىلنىڭ ئىدارىسىدىن قۇربان هېيتلىق ئۇچۇن ئىككى ئائىلىگە بىردىن قوي سېتىپ بەرگەننىكەن. . . بۇ قوي ئادىلنىڭ ئۆيىدە سويۇلۇپتۇ. ئادىل بۇ گۆشنىڭ تەڭ يېرىمىنى خىزمەتداشىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش مەقسىتىدە قوينى سويۇپ بەرگۈچىگە:

— ئۇستام، بۇ قوينىڭ يېرىمى مېنىڭ، يېرىمى باشقا بىر كىشىنىڭ، شۇڭا سىز قوينى پارچىلىغاندا ئوتتۇرىدىن ئوپئوخشاش قىلىپ ئىككىگە ئايرىپ بېرەرسىز! — دەپتۇ. بىراق، ئۇستام كەسپىي قاسساپ بولمىغاچقا، گۆش تەپمۇ تەڭ بولماي، سەل پەرقلىق بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن نائىنساپ خوتۇن گۆشنىڭ چوڭراقىنى ئېلىپ قالماقچى بوپتۇ، لېكىن ئاغىنەم ئىسمىمۇ، جىسمىمۇ ئادىل بولغانلىقى ئۇچۇنمىكىن،— بىزنىڭ هەققىمىز باشقىلارغا كەتسە كەتسۇنكى، لېكىن باشقىلارنىڭ هەققى بىزدە قالمىسۇن،— دەپتۇ ـ دە، گۆشنىڭ چىقراقىنى خىزمەتداشىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. جېدەل مانا شۇنىڭدىن باشلىنىپتۇ.

— ئاغىنىڭىز توغرا قىپتىغۇ؟ — دېدى خەلچىخان سۆز قىستۇرۇپ.

— شۇنى دەڭە، لېكىن ئۇ خوتۇن هەرگىزمۇ توغرا قىلدى، دېمەيدۇ ـ دە، چۈنكى ئۇ ئۆزۈمنىڭمۇ مېنىڭ، خەقنىڭمۇ مېنىڭ دەيدىغان خوتۇنكەن! — دېدى تۇرسۇن خوتۇنىنىڭ هازىرقى گېپىنىڭ توغرىلىقىدىن تولىمۇ رازى بولۇپ.

— ئاندىن ئۇ ئاغىنىڭىز خوتۇننى ئۇرۇپتىمۇ؟ —
خەلىچىخان بىر قىسىم ئەرلەر ئۇرۇشۇپ قالسىلا خوتۇننى ئۇرىدۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، مەقسەتلىك ھالدا سورىدى.

تۇرسۇن بۇ سوئالغا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— ئاغىنەم ئۇ خوتۇننىڭ بىشەملىكىگە، ئاغزىدىن پىلىموت ئوقىدەك ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان تىل - ئاھانەتلىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئۇنى بىر - ئىككى كاچات سالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا ئاغىنەم ئۇنداق ئىشنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەستى دەڭە. لېكىن ئۇ خوتۇنچۇ؟ ئۇ خوتۇنمۇ تەپتارتماستىن شۇ زامات قول ياندۇرۇپتۇ!...

خەلىچىخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي:

— مېڭىڭە نېرى! خوتۇن كىشىمۇ ئەرگە قول كۆتۈرەمدۇ؟ نەدە مۇنداق ئىش بار؟ — دېدى.

— راستىنلا شۇنداق قىپتۇ!

ئىشىنەي دېسە تېخى، ئىشەنمەي دېسە تېخى، خەلىچىخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— ئەسلىدىغۇ جېدەل ئاشۇنىڭ بىلەن توختاپ قالسا بولاتتى. چۈنكى، ھەر ئىككى تەرەپ، بىر - بىرىگە قول كۆتۈردى ئەمەسمۇ؟... ئادەتتىكىغۇ مۇنداق ئەھۋالدا گەرچە ئايال بولدى قىلىپ توختاپ قالسىمۇ، لېكىن ئەر: «سەن ئايال تۇرۇپ ماڭا قول كۆتۈردۇڭمۇ؟» دەپ ئايالنى بىر نەچچىنى ئارتۇق ئۇرۇۋالمىغۇچە توختاپ قالمايتتى. چۈنكى، ئايالنىڭ ئەرنى ئۇرىمەن دەپ، قول كۆتۈرۈشى بۇرۇندىنلا يوق ئىش ئىدى. لېكىن بۇ يەردە ئەر توختاپ قالسىمۇ، ئايال توختاپ قالمىغان، بەلكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئەسەبىيلىشىپ ئادىلنى يەنە ئۇرۇپتۇ، ئۇرغاندىمۇ نېمە بىلەن ئۇرۇپتۇ دېمەمسىز؟ — ئاخىرىدىكى بۇ سوئالنى خەلىچىخانغا ۋاكالىتەن

تۇرسۇن ئۆزى جىددىي ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھە، قىنى دەڭە، مەنمۇ شۇ سوئالنــــى ئوتتۇرىغا قويماقچىدىم، — دېدى خەلچىخان ھاپىلا - شاپىلا گەپ قىلىپ.

— بۇ ئىش مۇنداق بولغان، دەپ تۇرسۇن گىپىنــــى داۋاملاشتۇردى:

— بۇلارنىڭ بىر ئايال قوشنىسى جېدەل ئۇستىگە كىرىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نائىنساب خوتۇننى ئۆيىگە ئاچىقىپ كېتىپتۇ ھەمدە: «ئۇرۇشماڭلار...» دەپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەربىيە - نەسىھەتلەرنى قىپتۇ، ئاڭغىچە ئادىل تاياق يېگەن تۇرۇقلۇق، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىردەمدىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدىن كېيىن ھېلىقى خوتۇن ئۆيىگە كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان ئادىلنى نوغۇچ بىــــلەن ئۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى تۆمۈردەك قاتتىق نوغۇچ ئاغىنەمنىڭ بېشىغا تېگىپ كەتمەپتۇ. بولمىسا ئاغــــنەم شۇ يەردىلا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ كېتەركەندۇق؟... — دېدى.

facinately

تۇرسۇننىڭ گېپىنى زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتقان خەلچىخان: «خوتۇنى ئۇخلاۋاتقان ئېرىنى نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپتۇ» دېگەننى ئاڭلاپ دەسلەپىدە ئىشەنمىدى، كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتــى. ئاندىن تەئەججۇپ ئىچىدە تۇرسۇندىن:

— ئۇ خوتۇن ساراڭمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى خەلچىخان.

— ساراڭ دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى تۇرسۇن، — لېكىن ئۇ راستىنلا ھازازۇل بىر نېمە ئوخشايدۇ. بولمىسا ئويلاپ باقمامسىز، ئۇخلاۋاتقان ئېرىنىمۇ نوغۇچ بىلەن ئۇرغان بارمۇ؟ ئۇخلاۋاتقان ئادەم بىر ھېسابتا يېرىم ئۆلۈك دېيىلىدۇ. مۇنداق چاغدا تاياق تەگسە جېــنى چىقىپ كەتمىــگەن ھالەتتىــمۇ، روھــى چىقىپ كېتىدۇ، دېيىشــــدۇ كونىــلار. بۇ ئادەم ئۆلۈپ

قالسا، ( ئۇ تۆت بالىنى قانداق باقارمەن، دېگەننى نېمىشقا ئويلىمايدۇ؟ ) . .

خەلىچىخان ئېرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ سورىدى:

— كېيىن قانداق بوپتۇ؟ دېسەم ـ دېمىسەم ئاغىنىڭىز ھەقىچان «ئۇردى دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ» دەپ خوتۇنىنى راسا ئۇرۇپ، ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتكەندۇ؟

— ياق، ئۇرماپتۇ! — دېدى تۇرسۇن تەمكىنلىك بىلەن.

— نېمە دېدىڭىز؟ مۇنداق چاغدا ئۇرمايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟

— راستىنلا ئۇرماپتۇ.

— خوتۇندىن بەك قورقامدۇ يا؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس.

— ئۇنداق بولغاندىكىن، ئاغىنىڭىز «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ!» دەپ ئۇ سارالىڭ، بىشەم بىر نېمىنى راسا ئۇرسىچۇ؟. . . — خەلىچىخان ئاچچىقىدا بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ تېخى ئىچىدە: «بىشەملىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئاياللارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئۇ بىزەڭ، ئەخمەق بىر نېمىگە كىمنىڭمۇ ئاچچىقى كەلمىسۇن؟. . . » دەپ ئويلايتتى ھەمدە، — ئاغىنىڭىزنىڭ ئورنىدا مەن بولسامىمۇ چوقۇم شۇنداق قىلاتتىم! — دېدى.

تۇرسۇن خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، خۇددى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قېلىۋاتقاندەك ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىشى تېخى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا خوتۇنىنىڭ مۇنداق گەپلەرنى قىلىشىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتى. تېخى ئۇ بەزىدە خەلىچىخاننى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايلا، ھە دېسىلا قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزىنىڭ

ئوخشاش جىنسلىقىغا — خوتۇن خەقلەرگە يان باسىدۇ، دەپ تونۇيتتى ھەم شۇنداق ئويلايتتى.

تۇرسۇن شۇتاپتا ئىچىدە: «بۇ گەپنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىۋاتقىنىممۇ بىر ھېسابتا بوپتۇ جۇمۇ؟... قارىغاندا ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇنداق گەپلەرنى كۆپرەك ئاڭلاپ تۇرسا بولىدىكەن...» دېگەنلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن:

— مېنىڭ بۇ ئاغىنەم، — دېدى تۇرسۇن، — خۇددى ئاشۇنداق بىر ئاغىنىسىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ، — ئۆزى ئاڭلىق بولغاچقىمۇ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ: «ئۇرۇش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئاجرىشىپ كەتسەم بولمامدىمۇ؟...» دېگەن يەرگە كېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا كۇدە - كۆرپىسىنى ئېلىپ ئىشخانىسىغا كېتىۋاپتۇ ھەم شۇ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ ئۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا زادىلا دەسسىمەپتۇ.

— مۇنداق دەڭ، ئاغىنىڭىزنىڭ شۇنداق قىلغىنىمۇ بىر ھېسابتا تازا جايىدا بوپتۇ. ئاجرىشىمەن دېگەن يەرگە كەلگەندىكىن، قەتئىي ھالدا شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ! — خەلىچىخاننىڭ چىرايىدا قايىل بولۇش ئىپادىسى جىلۋىلەندى.

تۇرسۇن بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— شۇنداق قىلىپ ئاغىنەم ئۇ خوتۇندىن ئاخىر ئاجرىشىپ قۇتۇلدى! — دېدى.

— ئوبدان قىپتۇ!

— شۇنى دەڭە!

— بالىلىرى بار بولغىيتتى؟ — خەلىچىخان توساتتىنلا سوراپ قالدى.

— ھەي خوتۇن، باياتىن بېرى خېلى ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ كېلىۋاتاتتىڭىز، ئەمدى يەنە غەلىتە بىر گەپلەرنى

قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ؟ ئەجەب گەپ قىلىسىز جۇمۇ؟ يا ئۇلار تۇنۇگۇن ياكى ئۇلۇشكۇن توي قىلغان بولمىسا، بالىلىرى بولماي قالامدۇ؟

بالىسى بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن خەلىچەخان سەل ئارىسالدى بولۇپ، تۇرسۇننىڭ چىرايىغا قاراپ:

— ئۇنداق بولغاندىكىن، بالىلىرىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئاجراشمىسا بوپتىكەن ـ ھە؟ — دېدى.

تۇرسۇننىڭ قاپىقى شۇئان تۈرۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىزنىڭچە بۇ ئاغىنەم شۇ نىجىس خوتۇننىڭ قولىدا جېنىدىن ئايرىلسا بولامتى؟ ماۋۇ گەپنى ئاڭلاپ قويۇڭ خوتۇن: مېنىڭ بۇ ئاغىنەمچۇ؟ «بۇرۇن ئۇلۇم خەۋپى ئانام رەھمەتلىكنىڭ بېشىغا كەلگەندە گۆدەكلىك قىلىپ ئۇقمىغانىكەنمەن. شۇنىڭ ئۆزىمۇ ماڭا مەڭگۈلۈك يېتەر! ئەمدى خەۋپ ئۆز بېشىمغا كېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، يەنە بۇرۇنقىدەك بىخودلۇق قىلىپ يۈرىۋەرسەم بولماس!» دېگەن يەرگە كېلىپ، «قەتئىي نىيەتكە كەلگىنىم كەلگەن» دەپ ئاجراشتى جۇمۇ، بۇنى بىلىپ قويۇڭ!

بۇ گەپ بىلەن تەڭ خەلىچەخان نېمىشقىدۇر شۈكلەپ كەتتى.

— ئۇ خوتۇننىڭ ئەڭ يامان يېرى شۇكى، ئۇ ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك ئۆيدە ئولتۇرمايدىكەن. ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ بەرمىسە تامدىن ئارتىلىپ چۈشىدىكەن.

— توۋا، جاھاندا شۇنداقمۇ يامان خوتۇنلار بولىدىكەن ـ ھە؟ — خەلىچەخان غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن دەرھال ياقىسىنى چىشلىدى.

— ئاشۇنداق ئەسكى خوتۇن بىلەن داۋاملىق بىللە ئۆتۈۋېرىشكە بولامدۇ؟ مەن سىزگە تېخى دېمىگەن يامان

ئادەتلىرى خېلى بار،— دېدى تۇرسۇن ئېچىنغان ھالدا.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلىچىخان ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— ئەمدى ئويلىسام، ئاجراشقىنىمۇ بوپتۇ. بايا سىز بۇ گەپلەرنى دېمەستە، بالىلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ «ئاجراشمىسىمۇ بوپتىكەن» دەپ ئويلىغانىدىم. مانا ھازىر ئۇ گەپنى دەپ سالغىنىمغىمۇ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.
تۇرسۇن: «ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى» دېگەن مەنىدە خەلىچىخانغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— كېيىن بۇ ئاغىنىڭىز ئۆيلەندىمۇ؟ — دەپ سورىدى خەلىچىخان.
— ئۆيلەندى، ھېلىقى چاغدا بىزنىڭ ئۆيگىمۇ مۇشۇ ھەقتە پاراڭلاشقىلى بارغانىدى.
— ھە، مۇنداق دەڭ، پەمىمچە سىز ئاغىنىڭىزگە بىرسىنى تونۇشتۇرماقچى بوپتىكەنسىز ـ دە، شۇنداقمۇ؟
— ھەئە.
— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، كىمنى تونۇشتۇرماقچىدىڭىز؟
— بولدى، ئۇ ئىش ئۆتۈپ كەتتى. «يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قالسۇن.»
— دەڭە، بىر ئاڭلاپ باقاي! — دېدى خەلىچىخان.
ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ دېگۈزمەي قويمايدىغاندەك قىلاتتى.
ئاخىر تۇرسۇن ئاغزىنى خەلىچىخاننىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئاپىرىپ بىرنېمىلەرنى دېدى. خەلىچىخان بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى:
— خۇدايا تونۋا دەڭ. سىز ئاغىنىڭىزنى قارا باستۇرغىلى تاسلا قاپسىز ـ دە، ئۇ ئايالمۇ شۇنداق ئەسكى ئەمەسمۇ؟
— شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى ئۇ ئايالنى يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا قاراپ خېلى ياخشى ئايالمىكىن، دەپتىكەنمەن،— دېدى تۇرسۇن ھەيران بولۇپ.

— شۇڭا كونىلار: «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى خەلىچخان قاشلىرىنى ئويىنتىپ.

خەلىچخاننىڭ بۇ گەپلىرى تولىمۇ جايىغا چۈشكەچكە، شۇئان كۆلكە پەيدا قىلدى. بۇ كۆلكە سەل نېرىراقتا ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشاۋاتقان چوكاننىمۇ سىرتىدا قالدۇرمىدى.

ئارىغا بىرئاز جىمجىتلىق چۈشتى، كېيىن بۇ جىمجىتلىقنى خەلىچخان بۇزۇپ:

— ئاغىنىڭىز هازىرقى ئايالى بىلەن ئوبدان ئۆتۈۋېتىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خۇددى ئاشىق - مەشۇقلاردەك ياخشى ئۆتۈشىدۇ، دېيىشىدىغۇ! — دېدى تۇرسۇن خەلىچخانغا قاراپ قويۇپ.

— ئاغىنىڭىزنىڭ باللىرىنى ئۆگەيلەمدىكەن؟ — سورىدى خەلىچخانمۇ خۇددى باشقا ئاياللاردەك بۇ ئىشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە تولىمۇ قىزىقىپ. ئاندىن تۇرسۇننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ، — ئۆگەي بولغاندىكىن، ھەقىچان ئۆگەيلىمەيمۇ قالمايدىغاندۇ - هە؟ مىڭ قىلغان بىلەنمۇ ئۆگەي ئەمەسمۇ؟... — دېگەننى ئالايتەن قوشۇپ قويدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تۇرسۇننىڭ سەپراسى قايتا ئۆرلىدى:

— نېمە دەۋاتىسىز خوتۇن؟ ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيلا ھەممە ئۆگەي ئانىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى تۇردىڭىزغۇ؟ بۇ ئايال باللارنى پەقەتلا ئۆگەيلىمەيدىكەن. قانداق قىلسام باللارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالايمەن، دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدىكەن. تېخى بەزىدە باللارغا ئاغىنەمدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىكەن.

— راست شۇنداقمىكەن؟ — دېدى خەلىچخان ھەيران قېلىپ.

— راست بولمايچۇ؟ مەن سىزگە يالغان سوزلەۋاتقىنىم يوققۇ! ئىشەنمىسىڭىز كېلىپ تەكشۈرۈپ بېقىڭ! — دېدى تۇرسۇن.

خەلىچىخان تۇرسۇنغا يېقىملىققىنا قارىغىنىچە بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ:

— ئاغىنىڭىزنىڭ مېھمانلىرى كەلسە قانداق قىلىدىكەن، خېلى ئوبدان كۈتەمدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئوبدان كۈتىدىكەن!

خەلىچىخاننىڭ چىرايى بىردەمدىلا يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ۋىللىدە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ئۇنداق بولسا بىزمۇ بىر كۈنى كېلىپ، ئايالىنى كۆرگەچ مېھمان بولۇپ كېتەيلىچۇ؟ بايا ئاغىنىڭىز ئۆزىمۇ بىزنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى. ئالدىمىزدا قۇربان ھېيت كېلىۋاتىدۇ. ھېيت پەتىسى قىلىپ كەلمەمدۇق؟ بۇ بىر ئوبدان پۇرسەت! — دېدى.

تۇرسۇنمۇ دەرھال:

— شۇنداق قىلايلى، چوقۇم شۇنداق قىلايلى، بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارساق چوقۇم خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

دەل شۇ چاغدا توساتتىن:

ئۇلار شۇ تەرىقىدە گەپنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرۇپ، ئەمدى ماڭساق بولارمىكىن دېگەن يەرگە كېلىشىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا خۇددى توساتتىن ئاسماندا چاقماق چاققاندەك:

— چاتاق يوق، كەلسەڭلار بولىدۇ! — دېگەن قوڭغۇراقتەك زىل بىر ئاۋاز يېقىنلا يەردە جاراڭلىدى.

تۇرسۇن بىلەن خەلىچىخان ئىتتىك ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. ھېلىقى چوكان ئۇلارغا گەپ قىلغاچ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چېھرىدە خۇش پىچىم، مېھماندوستلۇق ئىپادىلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

بۇ بىر جۇپ ئەر - خوتۇن ياش چوكاننىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل چىرايىغا زەن قويۇپ قاراشتى. ئاندىن:

— سىز قوشنىسى بولامسىز؟ — دەپ سوراشتى.

چوكان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— مەن ئادىلنىڭ ئايالى بولىمەن!

# ئىشىك تۈۋىدە

تۇغۇت ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە بىر ۋەھىمە ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن. ۋۇجۇدۇم گويا يوپۇرماقتەك تىترىمەكتە! . . .

— «تولۋا» دەيمەن ئۆز - ئۆزۈمگە، — بەزىلەرنىڭ تۇغۇتى نىمە ئۈچۈندۇر شۇنچە ئاسان بولىدىكەن، ھىچقانچە قىينالمايلا تۇغۇۋالىدىكەن، بەزىلەرنىڭ تۇغۇتى نىمانچە قىيىندۇ؟ . . .

«تۇغۇت ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېنى بەك ئاجىز ئىكەن» دەپ ئايالىمنى بالىنىتسىغا ئالغىنىغىمۇ بىر ھەپتىدىن ئاشتى. كۈندە ئۈچ ۋاخ دورا ئىچۈرۈپ، ئاسما ئوكۇل ئۇرۇپ، بۇرنىغا رېزىنكە نەيچە قويۇپ، سۈنئىي نەپەس ئالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

مانا ئۇنىڭ تۇغۇت ئۆيىگە كىرىپ كەتكىنىگىمۇ بىر سوتكا بولاي دېدى. لېكىن . . .

مەن بىتاقەت بولۇپ تۇراتتىم. بىر چاغدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتماي قالدى.

— ئايالىم تۇغدىمۇ؟ مېنىڭ ئايالىم ساق - سالامەت تۇغۇۋالدىمۇ؟ — مەن تۇغۇت ئۆيىدىن چىققان بىر سېسترا قىزنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدىم.

— نەدىكىنى . . . ئايالىڭىز تېخى تۇغۇت كارىۋىتىغىمۇ ياتقۇزۇلمىدى، — دېدى زىلۋا، ئاقپىشماق كەلگەن سېسترا قىز سوغۇققىنا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىم بوشاپ كەتتى. ۋاقىت

ئۆتكەنسىرى ئەندىشەممۇ كۆچىيىپ كېتىۋاتاتتى. بېشىم گاڭگىراپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا، سېسترا قىز ئالدىمغا كېلىپ دەپتەر - قەلىمىنى تەڭلەپ:

— ئاياللىرىڭىزنىڭ تۇغۇتى خەتەرلىك، ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا قول قويۇۋېتىڭ! — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى ماڭا خۇددى قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلدى، غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ، ئىمانىم ئۇچتى.

— مەن مۇشۇ يەردە بولغاندىكىن كېيىنچە بىر گەپ بولار؟ — دېدىممەن بېشىمنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى:

— ئاياللىرىڭىزنىڭ تۇغۇتىنىڭ خەتەرلىكلىكىگە تېخىچە ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

— بولۇڭ دەيمەن، قول قويۇۋېتىڭ! — ئۇ مېنى ھەدەپ قىستىغىلى تۇردى.

— ئايالىمنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقاي! — دېدىممەن سېسترا قىزغا.

— قىزىقكەنسىز... بەكمۇ جاھىلكەنسىز؟ سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئايالىڭىز: «مەن چىدىيالمىدىم، مېنى ئوپېراتسىيە قىلىڭلار» دەپ بېشىمىزنى ئۇچاق قىلىۋەتتى!

— مېنىڭ ئايالىم راست شۇنداق دېدىمۇ؟...

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

سېسترا قىز ئاخىر مېنى ئۆز گېپىگە ئىشەندۈردى. ئاندىن مەن قولۇمغا دەپتەر - قەلەمنى ئېلىپ، «ھېچبىر ئامال بولمىغاندا ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلىمەن» دەپ ئىمزايىمنى قويۇپ بەردىم.

— مانا ئەمدى جايىدا بولدى! بايىلا شۇنداق قىلىۋەتمىدىغان

ئىشتى! — دېدى سېسترا قىز مەمنۇن بولغان ھالدا.

ئۇنىڭ يېنىمدىن كېتىشىگە: «دوختۇر خۇددى قاساپقا ئوخشاش پىچاق تۇتۇشقا ئامراق كېلىدۇ، ئېرى رازىلىقىنى بىلدۈرگەندىكىن دەپ، ھە دېگەندىلا ئوپېراتسىيە قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ» دېگەن ۋەھىمىلىك بىر ئوي تۇيۇقسىزلا كاللامدا پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم گۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— دوختۇر، ئايالىم ئۆزى تۇغسۇن جۇمۇ! — دېدىم مەن ئۇتتۇرا بوي، دوغىلاقىنا كەلگەن، يوغان كۆز دوختۇرنى تۇغۇت ئۆيىدىن ئالاھىدە چاقىرتىپ چىقىپ.

— بىز ھېلىھەم ئايالىڭىزنىڭ ئۆزى تۇغۇۋېلىشىغا بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن ياردەم قىلىۋاتىمىز، بولمىسا ئالللىبۇرۇن ئوپېراتسىيە قىلاتتۇق! — دېدى دوختۇر.

مەن دوختۇرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم، لېكىن ئەندىشەم تېخى تۈگىمەيۋاتاتتى. مەن كىرىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقان دوختۇرنى توختىتىۋېلىپ:

— دوختۇر، ئايالىمنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ جۇمۇ! — دېگەننى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويدۇم.

دوختۇرنىڭ چىرايىدا بۇ گەپنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادە كۆرۈلدى.

— ئۇنداق بولغاندىكىن ئوپېراتسىيە قىلىۋەتسەكلا بولماسمىدى؟ — دوختۇر كۆزۈمگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ھازىرلا شۇنداق ئىش يۈز بېرىدىغاندەك تېنىم شۈركىنىپ كەتتى:

— دوختۇر، ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ!

دوختۇر ماڭا قاراپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە ئايالىڭىزغا خىزمەت ئىشلەڭ، ئۇ بىزگە ئوبدان

ماسلىشىپ بەرسۇن! — دېدى.

مەن دەرھال: «بۇ يەردە تۇرۇپ قانداق خىزمەت ئىشلىيەلەيمەن؟» دېگەن مەنىدە دوختۇرغا قارىدىم. دوختۇر مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى چۈشەندى بولغاي، ئاندىن ئۇ مېنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىشىمگە ئىشارەت قىلدى. مەن ھاياجان ئىلكىدە ئىچكىرىسىگە كىرە - كىرمەيلا «كەمبەغەلنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك سېستىرا قىز قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ كېلىپ ئالدىمنى توسۇۋالدى: «قانداق ئەدەپسىز بىر نېمە سەن؟ بۇ ئەرلەر كىرىدىغان يەرمۇ؟» دەيدىغاندەكلا قىلاتتى. تېخى ئۇ مېنى مەيدەمدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىشكە تەييار تۇرۇۋاتاتتى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى نەگە قويۇشۇمنى ۋە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغانىدىم. دەل شۇ پەيتتە:

— بوپتۇ، كىرسۇن! — دەپ دوختۇر مېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدى.

مەن قەدىمىمنى ئىتتىك يۆتكەپ، تولغاق ئازابىدىن ئىڭراۋاتقان ئايالىمنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەك يېقىنلىشىپ قالغان ھايات - ماماتلىق جېڭىدە جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ جەڭ ئۇنى خېلىلا ھالسىزلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدى. ئۇنىڭ زەپىران چىرايىنى سۇس بىر قەۋەت غەم - ئەندىشە تۇمانى قاپلىۋالغانىدى. ئۇ ماڭا قاراپ:

— سىزنىڭ ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ — دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلىدى.

— سىزگە ئىچ ئاغرىتماي نېمە قىلىدىم؟

— نېمىشقا ئوپېراتسىيە قىلايلى دېسە قوشۇلمايسىز؟ — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا قوشۇلماسلىقتىكى سەۋەبلەرنى ۋە مەقسىتىمنى چۈشەندۈردۈم. لېكىن، ئۇ نېمىلا دېگىنىم بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغۇۋېلىشىغا زادى كۆزى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. تېخى ئۇ مەندىن:

— سىزدىن بىر گەپ سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ مەندىن نېمىنى سورايدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ زادىلا تاپالمىدىم. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ پەقەت تېگىگە يېتەلدىم. ئاندىن:

— گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ! — دېدىم.

ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىمىز، سىز ئايالىڭىز بىلەن بالىڭىزنىڭ ئىككىسىدىن بىرىگە تۇرۇڭ، دېسە، سىز قايسىمىزغا تۇرىسىز؟ — دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك سۇس ھەم بوش چىقىۋاتاتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — مەن خۇددى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغان كىشىدەك سورىدىم. بۇ مەن ئۈچۈن راستتىنلا چۈشىنىكسىز ھەم قىيىن سوئال بولدى.

— بىزنىڭ زاۋۇتتا،— دەپ بوش ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى ئۇ،— مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان بىر قىز بار ئىدى. ئۇنىڭمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش يۈرەك كېسىلى بار ئىدى. تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاشقاندا دوختۇرلار: «بالىنى قورساقنى يېرىپ ئالىمىز، ئايالىڭىزنىڭ يۈرەك كېسىلى بولغاچقا ئايالىڭىز بىلەن بالىڭىزنىڭ بىرىگە خەۋپ يېتىشى مۇمكىن، سىز ئىككىسىدىن بىرىگە تۇرۇڭ» دەپتۇ. نەتىجىدە ئېرى بالىغا تۇرغانىكەن، بالا قۇتقۇزۇپ قېلىنىپ، ئايالى ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. . .

ئايالىم ماڭا يەنە بىر قېتىم «ئەگەر سىز ئاشۇنداق سوئالغا دۇچ كەلسىڭىز، نېمىدەپ جاۋاب بېرىسىز؟» دېگەن مەنىدە

قارىدى.

— مەن ئەلۋەتتە سىزگە تۇرىمەن، سىز دېگەن مېنىڭ جاندىن ئەزىــز رەپىقەم،— مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق ۋاپاسىز، تاش يۈرەك ئەرلەردىن ئەمەس،— دېــدىم مەن ئۆزۈمنــى ئاران تۇتۇۋېلىپ.

بۇ گېپىمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوماق چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ قەلبى ئەمدى ئىللىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئوڭ قولىدا ماڭلاي چېچىنى ئاستا تۈزىگەچ:

— ناۋادا ئۆيىمىزگە ساق ـ سالامەت قايتالىسام، ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېسابلايتتىم! — دېدى.

— سىز ئىشىنىڭ، ئۆيىمىزگە چوقۇم ساق ـ سالامەت قايتالايسىز! — مەن بۇ سۆزنى تولىمۇ قەتئىي دېدىم.

— راستىمۇ؟ ... مېنى ئالدىمايۋاتقانسىز؟...

«ئالدىمايۋاتقانسىز» دېگەن سۆز بىــزگە گۈزەل بىــر ئەسلىمىنى ئەسلەتتى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە بىر قېتىم مۇھەببەت لەززىتىنى تېتىغاندەك بولدۇم. ئۇمۇ راھەتلىنىپ كۈلۈۋالدى.

— مەن ھەرگىزمۇ سىزنى ئالدىمايمەن! — مەن ئامالىنىڭ بارىچە ئاۋازىمنى كەسكىن ۋە ئىشەنچلىك چىقىرىشقا تىرىشتىم.

ئايالىم ماڭا ئىللىققىنا قارىدى.

— چىرايلىقىم، يەنە بىر ئاز بەرداشلىق بېرىڭ! — دېدىم مەن ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— ماقۇل ...

مەن ئۇ يەردە شۇنچىلىكلا تۇرالىدىم. ئايالىمنىڭ گۈزەل چىرايىغا تويىماي بىر قارىۋېلىپ، بۇيەردىن ئاستا قەدەم ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتىم.

شۇنىسى قىزىق، ۋاقتى ـ سائىتى كەلسە، تۇغۇت دېگەنمۇ بىردەمچىلىك ئىش ئوخشايدۇ. مەن چىقىپ كېتىــپ ھايال

ئۆتمەي ئايالىمنىڭ راسا تولغىقى تۇتتى، دوختۇر ـ سېسترالار ئالدىراشچىلىقتا ئۇنى تۇغۇت كارىۋىتىغا تېزلا ياتقۇزدى.

مەن ئىشىككە يىلىمدەك چاپلىشىۋېلىپ قۇلىقىمنى دىڭ تۇتقان هالدا، تۇغۇت ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى هەربىر تىۋىش، هەر بىر تىنىققا قۇلاق سېلىۋاتىمەن.

— گۈلئايىم دوختۇر، تاماققا بارمامدۇق؟ — سېسترا قىزنىڭ كۈتۈلمىگەندە چىققان بۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. شۇ تاپتا ماڭا دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ يېقىمسىز ئاۋاز يوقتەك تۇيۇلدى. مەن ئەندىشە ئىچىدە ئىتتىك سائىتىمگە قارىدىم. سائەت ئىستىرېلكىسى دەل 12 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن ئىچىمدە: «مۇبادا دوختۇر ـ سېسترالار تاماققا كېتىپ قالسا، مېنىڭ بىچارە ئايالىم قانداق بولۇپ كېتەر؟» دەپ ئەنسىرەپ، پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى.

— بۇ گۈلبوستاننىڭ تۇنجى تۇغۇتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەك كېسىلى بار، ئۇ ئىككىنچى قېتىم بالا يۈزى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا بىز تاماق يېمىسەكمۇ مەيلى، ئۇنى ساق ـ سالامەت تۇغدۇرۇۋالايلى. بۇيەردە زەيتۇنەم دوختۇر بىلەن ئىككىمىز بولغاندىكىن يېتىشەلەيمىز، سىلەر تاماققا بارىۋەرسەڭلارمۇ بولىدۇ.

مەن شۇ چاغدىلا زەيتۇنەم ئىسىملىك يەنە بىر دوختۇرنىڭ ئايالىم ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلۈم خېلى تىندى. ئارىدىن هېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى خۇددى زىل قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىۋىدى، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئويناپ كەتتى. بۇ بوۋاقنىڭ مېنىڭ تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن بوۋىقىم ئىكەنلىكىدە ئەمدى هېچقانداق گۇمان قالمىغانىدى.

— ئايالىڭىز ساق ـ سالامەت تۇغدى. بالىڭىز ئوغۇل، — گۈلئايىم دوختۇر ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ماڭا خۇش خەۋەر

يەتكۈزدى.

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم زىلزىلىگە كەلدى. كۆڭلۈم چەكسىز شادلىنىپ، بېشىم ئاسمانغا تاقىشاي دېدى. مەن دوختۇرغا ئاپىرىن ئوقۇپ، مۇشۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئاغزىغا ناۋات سېلىپ قويغۇم كېلىپ كەتتى.

— ئوغلىڭىزنى كۆرۈۋېلىڭ! — بىر ئازدىن كېيىن زىلۋا، كېلىشكەن زەيتۇنەم دوختۇر چىرايلىق رەڭدار ئەدىيالغا ئەپچىلگىنە يۆگەلگەن بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىگەن هالدا ئالدىمغا ئەكەلدى.

مەن ئوغلۇمغا زوقلىنىپ قارىدىم. ئوغلۇممۇ خۇددى مېنى تونۇغاندەك كۆزىنى يوغان ئاچتى. مەن بۇرۇن ئايالىم بىلەن كېلىشىپ قويغان ئىسىم بىلەن ئوغلۇمنى چاقىردىم:

— قەيسەر!

# «نىسۇڭىزنى ئىلىۇىلىڭ!»

تاك . . . تاك . . . تاك . . . ئىشىك چېكىلدى .

ئۆينىڭ چىرىغى ئاللىبۇرۇن ئۆچۈرۈلگەنىدى. كۆزى بىلىنەر - بىلىنمەس ئۇيقۇغا كەتكەن ئا كوجاڭ ئىشىكنىڭ چېكىلىشى بىلەن سەگەكلىشىپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ سىرتقا قۇلاق سالدى.

ئىشىك داۋاملىق چېكىلىۋاتاتتى. ئا كوجاڭ ئورنىدىن سەل - پەل قوزغىلىپ، قولى بىلەن چىراغ يىپىنى شارتتىدە تارتىۋىدى، ئۆي ئىچى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى .

ئىشىك يەنە چېكىلدى .

— كىم؟ — دەپ توۋلىدى ئا كوجاڭ دىققىتىنى يىغىپ. ئۇنىڭ بوم ئاۋازى جىمجىت كېچىدە خۇددى ئۆي جاھازلىرىنى تىترىتىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— مەن! — سىرتتىن بىر ئايال كىشىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. ئا كوجاڭ ئۇيقۇلۇقتا ئۇ ئاۋازدىن كىمنىڭ كەلگەنلىكىنى دەماللىققا پەرق ئېتەلمەي ئېسەنكىرەپ قالدى.

— مەن دېگەن كىم؟ — يېنىشلاپ سورىدى ئۇ.

— سىپىرەم!

بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازى بەكرەك تىترەپ چىقتى. ئا كوجاڭ كۆڭلىدە: «ئۇ بۇنچە كەچتە نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟ بۇ چاغدا كەلمىسە زادى بولمايدىغان ئۇنىڭ قانداق مۇھىم ئىشى باردۇ؟ . . . دەپ ئويلىدى. كۆز ئالدىدىن بۇگۈن ئەتىگەندىكى بىر ئىش غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى.

ئا كوجاڭ ئەتىگەندە ئىشخانا ئالدىدىكى قورۇدا سىپىرەمنىڭ يولدىشى ئابدۇكېرەمنى ئۇچراتقانىدى. ئۇ مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئالدىراپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇكېرەمگە: «گېپىڭىز بولسا كېيىن ئىشخانىدا سۆزلىشەيلى!» دەپ قويۇپلا كېتىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تارتىنچاق تاشيول ئىشچىسى گەپلىرىنى دېيەلمەي روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ ئايالى كەپتۇ. «شۇ چاغدا ئابدۇكېرەمنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ باققان بولسام، بۇ ئىشمۇ يوقتى. ئەمدى بۇ ئاۋارىچىلىكنى كۆرۈڭ!...» شۇلارنى ئويلىغان ئا كوجاڭ سىپىرەمدىن:

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە!

— ئەتە دېسىڭىز بولمامدۇ؟

— ياق، ئا كوجاڭ، بۈگۈن دەۋالاي، بولمىسا كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ، — دېدى سىپىرەم، — ئارقىدىن پەقەتلا بىر ئېغىزلا، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

سىپىرەم ئاددىي - ساددا، كۆڭلى تۈز، مۇلايىم ئايال ئىدى، ئادەتتە ئۇ ئانچە كۆپ گەپ قىلمايتتى. كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشچە ياخشىلىق قىلاتتى. شۇڭا، ئا كوجاڭ ئۇنىڭ «بىر ئېغىز سۆز» دېگەن گېپىدىن شۈبھىلەنمىدى. كۆڭلىدە «... خەقنىڭ بوسۇغىسىغا كەلمەك ئاسان ئەمەس...» دەپ ئويلىدى ۋە سىپىرەمگە ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ! — ئا كوجاڭنىڭ ئايالى ئىشىكنى ئاچتى.

سىپىرەم سەل تارتىنىپراق ئۆيگە كىردى. چىراغ ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. زىلۋا بوي، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بۇ چوكاننىڭ ئىللىق چىرايى يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا جىلۋىلىنىپ كەتتى.

سىپىرەم سەل ـ پەل ئوڭايسىزلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن قانداقلىكى بولمىسۇن بىر ئاز غەيرەتكە كەلدى ـ دە، ئاندىن ئىككى كىلو گۆش بىلەن ئىككى بوتۇلكا هاراقنى شىرە ئۈستىگە ئاستا قويۇپ:

— بۇنى سىلەرگە ئەكەلدىم! — دېدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟! . . .

ئا كوجاڭنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ، كۆڭلىدە بىئاراملىق هېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ هەمىشە قول ئاستىدىكىلەرگە: «كىشىلەرنىڭ هەل قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلىرى بولسا، كىچىككتۇرمەي هەل قىلىپ بېرىڭلار، لېكىن سوۋغات ئېلىپ كەلسە هەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، سوۋغات قوبۇل قىلىش خەلق خىزمەتچىسىگە خاس ئىش ئەمەس. . .» دەپ جېكىلەپ تۇراتتى. . . ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان! . . .

— سىپىرەم، بۇ ئىشىڭىز بولمىدى،— دېدى ئا كوجاڭ چىرايى ئۆڭگەن هالدا.

— ئەسلىدە بۇگۈن كەچ سىزنى ئۆيىمىزدە بىردەم ئولتۇرۇپ كېتەرمىكىن، دەپ يولدىشىمنى ئەۋەتكەنىدىم. ئۇ كېلىپ دېيەلمەي كېتىپتۇ. . . ئۆيگە بارالمىغاندىكىن دەپ بۇ نېسىۋىڭىزنى ئەكەلدىم.

سىپىرەم ساددا كۆڭۈللۈك بىلەن «مۇشۇنداق دېسەم، بەلكى ئا كوجاڭنىڭ كۆڭلى ئېرىپ، سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلسا ئەجەب ئەمەس. . .» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى.

ئا كوجاڭ كۆڭلىدە: «بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن تۇرسا، نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ بۇنىڭغا خەجلىگەن پۇلنى ئۆزى ئىشلەتسە بولمامدۇ؟ . . . مەن تېخى ئالدىنقى كۈنىلا ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ،

كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن بالىلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا زاغرا يەپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىمىغۇ؟... بۇلارنىڭ قىلىۋاتقان بۇ ئىشىنى قارىمامدىغان!» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

سىپىرەمنىڭ سوۋغات ئەكېلىشتىكى مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر ئوغلى بولۇپ، ئائىلىسىدە ئىش كۈتۈپ تۇراتتى. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بۇ ئىككىيلەن بۇ قېتىمقى ئىشچى ـ خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتا ئا كوجاڭنىڭ شۇ بالىغا ئازراق ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ئىشتا خەقنىڭ: «قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇشياقمايدۇ، ئۆيگە چاقىرىپ مېھمان قىلمىسا ياكى سوۋغات ئېلىپ بارمىسا، ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىپ بەرمەيدۇ» دېگەن مەسلىھەتى بىلەن مۇشۇنداق قىلىۋاتاتتى.

ئا كوجاڭ سوۋغاتقا بىر قاراپ، گۆشنى قاراڭغۇ بازاردىن ئالغانلىقىنى، ھاراقنى ۋىلايەتتىن ئەكەلدۈرگەنلىكىنى پەملىدى. چۈنكى بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تەكلىماكان چۆلىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ ناھىيىدە بوتۇلكىلىق ھاراق تۈگۈل، پارچە ھاراقمۇ تېپىلمايتتى. ئا كوجاڭ ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ھاراق ئىچمىگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. تېخى ئۇنىڭ شۇ تاپتا راستىنلا ھاراق ئىچكۈسى كېلىپ قالدى. بىراق، ھەر قانچە ھاراق ئىچكۈسى كەلگىنى بىلەن بۇ ھاراقنى ئىچىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

— سىپىرەم، مەن سىزنى خېلى ئاڭلىق دەپ ئويلايتتىم، — دېدى ئا كوجاڭ جىددىي ۋە سالماق تەلەپپۇزدا، — مۇنداق قىلار دەپ ھەرگىزمۇ ئويلىماپتىكەنمەن. بىكار ئاۋارە بوپسىز، بۇ نەرسىڭىزنى ھازىرلا ئېلىپ كېتىڭ... مەن سىزگە شۇنىمۇ دەپ قوياي: بۇ نەرسىلىرىڭىزنى ئالغىنىمدىن كۆرە، گۆش ئورنىدا تاش

غاجىلىغىنىم، ھاراق ئورنىدا زەھەر يۇتقىنىم تۇزۇك. . . ئۇقتىڭىزمۇ؟ . . .

سېپىرەم ئەندىكىپ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئا كوجاڭنىڭ چىرايىغا قاراپ ھوقۇدۇپ كەتتى. سېپىرەمنىڭ چىرايىدا ئۇمىدسىزلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى.

— ئۇنداق دېمەڭ ئا كوجاڭ، مەن بىر خۇش بولاي، بىر نۆۋەت بولسىمۇ، ئېلىپ قېلىڭ! — ئۇ بۇ گەپلەرنى كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكۇدەك يېلىنىش تەلەپپۇزىدا دېدى.

— يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ: سوۋغات قوبۇل قىلىشقا زادى بولمايدۇ! — قارىغاندا ئا كوجاڭ يۇمشايدىغاندەك قىلمايتتى.

سېپىرەمنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، تىرنىقىنى تاتىلىغىلى تۇردى. قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قوشۇما قاشلىرى ئۇستىدىكى پېشانىسىدە مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى ۋىلىلداشقا باشلىدى. سېپىرەمگە شۇ تاپتا ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسە ئېگىز، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسە قاتتىق بىلىنىۋاتاتتى.

بۇ قىيىن ئەھۋالدىن ئۇنى يەنە ئا كوجاڭ قۇتۇلدۇرۇۋالدى. سېپىرەممۇ بۇ يەرگە كېلىپ مۇنداق خەۋەرنى ئاڭلاپ كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— بالىڭىزنىڭ ئىشى بۇنىڭسىزمۇ ھەل بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئا كوجاڭ سېپىرەمگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، — بۇ قېتىم ئىشقا قوبۇل قىلىشقا تەستىقلانغانلار ئىچىدە سىزنىڭ بالىڭىزمۇ بار! . . .

سېپىرەم ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئا كوجاڭغا لاپپىدە قىلىپ قارىدى. ئاندىن خۇددى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلىپ يەنە سورىدى:

— راستمۇ؟ . . .

— مەن سىزگە قاچان يالغان سۆزلەپ باققان؟ — ئا كوجاڭ

سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ بەردى.
— بەك ياخشى بوپتۇ. رەھمەت سىزگە، مانا ئىشىمىزمۇ ھەل بوپتۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن ئەمدىغۇ بۇ نەرسىلىرىمىزنى رەھمىتىمىز ئورنىدا قوبۇل قىلارسىز؟ — سىپىرەمنىڭ يېقىملىق كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ، چىرايى گۇلدەك ئېچىلىپ كەتتى.
— ياق، بولمايدۇ!
— نېمانچە قىلىسىز؟
— سىپىرەم، سىز بەك قىزىقكەنسىز، . . . سىزگە يەنە شۇ گەپنى ئېيتىپ قويای: سوۋغات قوبۇل قىلىش ياخشى ئادەت ئەمەس،— دېدى ئا كوجاڭ سەممىيلىك بىلەن،— خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يامان ئىللەتلەرگە ھەرقانداق چاغدا چەك قويۇش كېرەك. . .
— ئۇ دېگەنلىرىڭىز توغرا! — دېدى سىپىرەم ئا كوجاڭنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تۆۋەن ئاۋازدا.
— خەلق ئارىسىدا «ئىززەتلىگەننى ھۆرمەتلىگىن» دېگەن گەپ بار، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئا كوجاڭ سۆزىنى داۋام قىلىپ،— مەن سىلەرنى ئىززەتلىگىنىم بىلەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا سىلەر مېنى ھۆرمەتلىمەيدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ . . . — ئۇ چاقچاق ئارىلاش شۇنداق دەپ سىپىرەمگە قارىدى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى سىپىرەم ئالدىراپ قېلىپ،— بىز سىزنى ئەلۋەتتە ھۆرمەتلەيمىز.
— لېكىن، كىشىنى ھۆرمەتلىگەنلىك مۇنداق بولمايدۇ سىپىرەم،— ئا كوجاڭ ھەربىر سۆزىنى خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك ئېنىق قىلىپ دەۋاتاتتى،— ئەگەر سىلەر مېنى توغرا يولغا ئاداشماي ماڭسۇن، دېسەڭلار مۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىڭلار كېرەك. . .

بۇنىڭلىق بىلەن سىپىرەم يالتىيىپ قالىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىپىرەمگە ئۆزى ئەكەلگەن نەرسىلەرنى يەنە ئەپكىتىش بەكمۇ تەس كېلىۋاتاتتى.
— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بېرەي، مۇشۇ بىر قېتىم ئېلىپ قالسىلا ئەمىسە! — سىپىرەم يەنە يېلىندى.
بۇنداق گەپلەردىن ئا كوجاڭ راستتىنلا بىزار بولۇپ كېتىۋاتقاندى. شۇڭا، ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ دېدى:
— مېنى قىستىماڭ، ھەرقانچە قىلسىڭىزمۇ مەن «خەلق چاكىرى» دېگەن بۇ شەرەپلىك نامغا داغ كەلتۈرمەيمەن!
ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئا كوجاڭنىڭ ئايالى گەپكە ئارىلاشتى:
— سىپىرەم، سىز بۇ ئادەمنىڭ مىجەزىنى تېخى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز، بۇ ئادەم «قىلىمەن» دېگەن ئىشنى قىلىپ، «قىلمايمەن» دېگەن ئىشنى زادى قىلغىلى ئۇنىمايدۇ.
— شۇنداق، — دېدى سىپىرەم، — ئا كوجاڭ لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەم، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتمايدۇ.
— خاپا بولماي ئېلىپ كېتىڭ! — دېدى ئا كوجاڭنىڭ ئايالى.
— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى سىپىرەم بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەي، — سىلەرنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم . . .
ئا كوجاڭ ئايالى بىلەن ئۇنى ئۇزاتقىلى چىقىپ، ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ ئەيىب ئۇنىڭدا ئەمەس» دېدى.

# قەدىناس دوستلار

— ئۈرۈمچى شەھىرى بەكمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ جۇمۇ ئاداش، كوچىلىرىدا ماڭسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ، يۈرەكلىرىڭىز ئويناپ كېتىدىكەن، بولۇپمۇ كىشى يۇرتىدا يۈرگىنىڭىزدە، ئۆز شەھىرىڭىزنىڭ قەدرى بەكمۇ ئۆتۈلىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— راست دەيسىز، مەنمۇ ئۈرۈمچىنى بەك سېغىنىدىم. گۈلدەك ياشلىق چاغلىرىمىز كېتىپ، يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەمدى جاپا تارتىپ، ياقا يۇرتلاردا يۈرمەسمىز!

— بۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەنگە خىزمەتكە بېرىشقا توغرا كەلسە، بارمىغانلار بارار، بىز نېمىلا قىلغان بىلەن شەھىرىمىزنى تاشلاپ ياقا يۇرتلاردا ئون - يىگىرمە يىل ئىشلىۋەتتۇق ئەمەسمۇ؟ ...

— ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ شەھەردە ياشايمىز.

بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئىككى ساۋاقداش، ئىككى قەدىناس دوست — گايىت بىلەن سايىتنىڭ شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن تولغان گۈزەل «نۇرلۇق» كوچىسىدا كۆڭۈللىرى يايرىغان، كۈلكىلىرى ياڭرىغان ھالدا كېتىۋېتىپ، ئۆزئارا دېيىشىۋاتقان يۈرەك سۆزلىرى ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىرى ئېگىزرەك، قارامتۇل، قاڭشارلىق بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا

ئۆيۈمگە كەلمىسەڭلار بولمايدۇ. كەلمىسەڭلار مەن خاپا بولۇپ قالىمەن. راسا بىر يايراپ ئولتۇرۇپ، قانغۇچە مۇڭدىشىۋالدى‍مىز. ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆرۈشمىدۇق، مۇڭداشمىدۇق ئەمەسمۇ؟ . . .

زايىت ئاشۇ گەپلەرنى دېگەچ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئېنىق، تەپسىلىي دەپ بەردى.

ھەش - پەش دېگۈچە پۇتۇشكەن يەكشەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. ۋەدىگە ئەمەل قىلىشنى ئۆزلىرىگە بۇرۇندىنلا ئادەت قىلىۋالغان گايىت بىلەن سايىت دوستىنى ساقلىتىپ قويمايلى، ساقلىتىپ قويساق بەك سەت بولار، دەپ دەل ۋاقتىدا زايىتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇشتى. كارىدور ئىچى سەل قاراڭغۇ ۋە جىمجىتلىقتا چۈمگەنىدى. ئادەتتە كۆپ ھاللاردا مېھمان كېلىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكى سەل ئوچۇقراق تۇراتتى. لېكىن ھازىر بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم يېپىقلىق تۇراتتى. گايىت بىلەن سايىت بىر - بىرىگە سوئال نەزىرىدە قارىۋېلىشتى.

— تاك، تاك، تاك، — ئىشىك چېكىلدى.

— كىم؟ . . .

بىر چاغدىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن ئۇلار ئۈمىد قىلغاندەك قەدىناس دوستى زايىتنىڭ ئاۋازى ئەمەس، بەلكى بىر ئايال كىشىنىڭ تولىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن توۋلىغان سەت ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىشىكنى خاتا چېكىپ قالدۇقمۇ يا؟ . . . ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بايا بىرسى زايىتنىڭ ئۆيى مۇشۇ، دەپ بىزنى ئەكېلىپ قويۇپ كەتتىغۇ؟ . . . ئۇلار زايىت ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالىدۇ، «مەرھەمەت» دەپ ئۆيىگە باشلايدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى. بىراق ئەھۋال ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتاتتى.

. . . . . .

بايىقى «كىم؟» دېگەن سوئالغا گايىت بىلەن سايىت:

— بىز. . . — دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى. بۇ جاۋاب بىلەن تەڭلا ئۆي ئىچى تىمتاس بولۇپ جىمىقىپ كەتتى. ئاقىۋەتتە بۇ ئىككى ئەزىز مېھمان خۇددى كېرەكسىز مالدەك خېرىدارسىز قالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھېچكىممۇ چىقمىدى.

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتتى. گايىت بىلەن سايىت ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي، خۇددى چۆل - جەزىرىدە يولدىن ئېزىپ قالغان ئادەمدەك بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. ئۇلار ئاخىر بولالماي ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، ئۆي ئىچىگە قاراپ باقماقچى بولۇشتى.

ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندا بەئەينى كۇپتەك سېمىز، يۇمۇق كۆز بىر ئايال كات ئۇستىدە ياستۇقتىن ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ ناتونۇش مېھمانلارغا تولىمۇ غەلىتە، سوغۇق نەزەر بىلەن بىر قىسما قارىدى.

ئۆي ئىچىدىكى بىسەرەمجانلىقنى كۆرۈپ گايىت بىلەن سايىتنىڭ كۆڭۈللىرى بۆلەكچىلا بولۇپ، تەنلىرى لاسسىدە بوشاپ كەتتى. كات ئۇستى ۋە پەگادىكى چېچىلىپ تۇرغان قەغەز پارچىلىرى بۇ ئۆيگە ئەتىگەندىن بېرى بىرەر قېتىم سۇپۇرگە تەگمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ئۆي ئىگىسىدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن گايىت بىلەن سايىت ئۆزلىرى گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

— بىز زايىتنىڭ ساۋاقداشلىرى، ئۇ ئۆيدە يوقمىتى؟

— يوق! — ئايال قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەردى.

گايىت بىلەن سايىت نائىلاج گەپنى ئوچۇق دەۋەتتى:

— ئۇ بىزنى ئۆيگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغانتى!

— خەۋىرىم يوقكەنغۇ؟ — دېدى ئايال ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ.

گايىت بىلەن سايىت بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋېلىپ

يەنە سورىدى:

— ئۇ سىزگە ئىككى ساۋاقداشىم كېلىدۇ، دېمىگەنمىدى؟

— ياق، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق گەپنى قىلمىغان! — پەرۋاسىز جاۋاب بەردى ئايال.

— ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

— كىنو كۆرگىلى كەتتىمىكىن، بايا قولىدا كىنو بېلىتى تۇراتتى.

ھەممە ئىش ئايان بولدى. گايىت بىلەن سايىت ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كەينىگە ياندى. ئايال ئەدەپ - قائىدە يۈزىسىدىن بولسىمۇ «ئولتۇرۇڭلار، ھازىر كېلىپ قالار» دەپمۇ قويمىدى.

گايىت بىلەن سايىت چوڭ كوچىغا چىقىپ، خۇددى يېپى تارتىلغان لەگلەكتەك نېرى كېتەلمەي، ئالاھازەل بىر سائەتتىن ئارتۇق ساقلىدى. «ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئېسىدىن چىقىرىپ قويدىمۇ ياكى كۈتۈلمىگەندە بىرەر ئىشى چىقىپ قالدىمۇ؟ ئېسىدىن چىقىرىپ قويدىمىكىن دەيلى دېسەك، ئۇ ئۇنداق ئاسان ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. مۇھىم ئىشى چىقىپ قالدىمىكىن دېسەك، ئايالى كىنو بېلىتىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئاداش كىنوغا نېمانچە ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئەگەر بىزنىڭ تۇۋۇەندە ئىشلىگەن چېغىمىزدىكىگە ئوخشاش يىلدا بىرەر قېتىم كىنو كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالمىغان بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلاتتىكىنە؟ بۇ ئاداشنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى قارىمامدىغان...» دېگەندەك تۈرلۈك گادىرماش خىياللار گايىت بىلەن سايىتنىڭ ساق تۇرغان باشلىرىنى ئوچاق قىلىۋەتتى.

— كېتەيلى! كېيىن كۆرۈشكەندە بىر گەپ بولار! — دېگىنىچە ئۇلار ئۇدۇل قايتىشتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي خەلق تىياتىرىغا دوكلات ئاڭلىغىلى

كەلگەندە ئۇلار يەنە ئۆچرىشىپ قالدى. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، زايىت ئارىدا ھېچ گەپ ئۆتۈلمىگەندەك، ئەپۇ سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، كالپۇك يېرىپ بۇ ھەقتە بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلىپ قويمىدى. گايىت بىلەن سايىتمۇ ئۇ ئىشنى يۈزىگە سالمىدى. شۇنىڭ بىلەن يېپىقلىق قازان يېپىقلىق بويىچە قالېۋەردى.

ئەزىز كىتابخان: كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇلار ئەنە شۇنداق قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئارىدا ھېلىقىدەك تولىمۇ قاملاشمىغان، سەت بىر ئىش يۈز بەردى. ئېيتىڭچۇ، زايىتنىڭ قىلغان ئىشى دوستلۇققا يارامدىكەن؟

# ئىككى بوتۇلكا هاراق

مەن چۈش ۋاقتى بىلەن بىر تويدىن قايتىپ، ۋېلىسىپىتلىق كېلىۋاتاتتىم. بىر چاغدا ئېگىز بويلۇق، ئورۇقتىنا كەلگەن مامۇتنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم. بۇ قولىدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدىغان ئادەم ئىدى. ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئورنۇمدىن ئاللىبۇرۇن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتكەنىدىم. شۇ سەۋەبتىن كۆرۈشەلمىگەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە: ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈش ئارزۇسى تۇغۇلدى. ئازراق ۋاقتىمنى چىقىرىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان بىر مۇڭدىشىۋالامدىمەن؟ دەپ ئويلىدىم. ئۇ مەن تەرەپكە قوللىرىنى ئوينىتىپ بەخىرامان كېلىۋاتاتتى. مەن مامۇتنىڭ يېنىغىراق بارغاندا ۋېلىسىپىتىمدىن چۈشتۈم. بىراق، ئۇ مېنى . . . كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئورنۇمدا بىر هازاغىچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇ راستتىنلا مېنى كۆرمىگەنمىدۇ؟ . . .

مەن شارتتىدە كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنى چاقىردىم. بىراق ئۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، بۇرۇنقىدەكلا ئۆز يولىغا كېتىۋاتامدۇ! بۇ ئارقىلىق ئۇ ماڭا: «باشقىلار چاقىرسا ئاڭلايمەن، لېكىن شۇتاپتا پەقەت سەن چاقىرساڭ ئاڭلىمايمەن!» دېمەكچىمۇ؟ . . .

بۇ هال ئىچىمنى بەك پۇشۇرۇۋەتتى. «ئەسلىدە ئۇنىڭ

بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈشنى ئويلىماي، ئۆز يولۇمغا ئۇدۇل كېتىۋەرسەم بوپتىكەندۇق! . . . » دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ پۇشايمان قىلدىم. لېكىن ئەمدى كېچىككەنىدىم. بايا بىكاردىن ـ بىكار كۆرۈشۈپ ئۆتمەن دەپتىكەنمەن. ئۇنداق قىلمايدىغان ئىشكەندۇق! . . . ئەمدى بۇ هالغا يەتكەندە سەن بىلەن كۆرۈشكىنىم كۆرۈشكەن، چىدىمىسالڭ ئۆلۈۋال، دېدىم ـ دە، ۋېلىسىپىتىمنى تازا چاپتۇردۇم ۋە ئۇنۇمنىڭ بارىچە ئۇنى توۋلىدىم، هەتتا بۇ قېتىم «ئاڭلىيالماپتىمەن! » دېيەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈپ توۋلىدىم. ئاۋازىممۇ ئىنتايىن قوپال چىقىپ كەتتى.

بىر چاغدىن كېيىن ئۇ توختىدى ـ دە، مەن تەرەپكە قارىدى. لېكىن، كەينىگە يېنىپ قېشىمغا كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

«بۇ ئاداش مەندىن رەنجىپ قالدىمۇ، نېمە؟ ياكى باشقا بىرەرسىدىن رەنجىپ قالغان بولسا ئاچچىقىنى مەندىن ئېلىۋاتامىغاندۇ؟ » ئەھۋال شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ . . . تىكەنىنىمۇ كىرگەن يېرىدىن ئالىمىز ئەمەسمۇ؟ . . . » دېگەن خىيال كاللامنى سەگىتىپ قويدى.

مەن «بۇياققا كېلىڭ! » دېگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلدىم. ئۇ خۇددى «بارايمۇ، بارمايمۇ؟ » دېگەندەك جايىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئاندىن خۇددى ئېرىنچەك خوتۇنلاردەك ئاران دېگەندە بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ ئالدىمغا كەلدى. بۇ چاغدا مەن: «ئاڭلىماي قاپتىمەن! » دەيدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن ئۇ ئۇنداقمۇ دېمىدى.

— هوي، سىزگە نېمە بولدى؟ قۇلىقىڭىز ئېغىرلىشىپ قالدىمۇ، نېمە؟ — دېدىم مەن.

ئۇ هېچنېمە دېمەي، كۆزىنى پارقىرىتىپ ماڭا بىر قىسما

قاراپ قويدى.

— شۇنچە توۋلىسامىمۇ، ھە دېمەيسىزا؟ — ئۇنىڭدىن ھېلىھەم زۇۋان چىقمىدى، مەن يېقىن بېرىپ خۇددى پاڭغا گەپ قىلغاندەك ئۈنلۈك توۋلىدىم. ئۇ بىردىنلا:

— قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قالمىدى! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ توڭ ھەم قوپال چىقتى.

ئەمدى مەن سىلىقلىق بىلەن سورىدىم:

— ئەمىسە سىزگە نېمە بولدى؟

ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا مەندىن:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ساۋۇت ئوغلىنىڭ تويىغا چاقىرىپتىكەن، شۇيەردىن كېلىۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بەردىم.

بۇ جاۋابىمنى ئاڭلاپ، شۇئان مامۇتنىڭ تەرى تۇرۇلدى. چىرايىنى بىردىنلا تۇمان قاپلاپ كەتكەندەك بولدى، يۇپيۇمىلاق كۆزلىرى خۇددى مېنى يەۋېتىدىغاندەك سۇرلۇك تۈس ئالدى.

مەن: «بۇ نېمە ئىش؟ . . . » دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم.

— مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلغانىدىم. پەرىزىم خاتا چىقماپتۇ ـ دە! — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەمدى مەيۈسلىنىش، ئاغرىنىش ئالامەتلىرى سېزىلىۋاتاتتى.

— شۇڭا ماڭا قارىماي مېڭىپتىكەنسىز ـ دە!

ئۇنىڭ ئۆتكەنكى بىر ئىشىدىن ساۋۇتقا ئاچچىقى بارلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ ئىشتا مېنىڭمۇ ساۋۇتتىن كۆڭلۈم قالغان يېرىم بار ئىدى. لېكىن، ماڭا بۇرۇندىنلا: «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات! » دەيدىغان بىر ئادەت سىڭىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ ئىشنى مەن ئاللىبۇرۇن كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەنىدىم. لېكىن بۇ ئىش مامۇتنىڭ كۆڭلىدە تېخىچە ساقلىنىپ قالغان

ئوخشايدۇ.

— سىز يەنە شۇنى ئاغىنەم، دەپ يۈرەمسىز؟ — ئۇنىڭ بۇ سوئالى خۇددى بېشىمغا بىر نوگاي سوغۇق سۇ قويۇۋەتكەندەك مېنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭدىن مەن سەل سەگەكلىشىپ قالغاندەك بولدۇم.

خىيال كەپتىرىم شۇئان قەپەستىن پۇررىدە ئۇچۇپ، خاتىرەمگە مۇنداق بىر ئىش كەلدى.

بىر كۈنى مامۇت مېنى ئىزدەپ كېلىپ:

— باشلىق، ئەھۋالىمىزنى بىلگەندىكىن، ماڭا بىر ئاز ياردەم قىلىڭ! — دېدى.

مەن ئۇ چاغدا بىر ماشىنا كالونىنىڭ باشلىقى ئىدىم. ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدىكى بىر ئىشچى ئىدى.

— نېمە ئىش؟ نېمىگە ياردەم قىلىمەن؟ — دەپ سورىدىم.

— سىز ساۋۇت بىلەن خېلى ئوبدانلا ئاغىنە، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، قىزىمنى بىزنىڭ شىركەتنىڭ ئۆزىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەرسىڭىز!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەمدى ئىش ھەل بولغاندا قىزىڭغا ئورۇن تاللاپ نېمە قىلىسەن؟ ئاۋۋال قەيەرگە بولمىسۇن، بىرىيەرگە ئورۇنلاشسا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، قىز بالا ئەمەسمۇ؟ يىراققا كېتىپ قالمىسۇن! — دەپ تۇرۇۋالدى ئۇ.

مەن ئىچىمدە: «مەن ساڭا ئاز ياردەم قىلدىممۇ؟ . . . مەن نۇرغۇن يول يۈرۈپ، قىزىڭغا ‹يېزىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا بارمىسىمۇ بولىدۇ› دېگەن خەتنى ئېلىپ بەردىم. يەنە ئەمگەك تارماقلىرىغا تولا قاتناپ، ئۇنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىپ بەردىم. مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىكقۇ؟ مېنى يەنە

ئاۋاره قىلىپ نىمه قىلىسەن؟ . . . » دەپ ئويلىدىم ۋە بۇ ئىشتىن باش تارتماقچى بولدۇم.

لېكىن مامۇت كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ:

— ئۇنداق قىلماي، ئاخىرقى قېتىم ياردەم قىلىپ قويۇڭ! — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

مەن «بوپتۇ، ياردەم قىلغاندىكىن، ئاخىرغىچە ياردەم قىلاي!» دەپ ئۆزۈمگە خىلى ئىشەنچ قىلغان هالدا مامۇتنى ئېلىپ، كەچتە ساۋۇتنىڭ ئۆيىگە باردىم.

ساۋۇتقا كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى ئېنىق ئېيتىپ، ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. بىراق ساۋۇت «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ!» دېگەندەك ئىش قىلدى. تېخى ئۇ مامۇتنىڭ يۈزىدىن - يۈزىگە:

— ئەمىسە، قىزىڭىزنى شىركەتكە باشلىق قىلىپ قويساق بولامتى؟ — دەپ تەلىپىمىزنى ناهايىتى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىۋەتتى.

بىز ساۋۇتنىڭ يېنىدىن ئەنە شۇنداق چامىمىز سۇغا چىلىشىپ يېنىپ چىقتۇق.

ئەجەب ئىش، مەن شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇزاق ئۆتمەي مامۇتنىڭ قىزىنىڭ شىركىتىمىزدە مۇهىم بىر ئورۇندا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى. ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۇ ئورۇنغا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادى بىلەلمىگەنىدىم. تېخى «شۇ كۈنى بىز كەتكەندىن كېيىن ساۋۇت بىزنىڭ پىكرىمىزنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ، بوپتۇ، قولۇمدىن كەلگەندىكىن دەپ شۇنداق قىلغان ئوخشىمامدۇ؟ . . . » دېگەنلەرنى ئويلاپتىكەنمەن تېخى، ئەسلىدە ئىش باشقىچىكەن ئەمەسمۇ؟ . . .

— سىز دېگەن ئىككى يۈز ئادەمنى باشقۇرىسىز، سىزنى بىز رەهبىرىي كادىر دەپ تونۇيمىز. ئۇ بولسا ئاددىي ئىش

بېجىرگۈچى. ئۇ يۇقىرى ئورۇندا ئىشلەپ قالغىنى ئۈچۈنلا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزىنى شۇنداق چوڭ تۇتسا بولامدۇ؟ سىز ئۇنى ئاغىنەم دەيسىز، ئۇ كۇنى ئۇ سىزنى ئۆز ئاغىنىسىدەكمۇ كۆرمىدى. مېنى ۋە قىزىمنى بولسا تەنە گەپلەر بىلەن يەرگە ئۇردى. ماڭا ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق بىلىندى. ئىچىمدە: «خەپ، توختاپ تۇر!» دەۋەتتىم، دېدى مامۇت زەردە بىلەن.

— ئۇ كۇنى مەن خىجىل بولدۇم. سىز رەنجىدىڭىز، شۇنداققۇ؟ . . . لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ھېچ ۋەقەسى يوق! — ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ دېدىمەن.

— نېمىشقا ھېچ ۋەقەسى يوقكەن؟ — ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى.

ئۇ بىر نېمە دەيدىغاندەكلا قىلاتتى. مەن خىيال سۇرگەچ، ئۇنى يەنە نېمىلەرنى دەركىن؟ . . . دەپ كۇتۇپ تۇردۇم.

— مەن! — دەپ مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى مامۇت! — ئۇنىڭ چاۋسىنى چىتقا ياياي، دەپ ئەتىسى ئۆيىگە يەنە باردىم.

— ھوي، نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدىم قۇلىقىمغا ئىشەنمەي، ئىچىمدە: «ساۋۇت ئەمدى مېنى كۆرسە، ھېلىقى مامۇت دېگەننى ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىغا بىر دەسسىتىپ قويۇپتىڭىز، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا زادى ئارام بەرمىدى، دەپ مېنى ئەيىبلەيدىغان بولدى!» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئاندىن: ئۇ كۇنى يېگەن دەككىلىرىڭىزنى ئاز كۆرۈپ، يەنە باردىڭىزمۇ؟ — دەۋەتتىم.

— قىزىقكەنسىز، گېپىمنى دەۋالغۇچە بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرامسىز؟ — دېدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ خۇددى ھېكايە ئېيتىدىغاندەك خېلى بىر نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى پەملەپ: «ھە، دەڭە؟ قۇلىقىم سىزدە!» دېگەن مەنىدە بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

ئەتىسى مەن يانچۇقۇمغا ئىككى بوتۇلكا هاراقنى سېلىپ ئاغىنىسى لىتىپنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم.

ئىچىمدە بىردىنلا: «تېز - تېز دېسىكەن» دەپ ئاچچىقلاشقا تەشنا بولۇپ قالدىم. مامۇت تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى.

مەن ئىككى بوتۇلكا هاراقنى ئاستا يانچۇقۇمدىن ئېلىپ، شىرە ئۈستىگە قويدۇم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭىز، دەمسىز؟ ئالدىرىماي تۇرۇڭ، مەن سىزگە تولۇق سۆزلەپ بېرىمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن هاراقكەش ئىكەنلىكىنى، هاراق دېسە جېنىنى بېرىدىغانلىقىنى بۇرۇندىنلا بىلەتتىم.

— سىز بىزنىڭ قاتناش سىستېمىمىزغا يېڭى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن جىق ئىشلارنى بىلىپ كەتمەيسىز. . . شۇنداقمۇ؟ . . .

«هەق - راست» دېدىم مەن ئېڭىكىمنى قېقىپ. چۈنكى مەنمۇ بۇ توغرۇلۇق بۇرۇن خېلى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى.

ئىككى بوتۇلكا هاراقنى كۆرۈپ ساۋۇتنىڭ كۆزى قىزاردى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، جېنى يايراپ كەتتى.

— قېنى سۆزلەۋېرىڭ! — دېدىم مەن يەنە، ئاخىرىدا نېمە كارامەت چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ. ئىچىمدە بولسا: «توۋا، توۋا!» دەيتتىم.

— بۇرۇن سىز بىلەن مەن بارغاندا، ئاغىنەم كەپتۇ، دەپ بىر پىيالە چاي قۇيايمۇ دېمىدى، شۇنداققۇ؟ . . . — مامۇت گەپ ئارىسىدا مېنى خىجىل قىلىپ سورىدى.

مەن شۇ ئىشنى ئەسلىگەندەك قىلىپ، قوشۇمامنى تۈرۈپ بىر ئاز تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن:

— شۇنداق بولدى! — مەن ئوڭايسىزلىق ئىچىدە جاۋاب بەردىم.

— سىز بارغاندا ئاغىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان ساۋۇت ئەمدى ئىككى بوتۇلكا هاراقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، داستىخان دېگەنگە نازۇنېمەت، قەنت ـ گېزەك دېگەننى تىزىۋەتتى جۇمۇ. چاينىمۇ تېخى ئۆزى دەملەپ قويدى.

ماموتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىم چۆشۈپلا كەتتى. ماموتنىڭ ئالدىدا راستىنلا خىجىل بولۇۋاتاتتىم. لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ ئارانلا سورىدىم:

— يەنىچۇ؟

«مەن ئىككى بوتۇلكا هاراقنى ئالدىغا ئاپىرىپ، ئۇ ئادەم ئەمەس نېمىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرارمەن» دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، كۆتۈلمىگەندە ئۇ شۇيەرنىڭ ئۆزىدىلا تەلىپىمنى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ماڭا ۋەدە بەردى. شۇنداق قىلىپ قىزىم شىركەتنىڭ ئۆزىدە، سىز كۆرگەن يەردە ئىشلەپ قالدى ئەمەسمۇ؟ . . .

مەن خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام مەن ماموتنىڭ قىزىنى شىركەتتىكى ئىش ئورنىدا كۆرۈپ قالمىغان بولسام، ماموتنىڭ بۇ گەپلىرىگە زادىلا ئىشەنمىگەن بولاتتىم. شۇتاپتا ساۋۇتقا راسا ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى.

«ئاغىنىسىنى ئىككى بوتۇلكا هاراقچىلىك كۆرمىگەن ئادەمنى نېمە دېيىش كېرەك؟ يەنە ئۇنى ئاغىنەم دەپ يۈرەرمەنمۇ؟ . . . » دېگەنلەرنى خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. ماموتنىڭ مۇنۇ گەپلىرى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى:

— سىز يەنە شۇنىڭ تويىغا باردىڭىزما؟ ئادەم دېگەننىڭ قىممىتى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟ ئۇنىڭ نەدە ئىشلەۋاتقانلىقى بىلەن ئەمەس، ۋىجدانى ۋە جەمئىيەتكە قوشۇۋاتقان تۆهپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟ ئۇ ئۇيەردە ئىشلەۋاتقان بولسا، سىز مانا ئەمدى دەرۋازىسىدىن تۆت پوستىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىسە

كىرەلمەيدىغان مۇھىم ئورۇندا ئىشلەۋاتىسىزغۇ؟...
ئۆزىڭىزنى خەقنىڭ ئالدىدا ئۇنداق پەس كۆرۈپ نېمە قىلىسىز؟ قاچانغىچە مۇشۇنداق ساددا كۆڭۈل بولۇپ ئۆتەرسىز؟ سىزغۇ تويىغا بېرىپسىز، مەن بولسام ئالدىمغا ماشىنا ئەكەلسىمۇ بارمايتتىم.

مەن ئۆزۈمنى چوڭقۇر ئەلەم ئىچىدە ئاران تۇتۇۋېلىپ:

— ئاغىنە ئەمەسمۇ؟ بىرەر قېتىملىق سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن تاشلىۋەتسەك بولماس، — دەپ زورىغا كۈلۈپ قويدۇم.

# ئېشىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى ئىدارە دەپ قارىلىپ كېلىنۋاتقان بۇ ئىدارىنىڭ ئىشلىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئانچە ئالدىراش بولۇپ كەتمەيتتى. بۇ يەرگە ئىش بېجىرگىلى كېلىدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

لېكىن، ھەر ئىشنىڭ قاتىلاڭچىلىق مەزگىلى بولغاندەك، بۇ ئىدارىنىڭمۇ ئىشى ئالدىراش بولۇپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا خۇددى چاپ - چاپ بازارغا ماڭغاندەك بۇ يەرگە كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي قالاتتى. تېخى بەزىدە بۇلارنىڭ ئىچىدە چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار كاتتا كىشىلەرمۇ بولۇپ قالاتتى.

بۈگۈن بۇ ئىدارىگە تېخى ئىشقا چۈشۈپ ئۈزاق ئۆتمەيلا ئاجايىپ ھەيۋەت، قارا رەڭلىك ئېسىل بىر پىكاپ كېلىپ چىپپىدە توختىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇيەرگە مۇنداق كاتتا پىكاپنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم ئەسلىيەلمەيتتى. بۇ پىكاپتا نازىر ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئولتۇرىدىغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئىدارىدىكىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.

بىر ئازدىن كېيىن پىكاپتىن بوي - بەستى كېلىشكەن، قارا قاش، قاڭشارلىق بىر كىشى چۈشتى، ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، ئالدىغا ئىككى - ئۈچ قەدەم تاشلىدى. ئاندىن ئالدىغا ئۈچرىغان بىر كىشىدىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى

سورىۋىدى، ئۇ كىشى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى كۆرسىتىپ قويىدى. بۇ ئەرباب 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۈچ قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان، ئۆگزىسى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىككىنچى قەۋەت جەنۇبىي تەرىپىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى باشلىق ئىشخانىسىنى ئاران دېگەندە تاپتى. لېكىن، قېرىشقاندەك ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىدا يوق ئىدى. ئۇ جىددىي بىر خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەرباب بۇ ئەھۋاللارنى ئىدارە باشلىقىنىڭ كاتىبىدىن ئۇقتى. كاتىب ئۆز كۆڭلىدە: «بۇ كىشىنىڭ سالاپەتلىك تەقى ـ تۇرقىدىن قارىغاندا خېلى چوڭ رەھبەر ئوخشايدۇ. . . بۇ كىشىنىڭ ئۆزى كەلمىسە بولمايدىغان زادى قانداق مۇھىم ئىشى باردۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇ ئەرباب ئۆز سالاپىتىگە ماس كەلمىگەن ھالدا ئىدارە باشلىقىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەقەززالىق ئىچىدە كۈتۈپ كاتىبىنىڭ يېنىدا ئالاھازەل ئىككى سائەتتەك ئولتۇردى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئىشىككە، بىردەم ـ بىردەم سائەتكە قاراپ قوياتتى. بەزىدە ئۆزى سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ئىشخانا ئىچىدە ئىختىيارسىز ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى.

قېرىشقاندەك ئىدارە باشلىقىنىڭ تا ھازىرغىچە سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. قارىغاندا، بۇيەردە مۇنداق ساقلاپ ئولتۇرىۋېرىش-نىڭ ئۆزى ئۇ ئەرباب ئۈچۈن تولىمۇ ئەپسىز بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. دېمىسىمۇ شۇ ـ دە، باشلىق دېگەننىڭ ئىشى چاچتىن تولا بولىدىغانلىقى ھەممە ئادەمگە ئايانغۇ؟ . . . ئۇ راستىنلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، بىر چاغدىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەچ كاتىبقا:

— ئابباس باشلىق مېنىڭ قەدىناس ئاغىنەم بولىدۇ، ئۇ بۈگۈن يوق بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن ئەتە يەنە كېلىمەن،— دېدى.

— بولىدۇ تەقسىر، مەن چوقۇم يەتكۈزىمەن، — دېدى كاتىب كۆلۈمسىرەپ.

«بىزنىڭ ئىدارە باشلىقىمۇ قارىغاندا بوش ئادەم ئەمەسكەن جۇمۇ! چۈنكى ئۇ چوڭ بىر ئەربابنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئىدارە باشلىقى ئۇزاققا قالماي يۇقىرى بىر ئورۇنغا ئۆسۈپ كېتەمدۇ تېخى!» دېگەنلەرنى ئويلىدى كاتىب.

بۇ ئەرباب گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم ئوخشايدۇ، ئۇ دېگىنى بويىچە ئەتىسى ئىشقا چۈشۈپ يېرىم سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئىدارىدە يەنە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئىشەنچ، ئۈمىدۋارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. لېكىن، تەلىيىنىڭ بۈگۈنمۇ يەنە ئوڭدىن كەلمەي قېلىشىنى كىم بىلسۇن!

ئىدارە باشلىقى يەنە يوق ئىدى. ئۇنى يىگىرمە مىنۇت ئىلگىرى شەھەرلىك پارتكومدىن تېلېفون كېلىپ يىغىنغا چاقىرتىپ كەتكەنىدى. ئىشنىڭ مۇنداق بولۇپ قېلىشىنى شۇتاپتا ئەرباب خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ كۈتۈلمىگەندە بۇ ئىشقا پەقەت بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى.

— سىز مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمنى ئىدارە باشلىقىغا ئېيتىپ قويمىغانمىدىڭىز؟ — ئەرباب چىرايى سەل تاتىرىپ جىددىي تۇس ئالغان هالدا كاتىبتىن سورىدى.

— ئېيتقانىدىم، لېكىن بۈگۈن بەك جىددىي يىغىن بار ئىكەن، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ئۆزى بىۋاسىتە تېلېفون بەردى، شۇڭا ئىدارە باشلىقى سىزنى ساقلاپ تۇرالماي يىغىنغا كېتىپ قالدى.

«جىددىي يىغىن دېگەن ئۇزاق ئېچىلماس، ئېهتىمال ئۇ شۇجىنىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلاپ بولۇپلا قايتىپ كېلەر، چۈنكى ئۇ مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمنى، شۇتاپتا مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ» دەپ ئويلىغان ئەرباب سەۋر ـ تاقەت بىلەن يەنە بىر سائەتتىن ئارتۇقراق كۈتتى، لېكىن بەختكە

قارشى ئىدارە باشلىقى پەيدا بولمىدى. «ئەمدى زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ . . . يەنە بىردەم ساقلاپ تۇرۇپ باقايمۇ يا؟ ياق، ياق! . . . » ئەرباب ئاخىر ئىلاجسىز يەنە قايتىپ كەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىدارىدە ناتونۇش بىر بالا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئەرباب ئەۋەتكەن بالا ئىدى. ئۇنداقتا ئەرباب ئۆزى نېمىشقا كەلمىدى؟ ئۇنىڭ بۈگۈن جىددىي ئىشى چىقىپ قالدىمۇ ياكى بولمىسا كۈندە كېلىۋېرىشنى كاتتا ئەربابلىق سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارىدىمۇ؟ . . . بۇ تەرەپلىرى بىزگە قاراڭغۇلۇق، ھەر ھالدا ئۇ ئۆزى كەلمەي ئوغلىنى ئەۋەتكەنىدى.

— ئاتام بۇ خەتنى سىزگە ئەۋەتكەنىدى، — بالا قولى تىترىگەن ھالدا خەتنى ئىدارە باشلىقىغا ئاستا ئۇزاتتى.

ئىدارە باشلىقى خەتنى قولىغا ئېلىپ ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى. قىسقا، ئەمما قاغا پۇتىدەك يېزىلغان بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«قەدىناس دوستۇم ئابباس باشلىق، قېشىڭىزغا ئۈدا ئىككى قېتىم بېرىپ سىز بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەتتىم. سىزنى بىر ئىشقا ئازراق ئاۋارە قىلاي دېۋىدىم، يەنى تەقسىمات كۈتۈپ تۇرغان ئوغلۇمنى ××× ئورۇنغا تەقسىم قىلىپ قويسىڭىز، سىزدىن بەكمۇ رازى بولاتتىم.» ئۇ خەتنىڭ ئاخىرىغا ئىمزاسىنى قويۇپ، ئاي - كۈنىنى يېزىپ قويغانىدى.

«قەدىناس دوستۇم» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەرنى ئوقۇغىنىدا خۇشال بولۇش ئورنىغا نېمىشقىدۇر ئىدارە باشلىقىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. گويا مەسخىرە قىلغاندەك دىمىغىدا كۈلۈپ قويدى، ئاندىن بالىغا قاراپ جىددىي تەلەپپۇزدا:

— بېرىپ ئاتىڭىزغا دەڭ، ئۇ ئورۇنغا يۇقىرىدىن بىزگە سان بەرمىدى. ئەگەر ئاتىڭىز بۇ ئىشنى چوقۇم ھەل قىلىمەن دېسە، پىلان كومىتېتىغا دەپ ئاشۇ ئورۇنغا قارىتىپ بىر سان

ئالدۇرۇپ بەرسۇن، ئاندىن مەن قالغان ئىشنى توغرىلاپ بېرەي! — دەپ بالىنى چىرايلىققىنا يولغا سېلىپ قويىدى.

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ھېلىقى ئورۇنغا ئاتاپ چۇشۇرۇلگەن بىر سانمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ بازىرى ئىنتايىن ئىتتىك بىر ئورۇن بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ كۆزى چۈشتى. بۇ مۇھىم خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن مۇنداق ئىپسىل لوق گۆشكە قول ئۇزىتىدىغانلارمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە شۇنداق تېز كۆپىيىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئىدارە باشلىقى ئاشۇ ئارزۇ بىلەن ئوتتەك قىزىپ كەتكەنلەرگە قۇرۇق ئەمچەك سالماي، ئۇلارنىڭ قىزىغان يۈرىكىنى ۋاقتىدا سۇ سېپىپ سەگىتىپ قويىدى.

— سىلەر ئاۋارە بولماڭلار، بۇ سان پىلانلىق چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئىگىسى بار، — دېدى ئۇ. ئاندىن ئەربابنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك توغرىلاپ بەردى.

بىزدە «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەن تەمسىل بار، ئەرباب مۇھىم بىر ئىشنى ھەل قىلىپ بەرگەن ئىدارە باشلىقىغا ئىشتىن كېيىن ئاغزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ «رەھمەت» ئېيتىپ قويسا ياخشى بولاتتى. بۇ بىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىمىزغىمۇ، ئادەمگەرچىلىكىمىزگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. لېكىن، ئۇ ئىشكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىنلا بۇ «قەدىناس دوستى»غا بىرەر يېرىم ئېغىز «رەھمەت»مۇ ئېيتىپ قويمىدى.

ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، ئىدارە باشلىقى بىر چوڭ شەھەرگە تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە باردى. ئۇ كاتىپىنى بىللە ئېلىۋالغانىدى. ئۇيەردە ھېلىقى ئەربابنى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقالغاندا، كاتىپ كۆڭلىدە: «ئىدارە باشلىقى ئۇ ئەربابنىڭ قەدىناس دوستى بولغاندىكىن، ئۇلار جەزمەن قىزغىن كۆرۈشىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى.

لېكىن نەدىكىنى! ھېلىقى ئەرباب ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە «قەدىناس دوستى» — ئىدارە باشلىقى بىلەن خۇددى ناتونۇش كىشىدەك، ھەتتا ئۇنى ئوڭشىدىمۇ - چۇشىدىمۇ زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك پەرۋاسىزلا كۆرۈشۈپ قويدى. كۆڭلىگە يارىشا بىرەر ئېغىزمۇ ياخشى سۆز قىلىپ قويمىدى.

كاتىپ بۇ ھالنى كۆرۈپ شۇ تاپتا ئۆزىگىمۇ - كۆزىگىمۇ ئىشەنمەي قالدى.

# «پوچتىكەش»

پوچتىكەش دېسە، ھە دېگەندىلا خەت ـ چەك، گېزىت ـ ژۇرنال توشۇيدىغان پوچتىكەشنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈۋالىسىلەر. لېكىن، مېنىڭدەك بىر «پوچتىكەش» بارلىقىنى زادىلا خىيالىڭلارغا كەلتۈرۈپ قويمايسىلەر، شۇنداقمۇ؟ . . . شۇڭا مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى. قورسىقىم كۆپۈپ يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى! ئەمدى بۇ ئىشتىن بىراقلا ئىستېپا بېرەيمىكىن دېگەن يەرگە كەلدىم، نېمىشقا دەمسىز؟ . . . تېخى ئالدىرىماي تۇرسىڭىز، ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ سىزگە راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بېرىمەن.

ئەسلىدىغۇ توي قىلىش ياخشى ئىش، ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىنىدۇ. بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت. لېكىننزە مۇشۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان، بىرەر دوست ـ بۇرادىرىمىز ئوغلىنىڭ ياكى قىزىنىڭ تويىنى قىلىدىكەن دېسە، ھەممىدىن بەك مېنى غەم باسىدۇ، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ خۇددى تاشتەك قېتىپ كېتىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستىم، ئۇ چاغدا بىرەر ئاغىنەم بىر قۇچاق باغاقنى ئەكېلىپ تارقىتىۋەت دەپ بەرسە، مەن خۇددى ئۇنىڭ سېتىۋالغان قولىدەك ئاجايىپ پايپېتەك بولۇپ كېتەتتىم. يازدا پىژغىرىم ئىسسىقتىن، قىشتا قەھرىتان سوغۇقتىن قورقماي، گاھ پىيادە، گاھ ۋېلسىپىتلىق

يۇرۇپ شەھەرنىڭ ئۇ بېشىدىن كىرسەم بۇ بېشىدىن چىقىپ، باغاق تارقىتاتتىم. تېخى بۇ ئىشنى تولىمۇ شەرەپلىك ۋەزىپە دەپ بىلەتتىم. ھەتتا ۋەزىپەمنى بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن ئورۇندىۋېتىپ، توي ئىگىسىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزەتتىم. لېكىن ئەمدىچۇ؟ . . . بۇ ئىش ماڭا بەكمۇ تەسكە چۈشىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا بەزىلەرنىڭ توينى تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشى ئاساسىي سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار توينى ئاددىي - ساددا، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشتەك قائىدە - يوسۇنىمىزنى ئۇنتۇپ، ھە دېسىلا نام - شۆھرەت قوغلىشىپ، خۇددى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى تويغا چاقىرىۋاتقاندەك قىلىشىپ كېتىدۇ.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ باغاق بۇ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن تارقىتامدىمەن؟ — دېدىم مەن بىر كۈنى قىزىنىڭ توينى قىلماقچى بولغان ئاغىنامغا.

— سىز تارقاتمىسىڭىز، كىم تارقىتىدۇ؟ — دېدى جاۋابەن يوغان قورساق ئاغىنەم.

ئويلاپ بېقىڭا، پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىگە قۇمدەك تارقىلىپ كەتكەن كىشىلەرگە باغاقنى قانداق يەتكۈزۈپ بېرەلەيمەن، يا قولۇمدا كىچىك ماشىنام بولمىسا! يەنە كېلىپ مېنىڭ جېنىم تۆمۈر ئەمەس - تە! . . . بۇنى ئۇ ئاغىنىلەر نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ دوپپىسىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ، ئويلاپ باقسا بولمامدىغاندۇ؟ ياكى مەن ئۇلارنىڭ ھە دېسىلا قوشتىن چىقىرىپ، سۆرەمىگە سالىدىغان ياۋاش كالىسى بولمىسام! تېخى بەزىلەر «بىز ئۆيىنى سىزدەك بىلمەيدىكەنمىز» دېيىشىدۇ. ئادەتتىغۇ بارمايسىز، ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ قەدرىگىمۇ يەتمەيسىز، ئەمدى ھاجىتىڭىز چۈشكەندە مىكى - مىكى دەيسىز. . . شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ . . . «سۇ كەلمەستىن بۇرۇن توغان سال» دېگەندەك بۇ باشتىلا

ئويلايدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟...

بۇ گەپلىرىم ئۇلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرمەيدۇ. ئىش بۇرۇنقىدەك كېتىۋېرىدۇ.

بىر كۈنى شەھەردىن خېلى يىراق بولغان سېمونت زاۋۇتىغا باغاق تارقاتقىلى چىقتىم. يېقىن قالغاندا توسالغۇغا ئۇچرىدىم. زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى يولنىڭ ئورنى پەس بولغاچقا، ئۇيەرنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. قانداق قىلارمەن؟... دەپ ئەتراپقا ئەندىشە ئىچىدە قارىدىم، ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ئۆتۈۋالىدىغانغا ئالىقانچىلىكمۇ قۇرۇق يەر قالماپتۇ. باشقا ئامال بولمىغانلىقتىن «يا قاينامدىن چىقارمەن، يا سايرامدىن...» دەپ ۋېلىسىپىتىمنى مىنگەن پېتىم بولۇشچە چاپتۇردۇم. ھېلىمۇ ياخشى، تەلىيىمگە سۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەسكەن، بولمىسا سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ۋېلىسىپىت ماڭالماي قېلىپ يىقىلىپ چۈشەتتىم. «خۇداغا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا سۇدىن ئۆتۈۋالدىم» دەپ خۇشال بولۇپ كەتتىم. لېكىن ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىكەنمەن. قارىسام، ۋېلىسىپىتىمنىڭ كەينى چاقىدا يەل قالماپتۇ. «ئەمدى تۈگەشتىم» دېدىم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە. گۇگۇم چۈشكەن بۇ چاغدا نەدىمۇ ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىدىغان يەر بولسۇن، بۇ ھال مېنى ۋە باغىقنى ئاچىققان ئاغىنەمنى بەكمۇ تەڭلىكتە قالدۇردى. چۈنكى، بۇ ئىككىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرەكلىك سايمان ۋە ماتېرىياللار نەدە تۇرۇپتۇ، دەيسىز؟

ئاغىنەم بىلەن ئىككىمىز ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر زاۋۇتنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدىن ماڭا ئانچە ـ مۇنچە تۇغقان كېلىدىغان بىر سىڭلىنىڭ يولدىشىنى تاپتۇق. ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى تەلىيىمىزنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى بولدى. ئۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ

ۋېلسىپىتنى بىر ئامال قىلىپ جايىدا ئوڭشاپ بەردى.
قايتىشىمدا ھېلىقى پېشكەللىك يۈز بەرگەن يەرگە كەلگەندە يەنە
چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋېلسىپىتنى دولامغا
ئېلىپ سۇغا كىردىم. كىيىملىرىم لايغا مىلىنىپ كەتتى.

يول ئۈستىدە يان تەرەپكە بۇرۇلساملا باغاق بېرىپ ئۆتۈپ
كېتىدىغان يەنە بىر ئۆي بار ئىدى. شۇڭا مەن «ئەتە يەنە بۇ
تەرەپلەرگە كېلىپ يۈرەرمەنمۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ھازىرلا
باغىقىنى بېرىۋېتىپ كەتمەمدىمەن: دېگەن يەرگە كېلىپ، بىر
ئاز ماڭغاندىن كېيىن ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ قورۇغا كىردىم.
باشقا ئۆيلەرنىڭ چىرىغى يېنىقلىق ئىكەن. لېكىن،
قېرىشقاندەك مەن باغاق بېرىدىغان ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچۈكلۈك
ئىدى. ئۇ تولا ئۆي كۆچىدىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئۇ
يەنە ئۆي كۆچتىمۇ، نېمە؟» دېگەن ئوي بىلەن قولۇم -
قوشنىلىرىدىن سورىدىم. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيدە بارلىقىنى
ئېيتتى، مەن ئۇخلاپ قالغان ئاغىنەمنى ئويغاتتىم. ئېگىز
بوي، ئورۇق، قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ ئاغىنەم ئۇيقۇدىن
كۆزىنى ئاچا - ئاچمايلا «بۇنداق كەچتە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ
كۆڭلىگە كەچمىگەن خىياللارنى كەلتۈرۈپتۇ. ئاخىر ئۇ مۇشۇ
ۋاخ بىلەن ئۆزىگە تويى باغىقى ئەكەلگىنىمنى ئۇققاندىن كېيىن
بەكمۇ تەسىرلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاغزى - ئاغزىغا
تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— ئاغىنە دېگەن مانا مۇشۇنداق جانغا ئەسقاتىدىغان بولسا
بولىدۇ، بەزىلەر ماۋۇ قوشناڭنىڭ باغىقى ئىكەن، بالىلىرىڭدىن
ئۆيگە كىرگۈزۈۋەت، دېسىمۇ ئۇنىمايدۇ. مانا سىز دېگەن
كېچىدىمۇ باغاق تارقىتىپ يۈرۈپسىز. مەن ئەتىلا سىزنىڭ بۇ
ئىش - ئىزلىرىڭىزنى كۆرگەن - بىلگەنلىرىمگە راسا تەشۋىق
قىلىۋېتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن دوست - بۇرادەرلەرنىڭ
باغاقلىرىنى پەقەت سىزگىلا تاپشۇرسۇن. . . شۇ چاغدا

ئۆزلىرىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، دەڭە. . .

ئۇنىڭ مېنى ماختاپ دەۋاتقان بۇ گەپلىرى قۇلاق تۈۋىمگە مۇشت ئۇرغاندەك تۈيۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، نېمە دەۋاتىسىز، كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ گەپ قىلىڭ جۇمۇ؟ ماڭا يەنە ئىش تېپىپ بېرەي دەۋاتامسىز؟ مانا ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز، ماڭا نېمە جاپا بۇ؟ — مەن ئۇنى گەپ قىلغىنىغىمۇ راسا تويغۇزۇپ قويدۇم. دېمىسىمۇ شۇ ـ دە!

ماڭا تازا ئەلەم قىلغىنى شۇ بولدىكى، بىر كۈنى بىر ئاغىنەمنىڭ باغىقىنى تارقاتقىلى قىستا ـ قىستاڭ ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ، ئۆزۈمنىڭ دىققەتسىزلىكىمدىن ئوتتۇزدەك باغاقنى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم. «نېمە دېگىنىڭىز بۇ، باغاقنىمۇ ئوغرى ئالامدۇ؟» دەۋاتامسىز؟ بۇ راست شۇنداق بولغان ئىش. ئون ـ ئون ئىككى ياشلاردا بار، بويلىرى قىرقىپ قويغاندەك تەپتەكشى بىر نەچچە شۇمتەك يېنىمدا چاپلىشىپ تۇراتتى، شۇلارمىكىن ياكى باشقىسىمىكىن، ئىشقىلىپ باغاقنى «پۇلمىكىن؟» دەپ ئوغرىلىۋاپتۇ. «بۇ سىز ئۈچۈن بىر مۆجىزە بوپتۇ» دېدىڭىزما؟ نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ «چۈنكى سىز قەغەزنى پۇل ئورنىدا ئۆتكۈزەلەپسىز، ئادەتتە ئوغرى بەك ھىيلىگەر، ئالدامچى كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟» مۇنداق دەڭ، مەن تېخى بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىكەنمەن.

— ئەكېلىڭ، يېزىلمىغان باغاقتىن ماڭا بىرئاز بېرىڭ؟ — دەپ سورىدىم دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىپ پاكار، دومىلاققىنا، يوغان كۆز ئاغىنەمدىن. ئادەتتە باغاققا ئىسىملارنى ئۆزۈم خالىغانچە يازاتتىم. كىمنى يازغۇم كەلسە شۇنى يازاتتىم. چۈنكى، توي ئىگىسى تويغا كېلىدىغان يار ـ بۇرادەرلەرنىڭ ئىسمىنى مېنىڭدەك تولۇق بىلمەيتتى.

— ھوي، شۇنچىۋالا باغاقنى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا تارقىتىپ بولدىڭىزمۇ؟ يەنە باغاق بېرىدىغانلار چىقىپ قالغان

ئوخشىمامدۇ؟ قانچىلىك باغاق كېرەك؟ قانچىلىك ئالىمەن دېسىڭىز شۇنچىلىك بېرىمەن،— ئاغىنەمنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كۆڭلى يايراپ كېتىۋاتاتتى،— باغاق دېگەن تولا گەپ! . . . ،— ئۇ شىرە ئۈستىدىن بىر باغلام قۇرۇق باغاقنى ئېلىپ ماڭا سۇندى.

شۇنىڭ بىلەن باياتىن بېرى غەشلىكتە قالغان كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ئەندىشەم تۈگەپ، خاتىرجەم بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. مەن ئۆزۈمنى خۇددى چاقچاق قىلىۋاتقانغا سېلىپ ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نەدىكىنى، ئاپتوبۇستا ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم،— دەپ ساپتىمەن. ئەسلىدە بۇ دېمەيدىغان گەپ ئىكەندۇق.

شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ چىرايى دەرھال تۈتۈلدى. ئۇنىڭ پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرى ماڭا غەزەپ بىلەن مىختەك قادالدى.

— هوي، نېمە دەۋاتىسىز، ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ ساراڭ بولۇپ قېلىۋاتامسىز؟ — ئۇ ماڭا زەردە بىلەن تەگدى.

— يوقسۇ، خاتىرجەم بولۇڭ!

— سىززە ئاغىنە، هاماقەتلىك قىلىپ، باغاقنى چۈشۈرۈپ قويۇپسىز - دە، . . . ئۆزىڭىزمۇ پالاكەت بىر نېمە؟ . . .

مەن ئۇنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىدىن ئەمدى تولىمۇ بىزار بولغانىدىم.

مانا قاراڭ، مەن تېتىك، چاققان ئادەمدىن بىردەمدىلا پالاكەت بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالدىم.

ئەسلىدە بايىلا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنداق ساددىلىق قىلىپ يۈرمەي، «ئاداش، باغىقىڭىز يەتمەي قالدى، بىرمۇنچە بۇرادەرلەر ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، شۇلارنى تولۇقلاپ يېزىۋېتەي» دېگەنلا بولسام، ئۆزۈممۇ مۇنداق تاپا - تەنە ۋە تىل - ئاهانەتكە قالماسكەنمەن. «يالغان ئېيتتىڭ

قۇتۇلدۇڭ، راست ئېيتتىڭ تۇتۇلدۇڭ» دېگەن سۆز شۇ ئوخشىمامدۇ؟ . . . ۋاي ئىسىت! . . .

ئۇنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋەرسەم، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالىدىغاندەك ئەمەس. «ھاردىڭىز، ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىڭ» دېيىشىنىڭ ئورنىغا تېخى «باغاقلىرىمنى دۆڭكۆۋرۈكتە سېتىپ خەجلىدىڭىزمۇيا؟» دېيىشتىنمۇ يانمايدىغاندەك قىلاتتى.

بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكۇم كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن غايىب بولدۇم.

شۇ چاغدا مەن بۇ پوچتىكەشلىكىمدىن ئەمدى ئىستېپا بەرمەي قاچان بېرىمەن، دېگەن يەرگە كەلدىم.

# سەتچىلىك

— قىزىمنىڭ توينى قىلىمەن . . . چارشەنبە توي چېيىغا قاتنىشىپ بەر. . . چايدىن كېيىن سائىتا خىزمەتمۇ بار! — دېدى بىر ئاغىنەم كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ.

ئاغىنەمنىڭ «توي چېيىغا قاتنىشىپ بەر» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم بۆلەكچىلا ياىراپ كەتتى. چۈنكــــى، مەن نۇرغۇن ئاغىنىلىرىمنىڭ توي ئىشلىرىغا قاتنىشــــىپ بەرگەن بولسامۇ، بۇ چاغقىچە ھېچكىم قۇلاققا خۇشىاقىدىغان مۇنداق گەپنى دەپ باقمىغانىدى. «ئاغىنە دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا بولىدۇ، ئىشقىمۇ سېلىپ، چايغىمۇ تەكلىپ قىلىپ تۇرسا، نېمىدېگەن ياخشى!» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ:

— چاتاق يوق، چوقۇم بارىمەن! — دېدىم.

مەن توي چېيىغا دەل ۋاقتىدا باردىم. بۇ مېھمانلار تازا قىزىق كېلىۋاتقان چاغ ئىكەن. مەنمۇ ئاشۇ مېھمانلار قاتارىدا مەرىكە زالىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. ئۇيەردە بىر قانچە كىشى ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىزنى خۇددى ئېسىل مېھمانلارنى قارشــــى ئالغاندەك كۈتۈۋالدى. مەن كۆڭلۈمدە ئۇلارنى «مېھمانلارنى كۈتۈش ۋەزىپىسىگە قويۇلغان كىشىلەر ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ بىر ئىشنى ئىنچىكە ئويلايدىغان تۇيغۇن كۆڭلۈمگە شۇتاپتا بىر ئىش سەل باشقىچىرەك تۇيۇلغاندەك بولدى. ئاندىن مەن سەل دەرگۇماندا بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىكى ئېگىــــز بوي، ئورۇقراق كەلگەن خۇشپىچىم بىر كىشىدىن:

— قاۋۇل ئۆزى بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم. مەن شۇ ئارقىلىق كۆڭلۈمگە گۇمان پەيدا قىلغان بىر ئىشنى ئېنىقلىماقچى بولدۇم. ئۇ كىشى گېپىمنى قانداق چۈشەندى بولغاي، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ مېنىڭ سورىغان سوئالىمغا «بار» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن تەكەللۇپ بىلەن:

— كىرىڭ، كىرىڭ! — دەپ مېنى قىزغىن تەكلىپ قىلدى.

لېكىن، چوڭ بىر سەتچىلىكنىڭ مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟

مەن بۇ مېنىڭ كىچىكىمدىن تارتىپ بىر مەھەللىدە، بىر ئۇستەڭنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىپ، بىللە ئويناپ ئۆسكەن يېقىن ئاغىنەم قاۋۇلنىڭ قىزىنىڭ توي چېيىغۇ؟ دېگەن ئىشەنچ بىلەن مەردانە قەدەم تاشلاپ مەرىكە زالىغا خۇش كەيپىيات بىلەن كىرىپ كەلدىم، قارىسام زالغا يىگىرمىدەك ئۇستەل ئىككى رەت قىلىپ قاتار تىزىلىپ، ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ئايال مېھمانلار ئۇ تەرەپتە، ئەر مېھمانلار بۇ تەرەپتە ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. كۈتكۈچىلەر مېنى تۆتىنچى ئۇستەلگە باشلىدى. يېنىمدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ، ئانچە - مۇنچە نەرسىلەرنى دېيىشىپ ئولتۇرغۇدەك بىرەرى يوق ئىدى. مەن ئۇستەلدىكى نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇردۇم. ئەتراپىمغا ھەدەپ قاراۋاتىمەن. توۋا، قېرىشقاندەك بىرەر تونۇش ئادەم كۆرۈنىسچۇ كاشكى! بۇ چاغدا كاللامغا «بۇ ئاداش تۇغقانلىرىنىلا چاقىرىپ، مەندىن بۆلەك ئاغىنىلىرىنى چاقىرمىغان ئوخشىمامدۇ؟ . . .» دېگەن ئوي كەلدى.

«ماۋۇ ئاداش نېمىشقا بۇ چاغقىچە پەيدا بولمايدۇ، ئۆيىدىن كېلەلمەيۋاتامدۇ ياكى بىرەر جىددىي ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۆتكەندىمۇ بىر خەتنە تويغا بارساق، ھەممە

مېھمانلىرى كېلىپ بولسىمۇ، توي ئىگىســـى ئۈچ ـ تۆت سائەتكىچە پەيدا بولماي، مېھمانلارنى ساقلىتىپ قويغان ئەمەسمىدى، بۇ ئاداشمۇ بۇگۈن شۇنداق قىلامدۇ، نېمە؟ . . . »

بىر دەمدىن كېيىن يەنە بىــرمۇنچە مېھمانلار كىـــرىپ ئولتۇرۇشتى. مەن ئولتۇرغان ئۈستەلمۇ مېھمان بىلەن توشتى. بىراق، يەنىلا توي ئىگىسى — مېنىڭ ئاغىنەم كۆرۈنمەيتتى! مەن ئۇنى ھېلى ئاشخانا تەرەپتىن، ھېلى تالا تەرەپتىن پەيدا بولۇپ قالارمىكىن، دەپ قارىدىم. قاراۋېرىپ كۆزۈم تېشىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. بىراق ئۇ ئاغىنەم خۇددى جىنندەك يەنىلا كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ماۋۇ ئاداش ئۆلدىمۇ، نېمە؟ . . .

مەن شۇنداق تېگى يوق خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئالدىمغا قورداق كەلتۈرۈلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. شۇ چاغدىلا تۇيۇقسىز كاللامغا «مەن بۇيەرگە خاتا كىرىپ قالدىممۇ يا؟» دېگەن ئوي كېلىۋىدى، گاڭگىراپلا قالدىم. لېكىـــن، «ۋاقتى، جايى شۇنچە ئېنىق تۇرسا، قاراپ تۇرۇپمۇ ئۇنداق ئىش يۈز بېرەمتى؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى بەزلىدىم. شۇنداقتىمۇ يۈرىكىم يەنىلا دەككە ـ دۈككە ئىچىــدە گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى.

— قېنى مېھمانلار، چوڭ ـ چوڭ ئېلىڭلار! — مەن بۇ يات ئاۋازدىن چۆچۈپ، ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ئالدىمىزدا تۇرغىنى مېنى توي چېيىغا تەكلىپ قىلغان مېنىڭ ئاغىنەم ئەمەس، بەلكى يات بىر كىشى، يەنى بايا بىزنى ئىشىكتە كۈتۈۋالغان ئېگىز بوي، ئورۇقراق كەلگەن خۇشپىچىم ھېلىقى ئادەم ئىدى.

«ۋاي بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك، ۋاقىت، جاينىڭ مۇنداقمۇ ئۆزگىرىپ قالغىنى بارمۇ؟ بايا بۇ ئادەم مېنى ‹كىرىڭ›، دەپ تەكلىپ قىلغۇچە، ئەھۋالنـــى چۈشەندۈرۈپ قويسا بولماسمىدى، ئەرنىڭ ئۇيالغىنى — ئۆلگىنى، دېگەن گەپ بار

ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بۇ ئادەملەر ئالدىدا قانداق قىلارمەن، بۇنىڭدىن كېيىن يوللاردا ئۇچراپ قالغاندا، قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن. . . »

مەن بۇ قىيىن ئەھۋالدىن دەرھال قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولدۇم. لېكىن، قۇتۇلۇشنىڭ ھېچبىر ئامالىنى قىلالمىدىم. ئاخىر غۇرۇرۇمغا يات، غەلىتە بىر خىل ئوينىڭ تۈرتكىسىدە «قېلىن» لىقنىڭ شىپالىق دورىسىنى بىراقلا ئىچىۋالاي دېگەن يەرگىمۇ كېلىپ قالدىم: «ئوھوش، ئولتۇرىۋەرمەمدىمەن، مۇنداق سورۇندا ئىككى تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ قايسىبىرى بىر ـ بىرىنى تونۇپ كېتەتتى، مېنى بۇيەرگە پەقەتلا رىزقىم سۆرەپ ئەكەلگەن ئوخشايدۇ. قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق تۇرسا، ناھايىتى كەتسە، قىز تەرەپتىكىلەر مېنى ئوغۇل تەرەپنىڭ مېھمىنى، ئوغۇل تەرەپتىكىلەر بولسا قىز تەرەپنىڭ مېھمىنى، دەپلا قالىدۇ. تېخى بەزىدە چايغا كېلىۋاتقانلارغا يولدا بىزەڭلىق قىلىپ قوشۇلۇۋالىدىغانلارمۇ چىقىپ قالىدۇغۇ؟ مەنغۇ ھەرگىز ئۇنداقلارغا ئوخشىمايمەن! . . . » مەن شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈمنى ھېلى ئۇنداق خىياللار بىلەن، ھېلى مۇنداق خىياللار بىلەن ئالداپ ئۆزۈمنى بەزلىمەكچى بولدۇم. لېكىن مەن ھەرقانچە قىلسامۇ يۈرىكىم پەقەتلا جايىغا چۈشمىدى. شۇڭا مەن بۇيەردىن غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولدۇم. لېكىن، بەزىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىپ: «بۇ ئادەم بايا ئولتۇراتتى، ئەمدى كېتىپ قالدى، قېلىنلىق قىلىپ كىرىپ قالغان ئادەم ئوخشىمامدۇ؟ . . . » دەپ زاڭلىق قىلىشىدىن، كۈلكىگە قېلىشىمدىن قورقتۇم. ئاندىن «ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆيەي» دېگەن يەرگىمۇ كەلدىم. بىراق، دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇرالماي قالدىم. ئاخىر كۆڭلۈمدە بىر ئوبدان پىلان تۈزدۈم ھەم ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتۈم. خېلى بىر چاغدىن كېيىن مېھمانلار خۇددى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنەپپۇس ۋاقتىدەك، ئۆزلىرىنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا باشلىدى. مەن مۇشۇنداق پۇرسەتنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتىم. مەنمۇ ئەل قاتارى ئورنۇمدىن قوزغىلىپ هويلا - ئارامغا چىقتىم. بۇ چاغدا بەزىلەر ئۇ ئىشنى، بەزىلەر بۇ ئىشنى باهانە قىلىپ قايتىپ كەتمەكچى بولۇشتى، بەزىلەر تېخى دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرمەكچى بولۇشتى. مەنمۇ ئاشۇ كىشىلەر قاتارىدا چاندۇرماي سىرتقا چىقتىم - دە، ئاندىن غىپپىدە تىكىۋەتتىم.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، كىشىنى قاراپ تۇرۇپ ئاشۇنداق سەتچىلىككە قويغان بارمۇ؟ — مەن ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، قەهرى - غەزىپىم بىلەن ۋارقىرىدىم.

— نېمە بولدى، ئېيتىڭا، زادى نېمە ئىش بولدى، نېمە سەتچىلىككەن ئۇ؟ — ئاۋۋال ئېرى، ئاندىن خوتۇنى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، خۇددى هېچنېمىنى بىلمىگەن كىشىدەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، مەندىن سورىغىلى تۇردى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلماڭلار! — دېدىم مەن ئاچچىقىمدا، ئاندىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ هېلىقى چايغا بارغاندىكى كەچۈرمىشلىرىمنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردىم. مەن ئەسلىدە: «ئۇلارنى ئاشۇنداق قىلسام مەندىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايدىغۇ» دەپ ئويلىغانىكەنمەن. لېكىن نەدىكىنى! . . .

تېخى ئۇلار «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك قىلىپ، ماڭا بىر هازاغىچە سوغۇق نەزىرىدە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلدى. ئاندىن ئاغىنەمنىڭ خوتۇنى:

— شۇنچە ئاچچىقلاپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بولدىكىن دەپتىمەن؟ بولمىدىمۇ، ئۆيەرگە بېرىپ ئوبدان مېهمان بولۇپ كەپسىز. . . مۇنداق ئىشلارغا هەيران قېلىشنىڭ ياكى بىزگە ئاچچىقلاپ بېرىشنىڭ هېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق. مۇنداق

ئىشلار ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تويى ھەددى - ھېسابسىز تولا بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە مۇنداق قىزىق ئىشلارغا دۇچ كەلگەنلەر يالغۇز سىزمىدىڭىز!...

«نېمە دەۋاتىدۇ بۇ خوتۇن!... خۇددى بىر ئادەم ئۆيەرگە ئاچ قېلىپ بارغاندەك!» مەن قاتتىق نارازى بولدۇم.

— سىزغۇ قۇرۇق قول بېرىپ، ئوبدان مېھمان بولۇپ كەپسىز! — ئۇ بايىقى سۆزىنىڭ داۋامىنى ئەمدى تېخىمۇ ئۇچۇق قىلىپ دېيىشكە باشلىدى،— مەنچۇ، بىر تويغا بېرىپ بىر يۇتۇم چېيىنىمۇ ئىچمەي تۇرۇپ، شۇنداق قىممەت پۇللۇق سوۋغاتنى قويۇۋېتىپ قايتىپ كەلگەنمەن... بىر كۈنى بىر تويغا باردىم، توي ئىگىسى بىلەن خېلىلا يېقىن ئۆتكەچكە، سوۋغاتنى باشقا تويلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئاپاردىم. لېكىن، تويدا بىزگە چاي قۇيىدىغانغا ئادەممۇ چىقمىدى. ئەتراپىمغا قارىسام، بەزى كۈتكۈچىلەر ئۆزىنىڭ تونۇشلىرىنىلا مېھمان قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشقا ئىچىم پۇشۇپ، يېنىمىزدىكى قوشنا ئۈستەلگە چاي قۇيغىلى كەلگەن بىر كۈتكۈچىدىن «ساھىبخان يوقمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ «بار، ئاشخانىدا» دېدى. ئاندىن مەن «ساھىبخاننى چاقىرىۋېتىڭا، داستىخىنىمنى قويۇۋېتەي» دېدىم. ھايال ئۆتمەي ھېلىقى كۈتكۈچى بىر ئايالنى ئالدىمغا باشلاپ كېلىپ «مانا ساھىبخان!» دېدى. قارىسام، مەن بۇ ئايالنى ئوڭۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن «بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى نېمە ئامال بار؟» ئىلاجىسىزلىقتىن سوۋغىتىمنى قويۇۋېتىپ قايتىپ كەلدىم. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ ئۇ خۇددى ئاپارغان سوۋغىتىنى مەندىن تۆلىتىۋالىدىغاندەك ئەلپازدا ماڭا مىختەك قادالدى.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدىم:

— ئەگەر توينى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزىمىز دېمەي، ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزسەك، ھەرگىز يۇقىرىقىدەك قالايمىقانچىلىق ۋە سەتچىلىككە دۇچ كەلمەيمىز. سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئازادە ھويلىسى، كەڭ ـ كەڭ يەتتە ـ سەككىز ئېغىزلىق ئۆيۈڭلار بولغاندىكىن، توي چېيىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزسەڭلارمۇ بولىۋېرەتتىغۇ؟ . . .

گېپىمنىڭ ئاخىرى تېخى چۈشمەي تۇرۇپلا، بۇ ئايال سۆزۈمنىڭ قاپ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— ياق، بولمايدۇ، بۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلايدىغان يەرگە بېرىپ دەپ بېرىڭ، ئۇنداق گەپلەر بىلەن خۇشۇم يوق. «ئېشەك ـ ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس!» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ خەقلەر توينى قانداق قىلسا، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز، بەلكى ئۇلاردىن ئاشۇرۇپراق قىلىمىز دېگەنلىكىمىز ئۇچۇن، توي چېيىنىڭ ۋاقتىنى يەنە كېچىكتۈردۇق، شۇڭا بۇيەردە بىزگە ۋەز ئېيتىپ، ئاغزىڭىزنى ئۇپرىتىپ ئولتۇرماي، ئۆگۈنلۈككە كېلىپ بەھۇزۇر چايغا قاتنىشىڭ، ئاندىن توي كۈنى قولىمىزغا قول، پۇتىمىزغا پۇت بولۇپ بېرىڭ. شۇندىلا سىز ئاغىنىدارچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان بولىسىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟

مەن ئىچىمدە «ماۋۇ ھازازۇل خوتۇننىڭ دەۋاتقان گەپلىرىنى قار!» دېدىم. ئاندىن ئۇنىڭغا زەردە بىلەن تىكىلىپ:

— توي كۈنى قارشىپ بەرسەممۇ بېرەي! لېكىن، ئۆگۈنلۈككە چايغا كېلەلمەيمەن. بۇگۇن بۇرنۇمغىچە تويغىنىممۇ يېتەر! . . . — دېدىم.

— بوپتۇ، چايغا كەلمىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى. بىراق توي كۈنى كەلمىسىڭىز بولمايدۇ. توي كۈنى كېلىدىغان مېھمانلار كۆپ!

— «بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم» دېگەن گەپمۇ بار. خەقمۇ

بارغان يەرگە بېرىپ، بارمىغان يەرگە بارمايدىغان بولۇۋاپتۇ. سىزنى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا ئانچە كۆرگىلى بولمايدۇ. قاچانلا بولسا ئۇ ئىشىم بار، بۇ ئىشىم بار دەيسىز، ھەتتا بارمىسا بولمايدىغان يەرلەرگىمۇ بارمايسىــــز. ئۇنداق بولغاندىكىن خەقمۇ ئۇيلاپ بىر ئىش قىلار؟ — ئاچچىقىمغا پايلىماي ئاشۇ گەپلەرنى دەۋەتتىم.

مېنىڭ بۇ گەپلىرىم بىر يەرگە داستىخان ئاپىرىشتىــن قاچىدىغان بۇ خوتۇننىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەنىدى. ئۇ ماڭا خۇددى مېنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، قولىدىن كەلسە تېخى ھازىرلا جېنىمنى ئالىدىغاندەك ئەلپازدا چەكچىيىپ، باش ـ ئايىغىمغا تازا بىر زەن سېلىپ چىقتى. ئاندىن ئاغىنەمگە قاراپ:

— ماۋۇ ئادەم نېمە جېنىمنى چىقىرىدۇ، گېپىڭىز بولسا دەپ، بولمىسا ۋاقتىدا يولغا سېلىۋېتىڭا! — دېدى.

ئۇ قاراپ تۇرۇپ ماڭا تىل ـ ھاقارەت كەلتۈرۈۋاتاتتى. شۇتاپتا ئۇنىڭ بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكۈچىلىكىم بار ئىدى. بىراق، شۇتاپتا كۆنلارنىڭ «ئەسكى بىلەن تەڭ بولما» دېگەن گېپــى يادىمغا كەلدى ـ دە، بۇيەردىمۇ يەنە بىــر سەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئاستا يولۇمغا راۋان بولدۇم.

# مەسخىرىگە قېلىش

ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بوستان كەنتىدە بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئۆيىدە توي قىزىۋاتاتتى. بۇ تويغا كەلگەنلەرنى ئاز دەپ كەتكىلى بولمايتتى. تويغا كېلىۋاتقانلارنىڭ تېخى ئايىغىمۇ ئۈزۈلمىگەنىدى. شۇ ئەسنادا شەھەردىن تويغا ئېيتىلغانلار قاتارىدا پۇزۇز كىيىنگەن ئىككى ئايالمۇ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشتى.

ئۇلارنىڭ بىرى سەل ئورۇقراق كەلگەن، سۇمبۇل چاچلىق ئايال ئىدى. يەنە بىرى سېمىزرەك ئايال بولۇپ، بىلەكتەك توم چېچىنى بېشىغا خۇددى سەللىگە ئوخشاش تۇگۇۋالغانىدى.

ھەر ئىككىلىسىنىڭ باش - كۆزلىرىدىن ئۇپا - ئەڭلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى يىراق كۆرمەي، شەھەردىن چىققانلىقىغا توي ئىگىسى ۋە قولۇم - قوشنىلىرى تولىمۇ خۇشال بولۇشقانىدى. ئۇلارغا ھەش - پەش دېگۈچە ئالاھىدە بىر ئۆي راسلاپ، ھېچكىمنىڭ ئالدىغا تىزىلمىغان، ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.

— داستىخىنىمىز سەل غورىگىل بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، قېنى ئاش كىرگۈچە، نازۇنېمەتلەردىن تارتىنماي ئېلىپ چاي ئوتلىغاچ تۇرۇڭلار! — دېدى توي ئىگىسى كۈلۈمسىرەپ تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن.

توي ئىگىسى ئايال شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئەمدى كەينىگە ئۆرۈلۈشىگە سۇمبۇل چاچلىق مېھمان:

— بىزنى كۈتىدىغانغا ئالاھىدە كۈتكۈچى قويۇلسۇن! — دېدى.

مېھماننىڭ تەلىپىنى ئورۇندىماي بولامدۇ؟ شۇڭا، توي ئىگىسى بىر ياش چوكاننى باشلاپ ئەكىرىپ، ئۇلارنى كۈتۈشكە بەلگىلەپ قويۇپ هويلىغا چىقىپ كەتتى.

كۈتكۈچى چوكان بىرئازدىن كېيىن بۇ ئىككى مېھمانغا تەكشى بىر قاراپ قويۇپ:

— ئەمدى ئاش ئەكىرەيمۇ؟ — دېدى.

— ياق، بىز ئاش يېمەيمىز! — دېدى سۇمبۇل چاچلىق ئايال ناهايىتى تەكەببۇرلۇق بىلەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ هەيران قالغان كۈتكۈچى چوكان سوئال نەزىرى بىلەن سۇمبۇل چاچلىق ئايالغا مەنىلىك قارىدى.

— ماڭا قاراڭ! — دېدى سۇمبۇل چاچلىق ئايال، — پولۇغا ئىشتىهايىمىز يوق. بىزگە گۆش سېلىپ بەرسۇن!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا يېنىدىكى ئايالغا قەستەن هومىيىپ قارىۋېتىپ:

— سىز گەپ قىلمايسىزغۇ؟ سىزنىڭ گۆشكە ئىشتىهايىڭىز يوقمۇ؟ . . . ،— دېدى.

نېمىنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرغان ھەمراھى خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەكلا:

— ئەلۋەتتە ئىشتىهايىم بار! قىزىق گەپ قىلىسىز جۇمۇ. مۇشۇ كۈنلەردە گۆشكىمۇ ئىشتىهاسى بولمايدىغان ئادەم بولامدۇ؟ . . . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز شەھەردىن ئالايتەن مۇشۇ توينى دەپ چىقتۇق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈتكۈچى چوكانغا قاراپ. ئۇ «بىز شەھەردىن چىقتۇق» دېگەن سۆزنى ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ، ئالاھىدە تەلەپپۇزدا دېدى.

— بولىدۇ، مەن چىقىپ دەپ باقاي! — دېدى كۈتكۈچى چوكان ئۇلارغا نارازى بولغان هالدا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ساھىبىخان دېگەن مېھماننى چوقۇم رازى قىلىشى كېرەك، بولمىسا بۇنى توي دېگىلى بولامتىدۇ؟ . . . ۋىيەي دەۋاتقان گېپىنى؟ . . . ،— سۇمبۇل چاچلىق ئايال چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈردى.

— مەن ھېچنېمە دېمىدىمغۇ؟ . . . بولىدۇ، مەن چىقىپ دەي،— كۆتكۆچى چوكان شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، چەينەكنى قويۇپ، سىرتقا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا سۇمبۇل چاچلىق ئايال:

— شۇنداق بولسۇن ـ ھە؟ — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

— بولىدۇ! — كۆتكۆچى چوكان چىرايىنى ئاچماي تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختىڭا سىڭلىم، ماڭا بىر قارىڭا! — دېدى يەنە بىر ئايال ئۇنى توختىتىۋېلىپ،— گۆش دېگەن ئاسان پىشمايدۇ. ئاڭغىچە بىزگە گۆشلۈك قىلىپ ئىككى تەخسە قورۇما قورۇپ بەرسۇن! يېگەچ ـ ئىچكەچ ئولتۇرايلى، قانداق دېدىم؟ بولمىسا زېرىكىپ قالىدىكەنمىز . . .

كۆتكۆچى چوكاننىڭ تىلىنىڭ ئۇچىغا بىر گەپ كەلگەندى، ئەمما گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ:

— بولىدۇ، بولىدۇ، بولمامدىغان! — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

كۆتكۆچى چوكان بۇ ئىككى «ئالاھىدە مېھمان» نىڭ تەلىپىنى ساھىبخانغا ھايال قالمايلا يەتكۈزدى. ئىككى «ئالاھىدە مېھمان» نىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشنىڭ ئىمكانىيىتى ھازىرچە يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ساھىبخان بىر ئامالىلارنى قىلىپ مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈردى.

— سوغۇق سۇيىڭلار يوقمىدى؟ — دېدى سېمىز رەك ئايال قورۇمىدىن ئىككى چوكا يەپ بولۇپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— سۇ دېگەن جىق گەپقۇ، سوغۇق سۇنى نېمە

قىلالتىنغلار،— دېدى كۆتكۈچى چوكان ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

سېمىزرەك ئايال «بىغەرەز سەھرالىق، شۇ گەپنىمۇ چۈشىنەلمەپتۇ» دەپ ئىچىدە غۇدۇردى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى كۆتكۈچى چوكان چۈشەنمەيتتى. ھەتتا باشقىلارنىمۇ چۈشەنمەيدۇ دېيىشكىمۇ بولاتتى. ... بۇ گەپ قۇلاقتىن قۇلاققا ئۆتۈپ، ئاردىن چۈشىنىدىغانلارمۇ چىقىپ قالدى. لېكىن، ساھىبخان بۇ مۇسۇلمانچىلىققا ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ «سوغۇق سۇ» ئەكېلىشكە ئۇنىماي قويدى. كۆپچىلىك بار يەردە «مەرد» كىشىلەرمۇ چىقىپ قالدى، ئۇلار ئۆز يانلىرىدىن پۇل چىقىرىشىپ، تۇردى مەستنى ماگىزىنغا هاراق ئەكېلىشكە ئەۋەتىشتى. «سوغۇق سۇ» كەلگەندىن كېيىنلا، كۆتكۈچى چوكان: «مەن بۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلالمىغۇدەكمەن!» دەپ ئۆزىنى پەم بىلەن چەتكە ئالدى.

رومكا ئورنىدىكى پىيالە ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن سىرتتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئاۋازلىرى جايىدا جىم ئولتۇرغۇزمىدى. ئۇلار هاراقنى يەنە بىر قېتىم ئوتلىۋالغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ هويلىغا چىقتى. «نازىركۇم» ئۇسسۇلىنى ئويناۋاتقان بىر ئەر سۇمبۇل چاچلىق مېھماننى شوخلۇق بىلەن ئۇسسۇلغا تارتتى. سۇمبۇل چاچلىق ئايالمۇ ئانچە تۇزۇت قىلماي تۇرمايلا مەيدانغا چۈشتى. ئۇ ھېلىقى ئەر بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، قولىدىكى باش ياغلىقىنى پوملاپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەرگە قارىتىپ بىر ئېتىۋىدى، ياغلىق ئەرنىڭ بۇرنىغا تەگدى. ئەر قاتتىق نومۇستا قېلىپ، مەيداندىن شۇئان چىقىپ كەتتى. هويلىنى چاۋاك بىلەن چۇقان بىر ئالدى.

بىرئازدىن كېيىن ئىككى «ئالاھىدە مېھمان» : «ئەمدى

بىرئاز دەم ئېلىۋالايلى!» دەپ ئۆيگە قايتىپ كىرىشتى. رومكا ئايلاندۇرۇش يەنە داۋاملاشتى، بۇ چاغدا تۇردى مەست ئۇلارغا ھەم كۈتكۈچى، ھەم ھەمراھ ئىدى. بىر ئەر كىشىنىڭ مۇشۇنداق ھەمراھ بولۇپ، تەڭ ئىچىشىپ بەرگەنلىكى بۇ ئىككى سەتەڭنى ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇغا چۆمدۈردى. ئۇلار راسا ئېچىلىپ كۈلۈشتى. بىر چاغدا ئۇلار بۇيرۇدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ چىققۇسى كەلدىمۇ، تۇردى مەست سىرتقا تاماكا ئەكىرگىلى چىقىپ كەتتى. ئۆي بۇ ئىككىيلەنگە بىر مەھەل ئۆتۈپ قالدى. مۇنداق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سۇمبۇل چاچلىق مېھمان ئىتتىك پەگاغا چۈشۈپ، ئىشكاپنى ئېچىپ، بايا ئۆزى ئەكەلگەن رەختكە قولىنى ئۇزاتتى. بۇ ئىش ئۇستىگە تۇردى مەست كىرىپ قالدى. سۇمبۇل چاچلىق ئايال تۇردى مەستنى كۆرۈپ:

— بۇ خۇددى يەر تەۋرىگەندەك، ئۆزىچىلا ئېچىلىپ كېتىدىغان ئىشكاپكەن! — دەپلا قويدى.

بۇ ئىككى «ئالاھىدە مېھمان» لېگەندە ئەكىرىلگەن مەززىلىك گۆشنى ئاچ كۆز بۆرىدەك يەپ بولۇپلا: «ئۆيىمىز يىراق، ئىشىمىز ئالدىراش، قايتمىساق بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋېلىشتى. ساھىبخان ۋە قولۇم - قوشنىلىرىمۇ «ئەتە كېتىڭلار» دەپ شۇنچە تۇتسىمۇ ئۇناشمىدى.

خېلى كۆپ ئادەم ۋە باللار ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقىشتى. ئاپتوبۇس بېكىتىمۇ بۇيەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلدى.

ئۇلار ئون - يىگىرمە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا بىر پارچە رەخت سۇمبۇل چاچلىق ئايالنىڭ قولتۇقىدىن پەسكە ساڭگىلاپ قالدى، ئۇلار سەزمىدى.

يىراقتا قارىشىپ تۇرغانلار بۇنى كۆرۈپ بىر پەس مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى.

# ھۆججەت

ئابلەت ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئاي بۇرۇن يېقىن ئاغىنىسى ئەھەتتىن بەش مىڭ يۈەن قەرز ئالغان. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىققان ئەھەتنىڭ سېخىي ۋە مەردلىكىدىن ئىنتايىن رازى بولغانىدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئابلەت ئۇ پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىپ بولغۇچە، ئۆيلىمىغان يەردىن ئەھەتنىڭ ئايالى تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنى خېلىلا ئالدىرىتىپ قويدى.

ئۇنىڭسىزمۇ خەقنىڭ بىر نەرسىسى ئۆتۈپ قالسا، قايتۇرۇۋەتمىگۈچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان ئابلەت شۇ پۇلنى قايتۇرۇۋېتىشنىڭ كويىدا ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ قولىغا ئىككى مىڭ يۈەن كىرىشى بىلەنلا ئۇ پۇلنى ئەھەتنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ بەردى. ئايالىغا قالغان پۇلنى ئالدىمىزدىكى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىگە قەدەر چوقۇم ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشنى ئالاھىدە تاپىلىدى. چۈنكى، يەنە بىر ئاغىنىسى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا پۇل قەرز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ قويغانىدى.

ئاغىنىسى پۇلنى دېگەن قەرەلدە ئەكېلىپ بەردى. بۇ چاغدا ئۆزىنى خېلى يەڭگىل ھېس قىلغان ئابلەت بۇ قېتىم ئەھەتكە پۇلنى ئۆزى ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدى. بىراق ئۇ بارغاندا ئۆيدە ئەھەت يوق، ئايالى بار ئىكەن.

«ھەي . . . ، ئۆزى بار بولسا قانچە ياخشى بولاتتى - ھە؟» دەپ ئويلىدى ئەھەت ئىچىدە.

— ئۈچ مىڭ يۈەن، سانىۋېلىڭ! — دېدى ئابلەت

ئاغىنىسىنىڭ ئايالىغا پۇلنى بېرىۋېتىپ.

پۇلنى كۆرۈپ چىرايىــغا ۋىللىـــدە كۇلكە يۇگۇرگەن ئاغىنىسىنىڭ ئايالى پۇلنى قايتا ـ قايتا ساناپ كۆردى، ئاندىن ئابلەتكە قاراپ مىيىغىـــدا كۇلۇپ قويدى. بۇ چاغدا ئابلەت ئۇنىڭدىن:

— ساقمىكەن! — دەپ رەسمىيەت يۇزىسىدىنلا سوراپ قويدى.

— ساقكەن!

— ئەمدى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇتتۇرىمىزدىكى ئالدى ـ بەردى تۈگىدىمۇ؟ — ئابلەتنىڭ ئاۋازى تولىمۇ جاراڭلىق چىقتى.

— تۈگىدى! — جاۋاب بەردى ئاغىنىسىنىڭ ئايالى بوش ئاۋازدا خۇشياقمىغاندەك.

ئابلەت ئىچىدە: «پۇل قەرز ئالغان چېغىمىزدا قائىدە بويىچە يېزىپ بەرگەن هۆججەتنى ئەمدى ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ بېرىدىغۇ؟...» دەپ ئويلىغانىدى. دېمىسىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك ـ تە، لېكىن ئاغىنىسىنىڭ ئايالى ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا پۇلنى قولىدا چىڭ تۇتقان هالدا مىدىر ـ سىدىر قىلىپمۇ قويماي، زۇۋانىمۇ سۇرمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىـــدىن «ئەمدى قايتىپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېگەن مەنە چىقىـــپ تۇراتتى. بۇ نېمە ئىش؟ ئۇ نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ ئابلەت كۆڭلىدە: «ئۇ هۆججەتنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشتىن باشقا ئامالنىڭ يوقلۇقىنى هېس قىلىپ، تولىمۇ ئوڭايسىـــزلانغان هالدا:

— هېلىقى هۆججەتنى قايتۇرۇپ بېرەمسىز؟ — ئابلەت تولىمۇ ئوڭايسىزلىق ئىچىدە بۇ گەپنى دېدى. ئەسلىدىغۇ بۇ ئايال «ياخشى ئانقا قامچا كېرەك ئەمەس» دېگەندەك ئۆزىنى بىلىپ ئىش قىلسا بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى بىـــلەيمۇ

دېمەيۋاتسا، شۇنداق دېمەي ئامال يوق ـ تە.
— قايسى ھۆججەتنى؟ — دەپ سورىدى ئەھەتنىڭ ئايالى خۇددى ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقتەك مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا.
«ھوي، ئەمدى بۇ ئايال نېمە دەۋاتىدۇ، قايسى ھۆججەتنى دەپ بىلجىرلىغىنى نېمىسى؟ . . . » ئابلەتنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:
— سىلەردىن پۇل قەرز ئالغاندا مەن يېزىپ بەرگەن ھېلىقى ھۆججەتنىچۇ؟ — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قالغانلىقىنى چاندۇرمىغان ئاغىنىسىنىڭ ئايالى ھىيلىگەرلىك قىلىپ:
— ۋاي ئاتام، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ ئۇ كۈنى ئويناشقاندەك قىلىپ ھۆججەت ئېلىپ قويساق، ئەمدى ئۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتكىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى ئۇ چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ سىپايىلىك بىلەن،— ئۇ ھۆججەتنى مەن سىلەرنىڭ كېتىشىڭلار بىلەنلا يىرتىۋەتكەن. . . ئۇنى ساقلاپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ . . .
«ھوي، قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ مۇنداق دەيدىغان ئادەم شۇ ۋاقىتىدىلا ھۆججەت يازدۇرمىسا بولماسمىدى؟ ئەمدى ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنى نېمىسى؟ . . . »
— مەن ھۆججەتنى يېزىپ بولۇپ ئەھەتكە بەرگەندە سىز ئۇنىڭ قولىدىن ھۆججەتنى ئالايتەن ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئېلىۋالغانىدىڭىزغۇ؟ . . . ئەمدى يىرتىۋەتتىم دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ . . . ،— ئابلەت گەپنى ئايىمايلا دەۋەتتى.
ئارىغا بىرئاز جىمجىتلىق چۈشتى. بۇ جىمجىتلىقنىمۇ ئەھەتنىڭ ئايالى بۇزدى.
— بىزنى كېيىن تېنىۋالىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ ئابلەتكە سىنچى كۆزىدە تىكىلىپ.
— ئۇنداق دېگىنىم يوققۇ؟ . . .

— ئەمىسە، ھۆججەتنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىڭ!

«ئەستاغپۇرۇللا. . . قانداق ئىش بۇ؟ پۇل بېرىشتە بىزدىن ھۆججەت ئالىدۇ، پۇلنى بىزدىن قايتۇرۇۋالغاندا ھۆججەت ياندۇرمايدۇ. جاھاندا نەدە بۇنداق ئىش بولسۇن؟. . . ھۆججەتنىڭ ئىسپات ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بۇلار مۇشۇ ياشقا كىرىپ، نەۋرە كۆرگۈچە تېخى بىلىشمەيدىكىنا؟. . .»

ئەھەتىنىڭكىگە پۇلىنى بېرىۋېتىمەن، دەپ خۇشال بارغان ئابلەت ھۆججەتنى قايتۇرۇۋالالماي ئۆيىگە خاپا قايتىپ، ئىشلارنى ئايالىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئابلەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئايالى:

— تۇۋۋا! — دېدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ،— كىشىلەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە؟ راستىنلا خەققە ئىشەنگىلى بولمايدىغان جاھان بولۇپ كېتىۋاتامدۇ، نېمە؟ — ئويلىغانسېرى بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتاتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ گۇمان نەزىرى بىلەن ئابلەتكە،— بىز ھۆججەتنى ۋاقتىدا قايتۇرۇۋالمىغاندىكىن، كېيىن تېنىۋالىدىغان ئىش يۈز بېرىپ قالارمۇ؟ . . . ئابلەت دەماللىققا بىر نېمە دېمىدى. ئابلەتنىڭ گەپ ـ سۆز قىلماي، جىم ئولتۇرۇۋالغىنىغا ئىچى پۇشقان ئايالى،— گەپ قىلمايسىزغۇ؟ — دەپ يېنىشلاپ سورىدى.

ئابلەت يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر خىل دەرگۇمان ئىلكىدە ئايالىنىڭ چىرايىغا غەمكىن قاراپ:

— ھەر نېمە دەپ بولمايدۇ خوتۇن، كونىلار «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئىلاج بار ھۆججەتنى ئېلىۋالساق بولاتتى،— دېدى.

— ئۇلارغىغۇ ئىشەنمىگەنلىك ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بىز ھۆججەتنى چوقۇم قايتۇرۇۋالايلى.

مانا ماۋۇ گېپىڭىز ئوبدان بولدى، بولمىسا پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگىنىمىزنى كېيىن ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ياكى تېنىۋالمىغان ھالەتتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالتە بالىسى بار دەڭا، ئۇلاردىن بەزىلىرى بىزنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قەرز پۇل ئالغىنىمىزنى بىلىدۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ بالىلىرىدىن بىرەرسى سىز يېزىپ بەرگەن قەرز ھۆججىتىنى ئۆيىدىن تېپىۋېلىپ، ئەسلىدە سىلەر پۇلىمىزنى قايتۇرۇپ بەرمىگەنىكەنسىلەرغۇ دەپ تۇرۇۋالسا، ھەتتا سوتقا ئەرز قىلىپ، قەرز ھۆججىتىنى چىقىرىپ، «مانا پاكىت» دەپ كۆرسىتىپ تۇرۇۋالسا، ئۇ چاغدا بىز نېمە دېيەلەيمىز؟ . . .

— توغرا دېدىڭ خوتۇن! — دېدى ئابلەت ئايالىنىڭ ئەقلىگە تولىمۇ قايىل بولۇپ.

— «ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما» دېگەندەك، بۇ ئىشتىمۇ ئۆزىمىزگە پۇختا بولغىنىمىز ياخشى! . . .

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئابلەتنىڭ ئايالى ئەھەتلەرنىڭ قورۇسىغا بېرىپ:

— ئەھەت، سىلەرنىڭ ئەجەب ئوبدان ئادىتىڭلار بار ئىكەن! — دېدى كۆرۈشە - كۆرۈشمەيلا.

بازارغا سودىلىق قىلغىلى ماڭغان ئەھەت چېپىپىدە جايىدا توختىدى.

— ۋاي، ئامىنە، سىزگە نېمە بولدى؟ سىز نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ گەپنى دەۋاتىسىز؟ — دېمىسىمۇ ئەھەت ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي، گاڭگىرىغان پېتى بىر ئىزىدا توختاپ قالغانىدى.

— يەنە نېمىنى دەۋاتىسىز دەيسىزغۇ؟ — دېدى ئامىنە جىددىي تەلەپپۇزدا، — بىز سىلەردىن بەش مىڭ يۈەن قەرز ئالدۇق. . . كېيىن مەن سىزگە ئىككى مىڭ يۈەن ئەكېلىپ بەردىم. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق!

— ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئابلەت قالغان ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلنى سىزگە بېرىۋەتكىلى ئۆيىڭىزگە بارسا، سىز يوق ئىكەنسىز، بىر ئۆينىڭ ئادىمى بولغاندىكىن، دەپ ئۇ پۇلنى ئايالىڭىزغا بېرىپ قويۇپتۇ...

— شۇنداق قىپتىمۇ؟...

«نېمە؟... بىزنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگىنىمىزنى بۇ ئادەم تېخى بىلمەيدىغان ئوخشامدۇ؟ قىزىق ئىشقۇ بۇ!...»

ئامىنە ئەھەتنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلۇقى بىلىنىپ تۇرغاندەك قىلدى.

— ھەئە، شۇنداق قىلدى، — دېدى ئامىنە كەسكىنلىك بىلەن، — لېكىن ھۆججىتىمىنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، دېسە ئايالىڭىز بىز ئۆز ۋاقتىدىلا يىرتىۋەتكەن، دەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئويلاپ بېقىڭا، ئايالىڭىز شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟... نەدىمۇ ئۇنداق قائىدە باركەن؟...

ئەھەتنىڭ چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر تاتاردى. ئۇ ئۇندىمەستىن بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كۆڭلىدىن نېمە كەچتىكىن، ئابلەتنىڭ ئايالىغا خوشمۇ دېمەيلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

# نېمە دېگۈلۈك...

شەھىرىمىزدىكى مەشھۇر مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولغان «دۆڭمەھەللە» مەسچىتىنىڭ ئاتاقلىق ئىمامى كېسەل بولۇپ، تۆت - بەش كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن!

بىراق، ئۇنىڭ پانىي ئالەمدىكى ئىماملىق ئورنىنى ئۆزاققىچە بوش قالدۇرۇشقا بولمايتتى. شۇڭا تۇگەپ كەتكەن ئىمامنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئىمامنى قويۇش كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان زۆرۈر ئىش بولۇپ قالغانىدى.

ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئۇنداق ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خېلى مۇرەككەپ، ئىنچىكە ئىش ئىدى. ناۋادا بۇ ئادەتتىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىماملىق ئورۇن مەسىلىسى بولسىغۇ ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. ئۇنىڭغا كىمنىڭ ئىمام بولۇشىغا شۇ مەسچىت جامائىتىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايتتى. ھۆكۈمەت تەرەپمۇ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ كەتمەيتتى.

لېكىن بۇ ئادەتتىكىدەك بىر مەسچىت بولماي، شەھىرىمىزدىكى مەشھۇر مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان كىشى تەبىئىي ھالدا ئادەتتىكى ئىمام ھېسابلانمايتتى. چۈنكى ئۇ جامائەتنىڭ ھىمايە قىلىشىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭمۇ ئالاھىدە ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولالايتتى، جۈملىدىن ئۆزىدىن بىر دەرىجە، ھەتتا بىر نەچچە دەرىجە يۇقىرى سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغىمۇ

قاتنىشىپ ئۇنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولالايتتى. تېخى ئۇنىڭ بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى نام - ئابرۇيغا، مەرتىۋىلىك ئورۇنغا ئېرىشىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

مۇنداق ئىشقا ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدىغانلىقى يۇقىرىقى گەپلەردىن مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى.

شۇڭا بۇ ئىشقا شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى تولىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇ ئىشقا ئالايتەن باش قاتۇرۇپ يۈرگەندە، ئەھۋالنى ئوبدان بىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىكى بىر رەھبىرىي كادىر يېزىدىن ئۆمەر داموللىنى ئەكېلىپ، بۇ مەسچىتكە ئىماملىققا قويۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇ تازىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەكلىپ ئىدى.

شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلىشقا ئازلا قالغاندا، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى قاتارىدا ئۆمەر داموللىنىڭ ئىسمىمۇ يۇقىرىغا يوللاندى. قارىغاندا بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق ھالدا ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى بىزدە تۆۋەننىڭ پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان قائىدە بار ئەمەسمۇ؟...

لېكىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا گازىر كۆز، سېمىز رەك كەلگەن بىر رەيلەن ئۆمەر داموللىنىڭ ئىسمى چىقىشىغىلا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈپ:

— بولمايدۇ، مەن قوشۇلمايمەن. شەھەر ئىچىدىن ئىمام تېپىلمىغاندەك، ئەمدى يېزىدىن ئىمام ئەكېلەمدۇق؟ بۇ ئىش مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. مەن قوشۇلمايمەن. خۇ شۇجى سىزچە قانداق؟ — دېدى. ئۇنىڭ خۇ شۇجى دېگىنى خۇداقۇل شۇجى ئىدى.

نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرغان خۇداقۇل شۇجى گېلىنى

قىرىپ يۆتىلىپ قويۇپ، گەپكە كىرىشتى:

— مېنىڭچىمۇ بولمايدۇ. مەن ئۇمەر داموللا بىلەن بىر يەرلىك. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىمەن... شۇڭا ئۇنى ئەكەلسەك بولمايدۇ،— ماقۇل، يۆتكەپمۇ كەلدۇق دەيلى، لېكىن ئۇنىڭ نوپۇسىنى بۇيەرگە قانداق ئالدۇرغىلى بولىدۇ؟ بەش - ئالتە جاننىڭ نوپۇسىنى ھەل قىلماق شۇنداق ئاسانمۇ؟ ئۇنى ئەكېلىشكە بولمايدۇ.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ «نوپۇسىنى قانداق ئالدۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەن بىمەنە سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆلكىسى قىستاپ كېتىۋىدى، ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالدى. دېمىسىمۇ خۇداقۇل شۇجى تۇزۇكرەك ئوقۇمايلا يۇقىرى ئۆرلىگەن كىشى ئىدى.

مۇئاۋىن شۇجى ئۇنداق دەۋاتقان يەردە باشقىلار نېمە دېيەلەيتتى؟... شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقماي قالدى.

لېكىن، ئىش ئۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ كەتمىدى. ھېلىقى قوشۇلمىغان گازىر كۆز: «ئۇنى يۆتكەپ ئەكېلىشنى كىم تەشەببۇس قىلغان؟ بۇنى سۈرۈشتە قىلىڭلار!» دەپ شەھەردىكىلەرگە تېلېفون بېرىپ، شەھەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋەتتى. شەھەردىكىلەر بۇنى يۇقىرىنىڭ مۇقەددەس يولىيورۇقى قاتارىدا بىلىپ، ھېلىقى شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى «ئۆزىنى تەكشۈرۈش»كە سېلىپ، ئۇنىڭ جان - پېنىنى چىقىرىۋەتتى. ناھەقچىلىككە چىدىيالمىغان بۇ بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقى ئۆزى بېرىپ ئېيتتىمۇ ياكى ئۇ ئادەم باشقا تەرەپتىن ئۇقتىمۇ؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ، دەسلەپتە ئىسمىلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان ھېلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تۆۋەندە بولۇۋاتقان ناھەقچىلىك ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، «قانداق گەپ

بۇ؟» دەپ ئۆزى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چۈشۈپ، بۇ ئىشنى توغرا ئىزغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقىنىمۇ غەمدىن خالاس قىلىۋەتتى. جاھان دېگەندە باشقىلارنىڭمۇ غېمىنى يەيدىغان مۇنداقمۇ ئېسىل ئادەملەر بولىدىكەن، جۇمۇ!

. . . كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. ئۇ ئىشقا مانا ئەمدى بىرنەچچە يىلمۇ بولۇپ قالدى. ئۆمەر داموللامغا ھېلىقى تەستىق نېسىپ بولمىغىنى بىلەن، ئۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا «دۆڭمەھەللە» مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا ئولتۇرۇپ، نوپۇسلىرىنىمۇ ئورنىتىپ، بىر ئوبدان يىلتىز تارتىپ بولغانىدى. چۈنكى، بۇ ئىش ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ياردەم قىلىشى بىلەنمۇ ۋۇجۇدقا چىقىۋېرىدىغان ئىش ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ مۇزاكىرە قىلىشى، تەستىق سېلىشى ھاجەتسىز ئىدى.

ئۆمەر داموللام ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن بۇ يەردىكى، يېقىن - يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ كاتتا، تېخىمۇ مۆتىۋەر كىشىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىلا يۈز - ئابرۇيى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردا ئاجايىپ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىۋاتقان مۇنداق بىر كىشىنى ئەمدى ھېچكىممۇ چەتكە قاقالمايتتى، بىرەرسى يەكلەي دېسىمۇ يەكلىيەلمەيتتى.

شۇڭا ئۇ كېيىنكى نۆۋەتلىك شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە يوللىنىش بىلەنلا تېز تەستىقلىنىپ كەتتى. بۇ ئىش دەل ھېلىقى گازىر كۆز، سېمىز ئاتىكارچى ئادەمنىڭ ئاغرىدىم، دەپ دوختۇرخانىغا كىرىپ

يېتىپ قالغان، خۇداقۇل شۇجىنىڭ تۆۋەننىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرىمەن، دەپ كاماندىروپكىغا كېتىپ قالغان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ بىر تەلەيلىك ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ ئوڭدىن كېلىشى ئىدى.

ئۆمەر داموللام شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، بىرەر ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا قۇربان ھېيت يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا خۇداقۇل شۇجىنىڭ بىرىنچى بولۇپ ھېيتلىغان ئۆيى ئۆمەر داموللامنىڭ ئۆيى بولۇپ قېلىشى كىمنىڭ يادىغا كەلگەن دەيسىز؟ . . .

ئۇ ئۆمەر داموللامنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سىزنى شەھىرىمىزگە يۆتكەپ ئەكېلىپ، مۇشۇ داڭلىق مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغا قويۇشنى، كېيىن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە (مۇئاۋىن رەئىسلىككە دېمەكچىدى، يېقىنچىلىق قىلىمەن، دەپ شۇنداق ئاتىدى) قويۇشنىمۇ ئۆزۈم ئوتتۇرىغا قويغان. ئۆتكەن قېتىم مۇزاكىرە قىلغاندا بەزىلەرنىڭ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالغانىدى. ئۇ چاغدا بۇنىڭغا شۇنداق ئاچچىقىم كەلگەنىدى. بۇ قېتىم مۇزاكىرىگە قويۇلغاندا شۇنداق بىر كۈچ چىقىرىۋىدىم، بۇ ئىش ئاسانلا ھەل بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ ھا. . . ھا. . . ھا. . .

ئىچىدە «بۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا. . .» دەپ ئويلىغان ئۆمەر داموللام:

— شۇنداقتۇ! — دەپ قويدى بىلمەسكە سېلىپ.

— ناۋادا مەن ماۋۇ ئىش مۇنداق! . . . چوقۇم بولىدۇ دېسەم، كىم بىرنېمە دېيەلەيتتى؟

— شۇنداق بولمامدىغان!

ئۇ ئۆمەر داموللامنىڭ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى

بىلمىدى. ئۆمەر داموللام ئۆز ۋاقتىدىلا بۇ ئىشتىن تولۇق دېگۇدەك خەۋەر تاپقانىدى.

قاراڭ! ئۆزىنى يۇرتىنىڭ ئاتىسى، دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەن بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپ، پاكىت بىلەن ھېسابلاشماي ئاق – قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈرۈۋاتسا، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ . . .

ئاھ خۇدا، بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرگەيسەن!

# «مەن ئۆلدۇم»

مەن بۈگۈن ئازراق كەيپ بولۇپ قالغانىدىم. مۇنداق ئەھۋال ئۆمرۈمدە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى، شۇڭا مەن بۇ پۇرسەتتىن ئوبدانلا پايدىلىنىۋېلىش ئۈچۈن بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئالدىرىماي ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. دەيدىغاننى دەۋېلىپ، بىراقلا ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالماقچى بولدۇم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئېلىۋالغاندەك بىر ئىش قىلاي دېدىم.

شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇسسۇپلا كىردىم. بىراق مەن ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىككى مېھمان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ چىراي ـ تۇرقى ۋە كىيىنىشىدىن قارىغاندا، چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانلاردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىندىن بېرى چەت ئەلدىن كېلىدىغانلار كۆپىيىپ قالغانىدى. «چەت ئەللىك بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاشلا ئادەم، بىزنىڭمۇ ئۇلاردىن ھېچبىر كەم يېرىمىز يوقتۇ؟ پەرۋايىم پەلەك . . .» مەن نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمىدىم، ھەتتا ئۆي ئىگىسى بىلەنمۇ ۋە ياكى چەت ئەللىك ئاشۇ ئەزىز ئىككى مېھمان بىلەنمۇ قائىدى ـ يوسۇن بويىچە سالام ـ سەھەت قىلىشىپمۇ قويمىدىم. ناۋادا ئۇنداق قىلسام ھېچكىم مېنىڭ مەستلىكىمگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇڭا مەن پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدىم ـ دە:

— مەن ئۆلدۈم، بۈگۈن مەن سېنى نامىزىمغا ئېيتىپ كەلدىم، — دەپ ئالجوقا سۆزلەشنى باشلىۋەتتىم.

ئۆي ئىگىسى يۈزى يۇمىلاق، ئۆزى دىقماق كەلگەن پالكۆز ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەتتە چاقچاق قىلىشقىمۇ، ھىيلە ئىشلىتىشكىمۇ ئۇستا ئىدى. باياتىن بېرى ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ئۆي ئىگىسى ھازىر دېگەن گېپىمنى ئاڭلاپلا خۇددى بۇتتەك قېتىپلا قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالدىمۇ، قانداق، ئاندىن: «ساڭا زادى نېمە بولدى؟» دېگەندەك قىلىپ قارىدى. ئۇ مېھمانلىرى ئالدىدا سەل ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك كۆرۈندى. مېھمانلىرىنىڭمۇ ھەيران بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

لېكىن مەن ھېلىقى «مەن ئۆلدۈم، سېنى نامىزىمغا ئېيتىپ كەلدىم» دېگەن گېپىمنى يەنە تەكرارلاۋەردىم. شۇ تاپتا ماڭا دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق، بۇنىڭدىنمۇ قىممەت سۆز يوقتەك تۇيۇلاتتى.

مېنىڭ بۇ پەلىپەتىش گەپلىرىم ئاغىنەمنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تېگىپ، ئۇنىڭ ئىمانىنى بەش گەز ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ جەڭگە ئاتلاندى:

— ھوي، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ قارىغاندا ئازراق ئىچىۋاپسەن - دە، ئىچىۋالغىنىڭ ئۇچۇنلا، نەدىكى بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ، جېنىمغا تەگكىلى تۇردۇڭمۇ؟ مېھمان باركەن دېمەيسىنا؟ — ئۇ چاندۇرماي مېھمانلىرىغا يەر تېگىدىن بىر قارىۋالدى، — نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ؟ . . .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غۇززىدە ئاچچىقىم كەلدى:

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن ئۇقىسەن! دېدىم مەن، — سەن ئۆتكەندە مېنى نېمىلەرنى دەپ كەتمىدىڭ، ئەگەر نوچى بولساڭ، ئەمدى شۇ گەپلىرىڭنى مۇنۇ مېھمانلىرىڭ ئالدىدا يەنە بىر دەپ باقە، بۇلارمۇ بىر ئاڭلاپ باھا

بىرىپ باقسۇن، قېنى دەپ باقە؟ — مەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپلىۋالدىم.

— نېمىنى؟ نېمىنى دېسەم كۆڭلۈڭ قانائەت تاپىدۇ، ئەجەب غەلىتە بىر گەپلەرنى دېگىلى تۇردۇڭغۇ؟ — دېدى ئۇ مەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئىككى مېھمان ئىچىدىن يوغان باش، سېمىزرەكى ئورنىدىن مىدىرلاپ قويۇپ تۇيۇقسىزلا:

— ئالىم قىزىق جۇمۇ؟ — دەۋەتتى.

ماڭا بۇ ئاۋاز خۇددى غايىبتىن كەلگەندەكلا بىر قىسما ئاڭلاندى. ئىسمىمنىڭ بىر چەت ئەللىكنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقى مېنى تولىمۇ ئەجەبلەندۇردى. مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. ئاندىن مەن ھېلىقى چەت ئەللىككە قاراپ تەئەججۇپ ئىچىدە:

— نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ھېلىقى چەت ئەللىك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئالىم، دېدىم. دېسەم بولمامدىكەن؟ — دېدى.

مەن شۇ چاغدىلا قۇلىقىمنىڭ خاتا ئاڭلاپ قالمىغىنىغا ئىشەندىم. ھەيرانلىق ئىچىدە ئويلىنىپ قالدىم: «ئۇلار مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم. بۇ ماڭا راستىنلا بىر سىرلىق تېپىشماق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ھېلىقى چەت ئەللىك ماڭا قاراپ گويا مازاق قىلغاندەك قىلىپ كۈلگىلى تۇردى. شۇنىڭ تەسىرىدىنمۇ، مەن مەستلىكىمدىن تاسادىپىي يېشىلىپ قالغان ئادەمدەك مېھماندىن سورىدىم:

— سىز مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىسىز؟

— ھەي ئالىم، مېنى تونۇمايۋاتامسەن، ئۇنتۇپ كېتىپسەن ـ دە، — ئۇ مېنى بىردىنلا سەنلەپ سۆزلەۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئۆز ۋاقتىدا خېلىلا يېقىن ئۆتكەنلىكىمىز مەلۇم

بولۇۋاتاتتى،— مەن ياقۇپ ئەمەسمۇ؟ سەن ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ باتۇرىمىز ئىدىڭ، كىچىك چېغىمىزدا سېپىل تۈۋىدە «مەھەللە ئۇرۇشى» ئېلىپ بارغان چېغىمىزدا مەن ساڭا قارشى تەرەپكە ئۆتىدىغان تاشلارنى توشۇپ بېرەتتىمغۇ؟ ئۇنتۇپ قاپسەن ـ دە!

مەن ئالدىراپ ئۇنى ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئۇ ئىشلارنى ئاران تەسلىكتە سەل ـ پەل ئەسلىگەندەك قىلىپ:

— ھە راست، بىر چاغلاردا شۇنداق ئىشلارمۇ بولغان ـ ھە؟... باشقا مەھەللىنىڭ باللىرىنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىۋەتكەن ئۇ ئىشلار، ئۇ زامانلار ئەمدى نەدە قالدى دېگىنە؟

ياقۇپ ماڭا قاراپ راست دېدىڭ دېگەندەك قىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەن يەنە ھېلىقى گېپىمگە ئۇلاپ تۇرۇپ دېدىم:

— سەن راستىنلا شۇ ياقۇپ بولساڭ، دېگىنە، شۇنچە يىللاردىن بېرى سېنى زادىلا كۆرمىدىم. سەن بۇ يەرگە قانداق پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ ئاسماندىن چۈشتۇڭمۇ ياكى يەردىن ئۈندۈڭمۇ؟...

— مەن ئالمائاتادىن كەلدىم... مانا سەن بىلەن كۆرۈشمىگىلى توپتوغرا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ...

— سەن راست ئالمائاتادىن كەلدىڭمۇ؟ — مەن سوئالىمنى يەنە تەكرارلىدىم.

— ھەئە، شۇيەردىن كەلدىم،— دېدى ياقۇپ.

— مۇنداق دېگىن...

مەن بۇ گەپلەرنى دېيىشىۋېتىپ، سەل سەگەكلىشىپ قالغاندەك بولۇپ ئويلىنىپ قالدىم: «ئەگەر مەن مۇنداق گەپلەر بىلەن بولۇپ كەتسەم، بۇيەرگە كېلىشىمدىكى ئاساسىي مەقسىتىمگە يېتەلمەي قالىدىكەنمەن. شۇڭا مەن ياقۇپقا بۇ گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى، دېگەن مەنىدە بىر قارىۋېتىپ، ئۆي

ئىگىسىنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا بايىقىدىنىمۇ قاتتىق تەگكىنلىكىنى تۇردۇم.

— مەن ئۆلدۈم، بۈگۈن سېنى نامىزىمغا ئېيتىپ كەلدىم، — دېدىم ــ دە، ھەرىكىتىمنىمۇ شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ مەست كىشىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپلىۋالدىم.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى ئۆي ئىگىسى ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ، — ھوي، نېمە دەۋاتىسەن؟ — ئۇنىڭ جان ــ پېنى چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

لېكىن مەنمۇ بوش كەلمىدىم:

— تېخى «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك نېمە دەۋاتىسەن، دەيسىنا؟ بىلىپ قوي، سەن ئۆتكەندە «ياخشىلىق مەسچىتى» دە مېيىت نامىزى بولغاندا، ماڭا: «تېزرەك ئۆل، سېنىڭ نامىزىڭغا باراي!» دېگەنىدىڭ، بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

ئۆي ئىگىسى دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي، تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ ئولتۇردى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ:

— ئۇ چاغدا مەن «قايسىمىز بۇرۇن ئۆلسەك، قالغانلىرىمىز ئۇنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرىمىز» دېگەنىدىم، — دېدى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— يالغان سۆزلىمە، سەن ئۇنداق دېمىگەن، — دېدىم مەن قاپىقىمنى تۈرۈپ، — بولمىسا شۇ تاپتا مەن ئۆيۈڭگە كېلىپ مۇنداق تەگىشىپ ئولتۇرىدىغانغا ساراڭمىدىم!

— ياق، ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن سەن دېگەندەك دېمىگەن! — بۇ گەپنى دەۋېتىپ، ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلدى.

— سەن تېنىۋالما، ئۇقتۇڭمۇ؟ — مەن ۋارقىرىۋەتتىم. ئاچچىقىمدا چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ يا ئاق، يا كۆك دېيەلمەي سەل پەسكويغا چۈشۈپ، ئولتۇرۇپ قالدى.

— مەن ئۆلدۇم، سېنى بۇگۇن نامىزىمغا ئېيتىپ كەلدىم،— مەن دەستەك قىلىۋالغان ھېلىقى گېپىمنى تەكرارلاۋەردىم.

ئۇ بىردەم ئۈن - تىنسىز تۇرۇۋالدى. ئاندىن ئاستاغىنا دېدى:

— سەن ئۆلمە، سەن ئۆلسەڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى كىم قىلىشىپ بېرىدۇ، باغاقلىرىمىزنى كىم تارقىتىپ بېرىدۇ، ئانامنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قىز، بىر ئوغۇل ئۈچ بالامنىڭ تويىدا بىر ئۇبدان باغاق تارقىتىپ بەردىڭ، مەن بۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئەمدى يەنە تويىنى قىلمىغان ئۈچ بالام بار ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ تويى بولغاندا توي باغىقىنى تارقىتىپ بەرمىسەڭ بولامدۇ؟ — ئۇ كۈلدى. ئاندىن ياقۇپنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغاندەك قىلىپ،— ئالىمنىڭ باغاق تارقىتىشتا ئېپى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايىغى تېتىك، قولى ئەپلىك. بىرەر يۈز باغاقنى بىر - ئىككى سائەتتىلا تارقىتىۋېتىدۇ. يىراقتا ئۆزى بارالمىسا، تېخى پوچتىدىن سېلىۋېتىشنىمۇ بىلىدۇ،— دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم - دە، سەن مېنى پەقەتلا باغىقىمنى تارقىتىپ بېرىدۇ، دەپلا ئۆلمىسۇن دەۋاتامسەن؟ ئاچچىقىمدا يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدىم.

— ھوي خۇمپەر. . . ئىچىمدە: «ئۇ مېنى باتۇرىمىز دەۋاتسا، سەن مېنى باغاق تارقىتىدىغان غالچىمىز. . . دېمەكچى بولۇۋاتامسەن؟» دەپ ئاغزىمنى بۇزدۇم.

بىراق مېنىڭ بۇ زەھەردەك تىللىرىم بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى. چۈنكى ئۇ قاشاڭ مېنىڭ تىللىرىمغا بۇرۇندىن تارتىپلا كۆنۈپ قالغاندى.

— بۇ ئىشلارنى قىلىشقا سەندىن باشقا تۇزۇكرەك ئادەم

بولمىسا، ئېيتقىنا، بارمۇ يا؟ سەن تېخى بىرەر ئىززباسار تەربىيىلەپ چىقمىغانسەن؟ بۇ ئىشقا تېخى ئۈلگۈرمىدىڭغۇ دەيمەن،— ئۇ شۇ گەپنى دەپ پىخىلداپ كۈلگىلى تۇردى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياقۇپمۇ، يەنە بىر مېھمانمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

مەن ئىتتىك ياقۇپقا بۇرۇلۇپ:

— ياقۇپ، سەن دەپ باقە، ئۇ مېنى شۇنداق «ئۆل» دېسە بولامدۇ؟ بۇ پاتقان جاھانغا مەن پاتمامدىمەن؟ بۇ قانداق گەپ؟ — دېدىم.

ياقۇپ ئۆي ئىگىسىگىمۇ، ماڭىمۇ بىر قارىۋېتىپ دېدى:

— ئەگەر راستتىنلا شۇنداق دېگەن بولسا، بۇ بولماپتۇ. بىز چەت ئەلدە تۇرۇپمۇ ھەمىشە سېنىڭ گېپىڭنى قىلىمىز. ئۇنداق دېسە ئەلۋەتتە بولمايدۇ ـ دە.

ياقۇپنىڭ بۇ گەپلىرى كۆڭلۈمگە ياقتى ھەمدە ماڭا پۇرسەت ئەكېلىپ بەردى.

— غۇلام! — دېدىم مەن ئۆي ئىگىسىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ،— سەن ياقۇپنىڭ ھازىرقى گېپىنى ئاڭلىغانسەن؟ بۇرۇن ئاڭلىمىغان بولساڭ مانا ئەمدى ئوبدان ئاڭلىۋال. بىز دېگەنچۇ نوچى، نوچى دېگەننى ھېچكىم ھېچ قەيەردە ئۇنتۇمايدۇ، ھەتتا چەت ئەلدىمۇ دائىم ئەسلەپ تۇرىدۇ، دېگىنە. سەن ئۆتۈپ كەتكەن نادان، ئەخمەق، بۇنى بىلەمسىڭ؟ سېنىڭ شۇنچىلىكمۇ نامىڭ بارمىدى؟ . . .

غۇلامنىڭ يۈزلىرى شالپەردەك قىزىرىپ، كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاندۇرماسلىققا سېلىپ:

— قارا، سەن «ئۆلمىگىن»،— دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك كۈلكىسىدە كۈلۈپ،— سەن دېگەن ھەممە ئاغىنىلەرنى يوقلاپ تۇرىسەن ئەمەسمۇ؟ سەندەك بىر ئادەم بىزگە ھەمىشە

كېرەك - تە! — ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئۆتكەندە مېنى رەنجىتىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ دەۋاتقىنىنى ياكى بولمىسا بۇ ئىشنى ئويۇن - چاقچاق قاتارىدا كۆرۈپ تەنە بىلەن دەۋاتقانلىقىنى ھېچ ئاڭقىرالمىدىم.

بېشىم سەل گاڭگىراپ قالغاندەك قىلدى. شۇ سەۋەبتىن نېمە دېيىشىمنى ۋە قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا، ياقۇپ:

— ئالىم بىزنىڭ باتۇرىمىز، سەردارىمىز ئەمەسمۇ؟ — ئۇ بۇ گەپنى شۇتاپتا مەندەك بىر نوچى ئاغىنىسىنىڭ بولغانلىقىدىن ھېلىھەم پەخىرلىنىۋاتقاندەك بىر خىل قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە دېدى.

غۇلاممۇ ئەمدى ياقۇپنىڭ بۇ گېپىدىن پايدىلىنىپ، كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋالماقچى بولغاندەك بولۇپ:

— راست، سەن ئۆلسەڭ بىزگە كىم يولباشچى بولىدۇ؟ — دەۋالدى. چۈنكى مېنىڭ ھازىر مۇنداق ماختاش گەپلىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تولىمۇ پۇرسەتپەرەس ئاداش ئىدى.

لېكىن ئۇنىڭ بۇ گېپى ماڭا خۇددى تەنىدەكلا تۇيۇلدى.

شۇنداقتىمۇ مەن ئەمدى بۇيەردە بولۇۋاتقان بۇ گەپلەردىن، بولۇپمۇ ياقۇپنىڭ ماختاش گەپلىرىدىن كۆڭلۈمنىڭ بىردىنلا ئېرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بازارنىڭ قىزىق ۋاقتىدا بۇيەردىن كېتىۋالماقچى بولدۇم. ئاڭغىچە مەن ياقۇپنىڭ قولىقىغا ئاستاغىنا پىچىرلاپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرگەنىدىم.

— مەن «ئۆلدۈم، سېنى بۈگۈن نامىزىمغا ئېيتىپ كەلدىم»، خەير خوش! — دېدىم.

# بىكۆيۈم

بۈگۈن ئۇنىڭ بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىندىشىنىڭ بۇ ئالەمدىن كەتكىنىگە توپتوغرا ئون ئىككى كۈن بولدى.

قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەنىدى. بۇ قايغۇ - ئەلەم ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان كۆيۈمچان ئاكىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى.

ئۇنىڭ ئاكىسى ھەقىقەتەنمۇ ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قالتىس ئادەم ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان پاك ۋە دىيانەتلىك، قەيسەر يۈرىكى كىچىكىدىن تارتىپلا ھەمىشە ئەركىنلىك، ئادالەت دەپلا سوقۇپ كەلگەنىدى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، يېنىدا يان قورال ساقلاپ يۈرگىنىنى، ھەتتا ئۆزى ئەركىنلىك بايرىقىنى كۆركەم، ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ ياسىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئۇ زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى تۈپەيلىدىن قوزغالغان ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىكى ياشلار ۋە پارتىزانلار ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ۋە تارماق ئەترەتنىڭ يېتەكچىسى بولغانىدى. شۇ ۋەجىدىن گومىنداڭنىڭ زەي ۋە قاپقاراڭغۇ تۈرمىلىرىدە ياتقانىدى. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ تۈرمىدىكى ئاكىسىغا تالاي يوللارنى بېسىپ، ئەگرى - توقاي كوچىلاردىن ئۆتۈپ ئاش -

تاماق ئاپىرىپ بەرگەنلىكى ھېلىھەم ئېسىدە تۇرۇپتۇ.
ئاكىسىنىڭ ھاياتى جەڭگىۋار ھايات، شانلىق ھايات ئىدى. بۇنى ئاكىسىنىڭ مېيىت نامىزى ۋە يەتتە نەزىرىگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ شۇنچە كۆپلۈكى ئىسپاتلاپ بەردى.
ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم پەتىسى قىلىپ كىرىپ قويۇشى، ئۇنىڭغا تەبىئىي ھالدا تەسەللىي بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئىدارىدىكىلەر ئۇقۇپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرەرسى پەتە قىلىپ كېلىپ قويمىدى. ئۇنىڭغا كەلگەندە خۇددى قائىدە ـ يوسۇننى قايرىپ قويغاندەك ئىش قىلدى. ئەمدى قولۇم ـ قوشنىلىرىغا كەلگەندە ئۇ ئايالىغا:
— بەلكى قولۇم ـ قوشنىلار ئۇقماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بېشىڭىزغا ئاق ياغلىق چىگىۋېلىڭ،— دېدى. لېكىن ئايالى ئۇ گەپكە ئانچە قوشۇلۇپ كەتمىدى. ئۇنداق قىلسام كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇپ كېتىدىكەن، دەپ تۇرۇۋالدى.
— ھوي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بولمىسا خەق بىزنىڭ مۇسىبەتلىك بولۇپ قالغانلىقىمىزنى نەدىن بىلىدۇ؟ بۇ ئالەمدە ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ . . . مەنمۇ ئۆلىمەن، سىزمۇ ئۆلىسىز، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ھايات بولمىغىنى بىلەن سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز تېخى ھايات. ئۇنداق بولغاندىكى، ئالدىڭىزدا نى ئىشلار تۇرۇپتۇ. ھازىردىن باشلاپ بەزى ئىشلارغا كۆنۈپ تۇرمىسىڭىز، ۋاقتى كەلگەندە قانداق قىلىسىز؟ — دېدى ئۇ ئايالىغا.
ئاخىر بۇ گەپلەرگە ئايالى كۆندى، قېيناكىسىنىڭ ئۆيدە چەككەن مۇسىبەت ياغلىقىنى بېشىغا قايتا چىگىۋالدى. ئۇ ھېلى ئۇ ئىشنى، ھېلى بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئايالىنى سىرتقا پات ـ پات چىقىپ تۇرۇشقا، ماگىزىندىن ئۇنى ـ بۇنى ئەكىرىشكە بۇيرۇپ تۇردى. شۇنچە كۆپ قولۇم ـ قوشنىلىرى ئىچىدىن ئاران ئۈچ ئەر كىشى پەتىگە كىرىپتۇ،

ئايالлار پەقەت كىرمەپتۇ.
ئۇ ئەسلىدە ئۆز ئۆيىدە ئاكىسىنىڭ نەزىرىنى بەرمەكچىدى، لېكىن، ھېلىقىدەك ئىشلارنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ پەتىگە كەلمەي قويغىنىغا ئوخشاش، نەزىرگىمۇ كەلمەي قويۇشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە نەزىر بولغاندا ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يېقىن ئۆتكەن، ھازىر دۆڭكۆۋرۈك قاتارلىق جايلاردا تىجارەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قانچە ئاغىنىلىرىگە نەزىر باغىقىنى ئاپارغاندا ئۇلار:
— ئۇقماي قاپتۇق، بولمىسا چوقۇم باراركەنمىز، — دېيىشتى.
— ھەقىچان كۇندە بولىدىغان ئىككى - ئۈچ يۈز كويلۇق سودىدىن قۇرۇق قالىمىز، دەپ بارماستىڭلار! — دېدى ئۇ.
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەزىلىرى كۇلۇپ قويۇشتى. بەزىلىرى: «ياق، ئۇنداق بولامدىغان؟» دەپ قويىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىكى نەزىرىگە «ئۆلۈمىگە چوقۇم باراركەنمىز» دېگەن ئاغىنىلىرىدىن بىرەرسىمۇ چىقىپ قويۇشمىدى! . . . شۇنداق ئىكەن، بۇلارنى قانداقسىگە ئاكىسىنىڭ ئاغىنىلىرى، دېگىلى بولسۇن؟
ئۇ: «ناۋادا بىزنىڭ ئۆيدىكى نەزىرگىمۇ كىشىلەر كەلمەي قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟» دېگەن ئەندىشە بىلەن چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئاستا چېكىلدى. ئۆيگە ئوتتۇز بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان قاۋۇل، بەستلىك بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئۆركەش ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ شۇئان قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى.
ئۇ ئەسلىدە بۇ ئىشتا ئوغلىغا قالتىس ئىشەنگەن ۋە چوڭ ئۈمىد باغلىغان، ئاكىسىنىڭ مېيىت نامىزىغا ئۆزى بىلەن بىللە

قاتنىشىپ بېرىدۇ، دەپ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كېچىلەپ بېرىپ ئۆزى يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ كېچىدە بېرىپ ـ كەلگۈچە يولدا تارتقان جاپالىرىچۇ؟ نەتىجىدە «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. ئوغلى ئاكىسىنىڭ نامىزىغا بارمىدى، كېيىن ئۆيىگە پەتىگىمۇ بېرىپ قويمىدى. شۇنىڭدىن بېرى مانا ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. شۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەنىدى.

ئۇ كىرىپ كەلدى «بۇ ئاداش بۇ يەرگە خاتا كىرىپ قالمىغاندۇ هە؟ ياكى ئۇ راستتىنلا مېنىڭ ئوغلۇم شۇمۇ؟... كىچىككىنە كېسەلگە تولا گىرىپتار بولۇپ قالغىنىدا قىلمىغان ئامالىم، تارتمىغان جاپايىم قالمىغان، هەتتا تەكلىماكاننىڭ يىراق بىر چېتىدىن (ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى شۇ يەردە ئىدى) ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە داۋالاتقىلى ئەكېلىپ، كوچىلاردا هاپاش قىلىپ يۈرۈپ، دوختۇرخانىمۇ ـ دوختۇرخانا كۆرسىتىپ داۋالىتىپ، ئاخىر ساقايتقان بالام شۇمۇ؟ ئۆز قولۇم بىلەن تەربىيىلەپ ئوقۇتۇپ، خىزمەتكە قاتناشتۇرۇپ قاتارغا قوشقان بالام شۇمۇ؟ ...»

شۇ تاپتا ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتۇۋاتاتتى.

— قۇشقاچ بېقىپتىم، سايراپ بېرىۋاتىدۇ. سېنى بېقىپتىم، سەن ماڭا نېمە قىلىپ بېرىۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي.

— بولدى قىلىڭا دادا، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ مۇنداق تەگەپ كېتەمسىز! — دېدى ئوغلى شۇتاپتا خىجىل بولۇش ئورنىغا دادىسىدىن خاپا بولۇۋاتقاندەك قىلىپ.

— يەنە شۇنداق دەۋاتامسەن؟ سېنىڭچە، ئۆلۈم ئىشى كىچىك ئىش ئىكەن ـ دە، بىلىپ قوي، ئۇ مېنىڭ ئاكام، ئاكام بولغاندىمۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئاكام! قارىغاندا سەن مەن ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسامۇ، ئۆلۈمۈمگە كەلمەي قويىدىغان

ئوخشىمامسەن! . . . بولدى، ئۇ چاغدىمۇ ھېچقايسىڭ كېلىشمە! . . .

— بولدى قىلىڭلا دادا، نېمانچە قايناپ كېتىسىز؟

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تەلەتىگىمۇ قارىغۇسى كەلمەيۋاتاتتى . . .

— بولدى قىلامدىمەن؟ ماقۇل غوجام، بولدى قىلايلى! . . .، — ئۇ كىنايە بىلەن ئوغلىغا ھومىيىپ قارىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاچچىقىدا نېملەرنى ئويلىغانلىقىنى ۋە نېملەرنى قىلغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئاستا ئايالىغا دورىسىنى ئەكېلىپ بېرىشنى ئىما قىلدى.

بىر چاغدىن كېيىن ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا:

— نېمىدېگەن بىكۆيۈملۈك بۇ! بالامۇ بىكۆيۈم، ئالەممۇ بىكۆيۈم! . . . — دەۋەتتى.

# قاپچۇق

يېقىندىن بېرى بەزى ئاغىنىلىرى ئۇنى «سايىم باي» دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋالدى. چۈنكى ئۇ پېشايۋانلىق قىلىپ چىرايلىق سېلىنغان ئۆيىنى باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىش مەقسىتىدە بۇ قېتىم ئازراق پۇلنىڭ مەرىدىن كېچىپ مېھمان چاقىرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تېخى «قولى ئوچۇق، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ!» دەيدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. قارىغاندا «داستىخىنى چوڭ بولسا، يۈز - ئابرۇيى چوڭ بولىدۇ!» دېگەن سۆز راست ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا، بۇرۇن ئۇنىڭ: «ئەگەر پالانى ئىش مەن دېگەندەك چىقمىسا، سىلەرنى چوقۇم مېھمان قىلىمەن. ئەگەر مېھمان قىلمىسام قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ قولۇڭلارغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن!» دەپ خۇددى قەسەم ئىچكەندەك ۋەدە قىلغان، ئەمەلىيەتتە بولسا، مېھمان چاقىرىشتا ئۆز نۆۋىتى كەلگەندىمۇ بېخىللىق قىلىپ، مېھمان چاقىرماي، بىر ئوبدان يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان ئىشنىمۇ ئۈزۈپ قويىدىغان يەرلىرى ئاز ئەمەستى!

مەيلى باشقىلار ئۇنى نېمە دەپ چاقىرسا چاقىرىۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن داۋۇتنىڭ پەرۋايى پەلەك.

يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش داۋۇتنىڭ كاللىسىدىن تا ھازىرغىچە ئۆتمەيدۇ.

بىر كۈنى داۋۇت دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى چوڭ، ئاۋات كوچىدا ئىش بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. توساتتىنلا «سايىم باي» ئۇچراپ قالدى. ئۇلار سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن

ئازراق پاراڭلاشتى. قارىغاندا «سايىم باي» سەل زېرىكىپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ «قېيۇم ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيىگە بىللە بېرىپ كەلسەك» دەپ داۋۇتقا چىڭ يېپىشىۋالدى.

داۋۇت سەل تۇرۇۋېلىپ:

— ئۆزۈڭ بېرىپ كەلگىن ئاداش، مەن بارماي! — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى سايىم باي.

— ئىشىم بار! — دېدى داۋۇت.

— ئۇ ئىشىڭنى بۆلەك ۋاقىتتا قىلىۋالامسەن! ھازىر بىللە بېرىپ كېلەيلى! — سايىم باي داۋۇتنى زورلىغىلى تۇردى.

بىر پەستىن كېيىن داۋۇت سەل كەسكىنرەك قىلىپ:

— سەن ئۆزۈڭ بارغىن، مەن بارمايمەن، چۈنكى سەن ۋېلىسىپىتلىك، مەن پىيادە، نەدىمۇ پىيادە ئادەمنىڭ ۋېلىسىپىتلىك ئادەم بىلەن تەڭ ماڭالىغان يېرى بار، — دېدى.

— قىزىقكەنسەن، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ ئىككىمىز بىر ۋېلىسىپىتقا مىنسەك بولىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ مانا مۇنداق قىلىمىز! — ئۇ قولى بىلەن ۋېلىسىپىتنىڭ كەينى تەرىپىگە قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ قويدى، — سەن كەينىدە ئولتۇرسەن، مەن سۆرەيمەن، بۇنىڭدا چاتاق يوق، — دېدى «سايىم باي» مۇغەمبەرلىك كۈلكىسى بىلەن.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن داۋۇت ۋېلىسىپىتقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ۋېلىسىپىتى «سايىم باي» دېگەن نامغا قىلچىمۇ ماس كەلمەيدىغان دەرىجىدە كونا ئىدى. قارىغاندا، بۇ ۋېلىسىپىتنىڭ مىنىلگىنىگىمۇ يىگىرمە يىلدىن كەم ئەمەستەك قىلاتتى.

«سايىم باي»تەرسالىق بىلەن ھېلىقى گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، داۋۇتمۇ ئۇنىڭ رايىغا باقتى. ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە پەم بىلەن ئاستا ئولتۇردى. بولمىسا بۇرۇندىن تارتىپ

ھازىرغىچە ئىككى ئادەم بىر ۋېلىسىپىتقا مىنىپ شەھەرگە توغرا كەلگەندە، داۋۇت سۆرىگۈچى بولۇشقا رازى ئىدىكى، ھەرگىز ئارقا تەرەپتە ئولتۇرمايتتى.

ئۇلار بارغان ئۆيىدىن ھايال بولمايلا يېنىشتى. چوڭ يولغا چىققاندا ئۇ موتسىكلىت مىنگەن بىر تونۇش ئادىمىنى ئۇچرىتىپ قالدى.

ئاق سېرىق، گازىر كۆز، كۆپتەك سېمىز ئۇ ئادەم ئەسلىدە يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە كېتىۋاتاتتى. «سايىم باي» قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ۋارقىراپ ئۇنى چاقىردى. ئۇ موتسىكلىتنىڭ بېشىنى قايرىپ، خۇشياقمىغان ھالدا يولنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتتى. «سايىم باي» ئۇنىڭ بىلەن تېخى تونۇشۇپ كۆرۈشمەي تۇرۇپلا:

— مېنى پوچتىخانىنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قوي! — دەپ بۇيرۇق قىلغىلى تۇردى.

موتسىكلىتلىق ياش كىنايە بىلەن دىمىغىدا بىر كۈلۈۋېتىپ، ئاندىن ماقۇل بولدى.

«سايىم باي» موتسىكلىتلىق ئۇچۇپ كەتتى. چۈنكى «يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ داۋۇت ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ۋېلىسىپىت بىلەن قالدى. بۇ چاغدا ۋېلىسىپىت ئۇنىڭ كۆزىگە بايىقىدىنمۇ بەتبەشىرە كۆرۈندى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ۋېلىسىپىتنى تاشلاپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق ـ تە، شۇڭا ئەمدى ئۇنى كەينىدىن ئاپىرىپ بەرمىسە بولمايتتى. ئەگەر بۇ ئىش بولمىغان بولسا داۋۇت مۇشۇ يەردىلا ئۆز يولىغا ئۇدۇل كېتىۋەرمەمتى؟ ئەمدى ماۋۇ ئاۋارىچىلىكنى قارىمامدىغان! بۇ خاپىلىقنى كۆرمەمدىغان؟ . . .

داۋۇت موتسىكلىتلىق كەتكەن ئىككىسىنىڭ كەينىدىن چاپتى. نەدىمۇ ئېشەكلىك ئادەمنىڭ ئاتلىق ئادەم بىلەن تەڭ

ماڭالىغان يېرى بار دەيسىز؟

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، داۋاۋت: «ئۇلاردىن بەكمۇ كېيىن قېلىپ، ‹سايىم باي› نى ساقلىتىپ قويىماي» دەپ ۋېلىسىپتنى بولۇشىغا چاپتۇردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ ۋېلىسىپتنى سەل قوپالراق مىنگەنلىكىنى كېيىنرەك سەزدى بولغاي، لېكىن ئەمدى نېمە ئامال بار؟

بىر چاغدىن كېيىن داۋۇت ئۇنىڭ بىلەن دېيىشكەن يېرىدە كۆرۈشتى. بۇ چاغدا «سايىم باي» ۋېلىسىپتنىڭ كەينى تەرىپىگە شۇنداق بىر قاراپتى، داۋۇت ھېچنېمىنى بىلەلمەي «نېمىشقا مۇنداق قارايدىغاندۇ؟» دەپ قالدى.

— ۋېلىسىپت ئىگىرىنىڭ قاپچۇقى قېنى؟ — «سايىم باي» داۋۇتتىن سورىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ جىددىي تۈس ئالغانىدى.

داۋۇت ئىتتىك ئىگەرنىڭ ئۈستىگە لاپپىدە بىر قارىدى-دە، شۇندىلا قاملاشمىغان ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، قاپچۇقنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۆزىمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئۇ خۇددى چوڭ بىر گۇناھ قىلىپ قويغان كىشىدەك خىجالەتچىلىك ئىچىدە نەزىرىنى ۋېلىسىپتتىن «سايىم باي»غا ئاغدۇردى. «سايىم باي»نىڭ چىرايى زىياننىڭ ئاچچىقىدا خۇددى كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەنىدى. كۆرۈمسىز كۆزلىرى خۇددى ھازىرلا چانقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى. داۋۇت ئىچىدە: «ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. ئۇنىڭغا نېمە ئامال بار، يامان يېرى كەلسە بازاردىن بىر قاپچۇق سېتىۋېلىپ، تۆلەپ بەرسەملا بولمىدىمۇ؟ . . .» دېگەننى ئويلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن:

— كېرەك يوق، بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ — دەپ قويدى. لېكىن، ئېھتىياتسىزلىق بىلەن دېيىلگەن بۇ گەپتىن

داۋۇت شۇئان بالاغا قالدى:

— هوي، نېمە دېگىنىڭ ئۇ، قانداق نېمىسەن؟ — «سايىم باي» نىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى. ئەسلىدىمۇ بىر مەينەت ئېغىز ئەمدىلىكتە ئۇن مەينەت ئېغىزغا ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇ داۋۇتنى بىردەم ھېچنېمىنى سەزمەس مۆكگە ئوخشاتسا، بىردەم يەنە بىر نېمىلەرگە ئوخشىتاتتى. داۋۇت شۇتاپتا ئۇنىڭ نەزىرىدە راستتىنلا «زىياندااش» بىر ئادەمگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

سايىم باي تېخى ھېلىقى موتسىكلىتلىق ئادەمنى نەدىندۇر تېپىپ كېلىپ، خۇددى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ قويغان نەرسىسى باردەك ئۇنىڭ موتسىكلىتىنىڭ كەينىدە بايىقىدەك چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ قاپچۇق ئىزدىگىلى كەتتى. خېلىدىن كېيىن «سايىم باي» چىدىغۇسىز ئەلەم بىلەن قايتىپ كەلدى. ئاچچىقى بايىقىدىنمۇ يامان، دەھشەتلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ داۋۇتقا خۇددى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا قارىدى.

— مەن ساڭا ئەتىلا بىر قاپچۇق ئېلىپ بېرەي، ئەگەر ماگىزىنلار تاقالمىغان بولسا، ھازىرلا ئېلىپ بېرەتتىم! — دېدى داۋۇت خىجالەتچىلىك ئىچىدە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ «سايىم باي» سەل يۇمشاپ قالغاندەك بولۇپ، ئۇشۇقچە گەپ قىلىشقا ئەمدى ئامالسىز قالدى. چۈنكى ئۇ داۋۇتنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەمدى داۋۇتتىن رازى بولۇۋاتقانلىقى غەلىتە چىرايىدىن مانا مەن دەپ مەلۇم بولۇشقا باشلىدى.

ئەتىسى داۋۇت ماگىزىندىن يېپيېڭى قاپچۇقتىن بىرنى ئېگىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىپ، «سايىم باي» نىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ، ھويلا ئىچىگە شۇنداق بىر قاراپ ئۇنىڭ «چۈشۈپ قېلىپ، تېپىلمىدى» دېگەن ھېلىقى كونا قاپچۇقىنىڭ ۋېلىسىپىت ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى! . . .

# دىۋانە

بىر ـ بىرىگە خۇددى قوشماقتەك زىچ جايلاشقان ئۈچ ناھىيىنىڭ ئاۋات بازىرىغا كەلگىنىمگە ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ سائەت بولدى. مېنىڭ بۇ ئاۋات ناھىيە بازىرىدا يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ كەتكۈم بار ئىدى. مېنىڭ تۇرۇپلا ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە بېرىپ ئايلىنىپ كەلگۈم كېلىپ قالدى. مۇنداق بولۇشىدا مېنىڭ ئۆتكەنلەردە ئادەمنى تولىمۇ زېرىكتۈرىدىغان، بۇ كۆز يەتكۈسىز يوللاردا خۇددى بابكارنىڭ مۇكىسىدەك ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان چېپىپ يۈرگىنىم سەۋەب بولدىمۇ ياكى قاتناشتىن ئىبارەت بۇ سەپتە ئۇزاق يولنى يېقىن قىلىدىغان ماشىنىلار ۋە شوپۇر ئۇستاملارغا ھەمراھ بولۇپ، خېلى ئۇزاق مەزگىل ياشىغانلىقىم سەۋەبچى بولۇۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ كۆڭلۈم شۇ يەرنى تارتىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە تونۇش ـ بىلىش شوپۇرلاردىن كىملەرنىڭ كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كەلدى. مەن خىياللار ئىلكىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە كەلدىم.

بېكەتكە كېلىپ قارىسام، ئاپتوبۇسلار شۇنداق كۆپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

كۈتۈلمىگەندە بىرسىنىڭ توساتتىن چاقىرىشى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئىتتىك قارىدىم. مەندىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز مېتىر نېرىسىدا ماشىنىسى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئابلىز شوپۇرنى كۆرۈپ، خۇددى ئالتۇن

تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ كىچىكىمدىن تارتىپ بىللە ئويناپ ئۆسكەن قەدىناس ئاغىنەم ئىدى.

مەن كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى ئۇزاق بولغان ئاغىنەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتىم. بۇ ئاغىنەم بىلەن بۇرۇن بىر ئورۇندا ئىشلىگەچكە دائىم كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق، كېيىن مەن باشقا ئورۇنغا يۆتكەلگەندىن كېيىن كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىغانىدى. بىز ئۇيان ـ بۇياندىن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

ئۇ مېنىڭ بۇ يەردە يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرماقچى بولغانلىقىمنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ئۇ گېپىڭنى قوي، مېنىڭ ماشىنامدا مەن بىلەن بىللە كەت، ھېلىمۇ بىر ئايغا يېقىن سەيلە ـ تاماشا قىلغىنىڭمۇ يېتەر. . . ئائىلەڭنى سېغىنىپمۇ قالغانسەن، ئەمدى ئارتۇقچە پۇل خەجلەپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى. ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— خەقنىڭ ماشىنىسىغا چىقساڭ پۇل تۆلىمىسەڭ بولمايدۇ،— دېگەننى قوشۇپ قويدى.

مەن خىيال ئىچىدە بىردەم تۇرۇۋېلىپ دېدىم:

— ئۇ دېگەنلىرىڭغۇ راست، بىراق . . .

— بىراق دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئەگەر ئويۇنغا قانمىغان بولساڭ، كېلەر نۆۋەت مەن بىلەن بىللە يەنە كەل، مەن سېنى شەھەرمۇ شەھەر راسا بىر ئوينىتىپ قوياي، بولامدۇ؟

— راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ كۈنلەردە ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈردۇم، دېگەن بىلەن ماڭا شۇ تاپتا بۇنىڭدىن ئارتۇق قۇلاققا ياققۇدەك شېرىن گەپ تېپىلمايتتى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ كۆڭۈلنى يايراتقان تەرەپلىرى بولغاندىن سىرت، يەنە دىلنى غەش قىلىپ قويىدىغان تەرەپلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى يوشۇرالمايمەن. مەن ئاخىر ئاغىنەم بىلەن بىللە كېتىشكە

رازىلىق بىلدۈردۈم.

ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان، ئۇ خۇددى مېنى تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالىدىغاندەك، ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا ماشىنا بېكىتىگە كېلىۋاپتىمەن. بۇ ئاغىنەمنىڭ كېلىشىگە، ماشىنىنىڭ مېڭىشىغىمۇ خېلى ۋاقىت بار، دېگەن سۆز. بۇ جەرياندا خېلى ئىشلارنى قىلىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئويلاپ باقسام، مېنىڭ سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئاز - تولا سەدىقە بېرىۋېتىدىغان ئادىتىممۇ بار ئىدى. شۇڭا مەن بىر تەرەپتىن سەدىقە بېرىۋېتىش مەقسىتىدە ئەتراپتىن دىۋانە ئىزدىدىم. لېكىن، قېرىشقاندەك ھېچ يەردە دىۋانە كۆرۈنمىدى. بۇنىڭدىن مەن سەدىقە بېرەلمەي قېلىشىمدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم.

بىر چاغدىن كېيىن شوپۇر ئاغىنەم ماشىنىنىڭ يېنىدا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كېچىچە ئۇخلىمىغان ئوخشىمامسەن؟...، — دەپ چاقچاق قىلدى.

— سېنى مېنى ئالماي قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىدىم، — دەپ ئۇنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم.

بۇ گەپ بىلەن ھەر ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشتۇق. بىر ئازدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، قولىدىن چېلەكنى تارتىۋېلىپ، سۇخانىدىن بىر چېلەك سۇ ئەكەلدىم. ئاغىنەمنىڭ قۇچىقىدا بالىسى بار، كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بىر دىۋانە ئايال ماشىنا ئەتراپىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەدەپ كىشىلەردىن سەدىقە تىلەۋاتاتتى. مەن دەرھال چېلەكنى ئاغىنەمنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپلا يانچۇقۇمدىن بىر يۈەننى ئېلىپ ھېلىقى دىۋانە ئايالغا ئۇزاتتىم. دىۋانە ئايال قولۇمدىن پۇلنى ئېلىپ، سەپىرىمگە ئامانلىق تىلەپ دۇئا

قىلدى. ئۇنىڭ يېنىمدىن نېرى كېتىشىگە سەككىز ـ ئون قەدەم نېرىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بىرنېمىلەرنى ئوقۇۋاتقان ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن، دىۋانە سىياقىدىكى ساقاللىق ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. «بۇ خېلى ياشىنىپ قالغان دىۋانە ئىكەن، مۇنداقلارغا سەدىقە بەرسە تېخىمۇ ساۋاب بولىدۇ!» دېگەن ئوي بىلەن يانچۇقۇمدىن ئىككى يۈەن پۇلنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولۇپ مېڭىشىمغا، ئابلىز ئاغىنەم كەينىمدىن كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى.

— نېمە قىلاي دەيسەن؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ قوپال ۋە غەلىتە چىقىپ كەتتى.

— ئاۋۇ دىۋانىگە سەدىقە بېرىۋېتەي دەۋاتىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنى تۇتۇۋالغانلىقىنى بىلەلمەي.

ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئاغزىنى تۇتۇۋالغىنىچە بىر ھازاغىچە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپمۇ ئۇنىڭ نېمىگە شۇنداق كۈلۈۋاتقانلىقىنى زادى بىلەلمىدىم. شۇڭا سەل ـ پەل جۇدۇنۇم تۇتتى ـ دە:

— نېمە بولدى؟ — دەپ ۋارقىرىدىم.

ئۇ كۈلكىسىنى ئاران تۇختىتىۋېلىپ، چىرايىمغا بىر ھازاغىچە تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئاندىن:

— ئۇنىڭ سېنى سېتىۋالغۇچىلىكى بار! — دېمەمدۇ، بۇ گەپ ئىمانىمنى بەش گەز ئۇچۇرۇۋەتتى. . .

مەن ماشىنىغا چىقتىم. كابىنكىدا ئولتۇرۇپ ئالدىمدىكى رېئاللىققا ئىشەنمەيلا قالدىم. ھېلىقى دىۋانە كابىنكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئازادە ئورۇندۇقتا بىمالال ئولتۇرۇپتۇ. قارىسام ماڭا ئولتۇرغۇدەك يەرمۇ قالماپتۇ. مەن ئاران دېگەندە سايمان ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدىم. بۇمۇ شۇ ئاغىنەمنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن

بولسام، بۇ ماشىنىغا زادى چىقمىغان بولاتتىم. ئەمدى نېمە ئامال بار، چۈشۈپ كېتەي دېسەڭ، چۈشۈپ كېتەلمەيسەن، ئولتۇراي دېسەڭ تۈزۈكرەك ئولتۇرالمايسەن.

ئاپتوبۇس ئالاھەزەل ئىككى سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن كىچىككىنە بىر ئۆتەڭگە كېلىپ توختىدى. مەن ھېلىقى كۆڭۈل خاپىلىقىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۇدۇل ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. مېنىڭ ماڭغىنىم قاتناش ئاشخانىسى بار تەرەپ ئىدى. مەن تېخى ئانچە ئۇزۇن ماڭماي تۇرۇپلا ئاغىنەم كەينىمدىن چاقىردى. ئۇ چارقىغانىكەن، توختىماي بولمىدى. مەن ئامال يوق توختىدىم. ئۇ مېنى ماڭغان يولۇمدىن ياندۇرۇپ باشقا بىر ئاشخانىغا باشلىدى.

مەن ئاغىنەمگە ئەگىشىپ بىر كىچىك ئاشخانىغا كىردىم. ھېلىقى دىۋانىمۇ جىنىمغا تېگىپ، بىزگە خۇددى سايىدەك ئەگىشىۋالغانىدى. مەن ئىچىمدە: «ماشىنىغا چۈشكەنلىكىم ئۈچۈن شوپۇرنى مېھمان قىلارمەن دېۋىدىم، ئەمدى بۇ دىۋانىنىڭ تاماق پۇلىنىمۇ مەن تۆلەرمەنمۇ. . . » دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ دىۋانە بولغاندىكىن، جايىدا ياۋاشلىق بىلەن جىم ئولتۇرماي، ھېلى ئۇ تاماقنى، ھېلى بۇ قورۇمىنى بۇيرۇتۇشلىرىچۇ تېخى. . .

ئاشخانىدىن چىقىدىغان چېغىمىزدا، مەن ئاشخانا خوجايىنىدىن قانچە پۇللۇق تاماق يېدۇق؟ دەپ سوراپ بولغىچىلىك ئارىلىقتا ھېلىقى ئادەم (ئەمدى ئۇنى دىۋانە دېيىشكە تىلىم كۆيىدى) يېنىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنەچچىنى شارتتىدە چىقىرىپ، خوجايىننىڭ ئالدىغا قويدى. مەن كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بولۇپ، ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟ دەپ جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. . .

بىر پەستىن كېيىن ئاران ئېسىمگە كېلەلىدىم:

— بۇ. . . ؟

ھېلىقى ئادەم مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالغاندەك، ماڭا بىر قارىۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇكام، سىلەر دېگەن تۆت تەڭگە مائاشقا قاراشلىق ئادەملەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن بولسام يۈز مىڭ يۈەنلىك بېيىغان ئائىلىنىڭ خوجايىنى. ئابلىز ئۇستام زورلىمىغان بولسا، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كەتكەن بولاتتىم!

مەن ئاغىنەمگە سوئال نەزىرىدە قارىدىم.

ئاغىنەم كۈلۈپ تۇرۇپ، ماڭا چۈشەندۈردى:

— ئىبراھىم ئاكا ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتتى. ئۇ سەمەنلىك بېيىغان دېھقان. قىرىق موغا يېقىن شاللىقىنىڭ ھەر موسىدىن ئىككى مىڭ جىڭغا يېقىن ھوسۇل ئالىدۇ. يەنە باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. تېخى ئۇن - ياغ تارتىش زاۋۇتى، يەنە بىر نەچچە ماشىنا - تراكتورلىرىمۇ بار. توققۇزى تەل، قولىنى نەگە سۇنسا، شۇ يەرگە يېتىدىغان باي. ئۇ ئۇرۇمچىگە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان تۇغقىنىنى يوقلىغاچ، بىر مۇنچە ئىشلىرىنى بېجىرگىلى كېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئېلىپ بولغان ئايروپىلان بېلىتىنى قايتۇرغۇزۇۋېتىپ، ئەتراپنى كۆرگەچ ھەم مۇڭداشقاچ بىللە ماڭايلى، دەپ ئاران تەسلىكتە ماشىنامغا چىقاردىم.

مەن بۇ گەپلەرنى خۇددى چۈشۈمدىكىدەك ئاڭلاپ، تېخىمۇ ھەيران قالدىم. ئاندىن ئەتىگەندىن بېرى بولمىغۇر ئوي - خىياللاردا بولغىنىم ئۈچۈن ئىچىمدە بەكمۇ خىجىل بولدۇم.

# مەن تېخى . . .

مەن ئىشتىن چۈشۈپ ئالدىراش ئۆيگە كېلىۋاتاتتىم. يولدا بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۈچىسىغا گۈللۈك ئاق كوپتا، بېغىر رەڭ يوپكا كىيگەن ناھايىتى تونۇش بىر ئايال ئۈچرىدى. مەن ئۇ ئايالنىڭ ئېرى بىلەن بۇرۇن بىر ئىدارىدە ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەنىدىم. شۇڭا مەن بۇ ئايالنى خېلىدىن بېرى بىلەتتىم. مەن ئايال بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن قىزغىنلىق بىلەن سورىدىم:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسىز؟

— مۇھەببەتنىڭ قېشىغا بارغانىدىم. شۇ يەردىن كېلىۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ جاۋابى ماڭا باشقىچە ئاڭلىنىپ كەتتى.

— يەنە بىر دەڭە، قەيەرگە باردىم دېدىڭىز؟ — مەن قايتىلاپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مۇھەببەتنىڭ يېنىغا باردىم! — دېدى ئۇ.

— مۇھەببەتنىڭ يېنىغا باردىم دېدىڭىزما؟

— شۇنداق دېدىمغۇ؟ بۇ گېپىمدە خاتالىق يوقتۇ؟ يا سىزگە باشقىچە ئاڭلىنىپ كېتىۋاتامدۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز؟

— نېمە دەپتىمەن؟

— سىزنىڭمۇ مۇھەببىتىڭىز بارمۇ؟ — كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى.

لېكىن ئۇ بەخىرامان جاۋاب بەردى:

— بولمايچۇ؟ بولسا نېمە بوپتۇ؟

ئالدىغا سەل يېقىنراق بېرىپ سورىدىم:

— راستمۇ؟

ئۇ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— راست.

مەن ئىچىمدە ئويلىدىم: «بۇنىڭغا قارىغاندا، تۇل قالغان خوتۇنلارنىڭ كۈنى ھەقىقەتەنمۇ تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلار بەزىدە زېرىكىدۇ، بەزىدە تېرىكىدۇ، دېگەندەك بىر خىل تۇيغۇلارغا كېلىپ قالىدۇ، ئىچ پۇشۇقىنى يا ئۇنداق، يا مۇنداق يوللار بىلەن چىقىرىۋالسا، بىز ھېسابتىغۇ مەيلى دەيلى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ... لېكىن بۇ ئايالنىڭ كۈپكۈندۈزدە، خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا، مۇھەببەتنىڭ يېنىغا باردىم، دەپ ئاپئاشكارا داۋراڭ سېلىۋاتقىنى نېمىسى؟...

شۇلارنى ئويلاپ بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالدىم. كاللامغا: بۇ ئايالنى بىر گەپكە سېلىپ باقايچۇ؟» دېگەن ئوي كەلدى ـ دە، ئاندىن سورىدىم:

— بارغانغا تۇشلۇق مۇھەببىتىڭىز بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟

— بارغاندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ كۆرۈشمەن ـ دە!

بۇ گەپنى دەۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇھەببەت ۋە مەمنۇنىيەت ئىلكىدە قالتىس ئويناپ كەتتى.

— ۋاي ئانام! — دەۋەتتىم مەن.

— نېمە بولۇۋاتىسىز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟...

مەن ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا دېدىم:

— بىر يېرىم ئاغرىۋاتقان بولسىغۇ ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. چۈنكى، ئاغرىق دېگەن بەزىدە بىر دەمدە توختاپمۇ قالىدۇ، بىراق...

— بىراق دېگىنىڭىز نېمىسى؟

مەن سەل تۇرۇۋېلىپ دېدىم:
— خىجىل بولمىغىنىڭىزغا دەيمەن!
— نېمىدىن خىجىل بولغۇدەكمەن؟ — ئۇ زەردە بىلەن ماڭا تىكىلدى.
— مۇھەببەت بىلەن كۆرۈشتۈم، دېگىنىڭىزگىچۇ؟
— شۇنداق دېسەم نېمە بوپتۇ؟
— سەت بولىدۇ ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ ماڭا قاراپ:
— ئۇھوش نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟ — دەپ قولىنى قاتتىق سىلكىدى.
مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. بىر چاغدىن كېيىن ئۇ:
— گەپلىرىڭىزنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا، مۇھەببەت دېسەم سىز قىز - يىگىت ياكى ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ھېلىقى مۇھەببەتنى دەۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق مۇھەببەت بولاتتى؟
— ھوي، بۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا، قېرىغاندا ئۇنداق مۇھەببەت بىزگە نەدە تۇرۇپتۇ.
— مەن تېخى . . .
— مەن باياتىن بېرى قىزىم مۇھەببەتنىڭ قېشىغا بارغانلىقىمنى دەۋاتىمەنغۇ؟ . . .
— ھوي ھەدە! — دېدىم مەن.
— سىزنىڭ مۇھەببەت ئىسىملىك قىزىڭىز بارمۇ؟
— ھوي، سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ھېلىقى كۈنى دادىسىنىڭ تەزىيە يىغىنىدا سۆزلەپ ھەممەيلەننى ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىتىۋەتكەن قىز — مېنىڭ قىزىم ئەمەسمۇ؟

مەن شۇندىلا ھوشۇمنى تاپتىم.

— ھە ـ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، ھېلىقــى ئاق يۈزلۈك، چىرايلىقىنا قىز شۇمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئېسىڭىزدە بار ئىكەنغۇ؟

— ھوي ھەدە، ئۇنداق چىرايلىق قىز كىمنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ دەيسىز؟ ھېلىھەم كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ساقلاقلىق تۇرۇپتۇ دەڭە؟ . . .

— ھوي بېشىنى يەيدىغان!

— ئادەمنى نېمانچە سەت تىللايسىز؟

— باياتىن بېــرى گەپ قىلماي جىــم تۇرۇپ بەرسەم، ئالىجوقا سۆزلەپ نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز؟ . . .

— راستىنى ئېيتسام، مەن تېخى بۇ ھەدەم قېرىغاندىمۇ بىرەرسى بىلەن مۇھەببەتلىشــــپ يۈرگەن ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن!

— ھوي، ئەقلى يوق ساراڭ!

# ئىش ئۆز جايىغا چۈشتى

خەلچەمنىڭ قىلغان «ئۇياتسىز» لىقىغا ئەخمەتنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، ئۆتى ئېشىپ كېتەيلا دېدى. «ئەمدى خەلچەم بىلەن مۇناسىۋىتىمنى چوقۇم ئۈزىمەن. ئۇ ھەتتا ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، ئادا - جۇدا بولىمەن. ئەمدى ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق!...» دەيتتى ئەخمەت ئاچچىقىدا ئۆز - ئۆزىگە.

ئەخمەت ئەنە شۇنداق گادىرماش خىياللار بىلەن كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا خەلچەمنى ئۇچرىتىپ قالدى. ناۋادا ئۇنى ئىزدەپ ماڭغان بولساممۇ مۇنداق ئاسان ئۇچرىمايتتى، ئەمدى ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، دەپ ماڭغىنىمدا ئۇچراپ قالغىنى نېمىسى؟ بوپتۇ، قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ، ئەمدى ئۇنى كۆرمەسكە ئامال يوق. «بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى. ئەمدى دەيدىغان گەپنى دەۋېلىپ، بىراقلا قۇتۇلۇپ كەتسەم بولمىدىمۇ؟ بولسا ئاۋۋال ئۇ ئۆزى ئېغىز ئاچسۇن، شۇ چاغدا دېسەممۇ بەربىر كېچىكىپ قالمايمەن!» دەپ ئويلىدى ئۇ.

خەلچەم ئەخمەتنىڭ ئالدىغا بۇرۇنقىدەكلا كۈلۈمسىرەپ كەلدى. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىدى. ئۇ ئەخمەتكە ياندىشىپ ماڭدى. ئەخمەتنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. گەپ قىلىپلا قالسا بەك قاتتىق تېگىۋېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

— ئاخشام ئاچچىقىڭىزغا نېمە بولدىكىنە؟ ئولتۇرۇش تۈگىمەي تۇرۇپلا كېتىپ قالدى،— گەپنى خەلچەم ئۆزى تەشتى.

ئەخمەتنىڭ سەۋر ـ تاقىتى قالمىغانىدى.

— ئۇياتسىزنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا، ئاچامنىڭ نېمە بولغىنىنى ئۆزىڭىزدىن سورىمامسىز؟ — بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەخمەت ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— نېمە؟ مېنى ئۇياتسىز دەۋاتامسىز؟ — خەلچەمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ھەئە!

— مەن زادى نېمە ئىش قىپتىمەن؟

— سىزنىڭ قىلىقلىرىڭىزنى مەن ئەمدى كۆتۈرەلمەيمەن.

— سىز مەندىن رەنجىۋاتامسىز؟

خەلچەم شۇتاپتا ئەخمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئەخمەت دەيدىغاننى دەپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغىنىنى ئۇچۇن خىلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى.

خەلچەم بىر ئازدىن كېيىن سەل ئېسىنى يىغقاندەك قىلىپ:

— يۈرۈڭ، ئىچكىرىسىگە كىرىپ سۆزلىشەيلى! — دېدى.

ئەخمەت كۆڭلىدە: «بۇ قېتىم يەنە سېھىر كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، مېنى كولدۇرلىتاي دەۋاتامدۇ نېمە؟ . . . ئەمدى مۇش يەردىلا بولدى قىلاي!» دېگەننى ئويلىدى. يەنە بىر تۇرۇپ: «مۇنداق قىلسام بىر ھېسابتا ئۇنىڭ مەندىن قۇتۇلۇپ كېتىشى بەكمۇ ئاسانغا چۈشۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا مەن ئەمدى قالغان گېپىمنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە راسا بىر دەۋېلىپ، ئاندىن بىراقلا ئادا ـ جۇدا بولاي» دېگەننىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا ئەخمەت سىرتقا كىرىپ ئىشلەي دېسىمۇ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ ئۇ يېرىم كۈنلۈك ۋەزىپىسىنى بايىلا ئورۇنداپ بولغانىدى.

ئەخمەت كىرسەممۇ كىرەي، دەپ ئۇنىڭ ئىشلەيدىغان يېرىگە نائىلاج كىردى. ئۇ يەردە ھازىر باشقىلار يوق ئىدى. گەپنى ئاۋۋال خەلچەم قىلدى:

— مەن سىزنىڭ بايىقى گەپلىرىڭىزدىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم. سىز نېمىگە شۇنچە خاپا بولۇۋاتىسىز؟
— سىز قائىدە ـ يوسۇن دېگەننى زادى بىلمەيدىكەنسىز؟
— بىلمەي نېمە قىپتىمەن؟
— مېھماندارچىلىقتا سىز بۇرۇن بىرىپسىز، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئاچام كەلگەندە نېمە ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ: «كېلىڭ ھەدە!» دېمەيسىز؟ تېخى تونۇمىغان كىشىدەك ئولتۇرۇپسىزغۇ!
— سالام بەردىمغۇ؟ ئاندىن «ئىشتىن قايتىپ كەلدىڭىزما؟» دەپ سورىدىمغۇ؟
— نېمىشقا ئورنىڭىزدىن قوزغىلىپ قويمايسىز؟
— سالام بەرگەندىكىن، بەربىر ئوخشاش ئەمەسمۇ؟
— سىزدەك قائىدى ـ يوسۇن بىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن «بەربىر ئوخشاش» بولغىنى بىلەن بىزدەك قائىدە ـ يوسۇن بىلىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئوخشاش ئەمەس ـ تە! بىز ھەرقانچە تونۇمايدىغان ئادەم بولسىمۇ، ئورنىمىزدىن قوزغىلىپ «يۇقىرىغا ئۆتۈڭ» دەيمىز! شۇنداق قائىدە يوقمۇ يا؟...
— ۋاي خۇدايىم،— دېدى خەلچەم ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي،— ھە دەڭە؟ يەنە نېمە ئىش ئاچىڭىزنىڭ كۆڭلىگە كەپتۇ؟
— باقالى بار تەخسىنى ئالدىڭىزغا تارتىۋېلىپ، قۇرۇقدىلىپ قالغان تەخسىنى ئاچامنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟
— ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدىم.
— ئېيتىڭا، ئاچامنى سىز ھۆرمەتلىمىگەن يەردە باشقىلار ئىززەتلەمدۇ؟
— باشقىلارنىڭ نېمە قىلغىنىنى بىلمىدىم.

— ساھىبخانىڭىزمۇ دەسلەپكى چاينى مېھمانلارغا ئۆزى قۇيماي بالىلىرىغا قۇيغۇزغىنى نېمىسى؟ چەينەكنى قولىغا ئېلىۋالغان تۇنىسا دېگەن بىر نېمىمۇ چاينى ھەممىسىنىڭ قاچىسىغا قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە قۇيۇپ، ئاندىن كۆزىگە ئىلمىغاندەك قىلىپ ئاچامنىڭ قاچىسىغا قۇيۇپتۇ. ئېيتىڭا، بۇنىڭغا كىممۇ چىدىيالايدۇ؟ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىززەت - ئابرۇيى بار ئەمەسمۇ؟

— مەن باشقا ئىشلارنى ئۇقمىدىم، — دېدى خەلچەم سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ.

— سىز ئۆتۈپ كەتكەن ھاڭۋاقتى بولغىنىڭىز ئۈچۈن ئاشۇنداق ھېچنېمىنى ئۇقمايسىز! ئۇقسىڭىزمۇ ئۇقماسلىققا سېلىۋالىسىز. ئادەم دېگەنچۇ زېرەك بولۇشى كېرەك!

خەلچەمنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قارىداپ كەتكەندەك بولدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ، قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

— ھە دەڭە؟ ئەمدى مەن «ئەخمەق»، «ھاڭۋاقتى» بولۇپ قالدىما؟ ئىلگىرى مېنى «ئەقىللىق»، «چېچەن...» دەۋاتقاندىڭىزغۇ؟ ھازىر بىر ئۆرۈلۈپلا...، — خەلچەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

راست، ئەخمەت ئۆزىنىڭ شۇنداق گەپلەرنى قىلغانلىقىدىن تېنىۋالمايدۇ.

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپ، ھازىرقىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلچەمنىڭ جۇدۇنى تۇتقاندەك بولدى. ئۇ دىمىغىنى قېقىپ:

— شۇنداقمىش تېخى؟...، — دەپ قويدى ۋە بېشىنى يانغا بۇرۇۋالدى.

ئەخمەتمۇ گەپنى ئۇچۇق قىلىپ:

— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇشۇ يەرگىچە

بولسۇن! — دەۋەتتى.

خەلچەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئەخمەتكە قارىدى. هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەخمەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك قورقۇنچلۇق بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. ئۇ چاندۇرمىغانغا سېلىپ:

— قانداق مۇناسىۋەتكەن ئۇ؟...، — دېدى.

— قانداق مۇناسىۋەت بولاتتى؟ هازىرقى مۇھەببەت ھەم كېيىنكى نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتى بولامدۇ؟ — دېدى ئەخمەت ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ.

لېكىن خەلچەم مۇنداق گەپنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى، توي قىلىمىز دەپ ئويلايتتى. شۇڭا:

— ئەخمەت، توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىرگەن چېغىمىزدىمۇ يات - ياتمۇشۇنداق جېدەللىشىپ قالارمىزمۇ؟ — دېدى. ئاندىن بۇ سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ، — ياق، ئۇ چاغدا ئۇنداق بولمايدۇ! — دېدى.

خەلچەمنىڭ ئاخىرقى گېپى خۇددى باھار شامىلىدەك ئۇنىڭ دەردلىك خىياللىرىنى ئاللىقاياقلارغا، ياخشى ئۆتكەن ئاشۇ گۈزەل، مەنىلىك چاغلارغا ئېلىپ كەتتى.

ئەخمەت بىلەن خەلچەمنىڭ يۈرۈۋاتقىنىغا خېلى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار بۇ جەرياندا كۆپ ھاللاردا بەكمۇ يېقىن، ئىناق ئۆتتى. كۆپ مۇڭداشتى، پىكىرلەشتى. مۇنداق چاغلاردا ئوي - خىياللىرى بىر يەردىن چىقىپ قالاتتى. مىجەز - خۇلقلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. شۇڭا، هازىرغىچە ئارىدا ھېچقانداق قاتتىق - يىرىك گەپلەر بولۇپ باقمىغانىدى. تەييارلىقلار پۈتۈپ قالسىلا، ئالدىمىزدىكى ماي ئېيىدا توي قىلىمىز دەپ يۈرۈشەتتى. بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە ئارىغا مىتە چۈشتى. گەرچە بۇ ئىش باشقىلارغا كىچىك، ئەرزىمەس ئىشلاردەك تۇيۇلسىمۇ، بىر ئىشقا تولىمۇ

ئىنچىكىلىك بىلەن قارايدىغان، قىلنى قىرىق يارىدىغان مىجەزى بار ئەخمەت ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەستى. ئەخمەت كۆڭلى يۇمشاق يىگىت ئىدى.

«ئەخمەت دەسلەپىدە بۇگۈن خەلچەمدىن چوقۇم ئېنىق جاۋاب ئالىمەن . . . مەن ھېلىقىدەك جېنىدىن ئۆتىدىغان گەپنى قىلسام، خەلچەم ئاچچىقىدا بولسىمۇ، بىرەر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتىدۇ!» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئەھۋال ھازىر ئەخمەتنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايۋاتاتتى. ئەكسىچە خەلچەم تولىمۇ بەخىرامان كۆرۈنۈشكە كىرىۋالغانىدى. خېلىدىن كېيىن تېخى ئۇ:

— ھازىر شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئاچچىقىڭىز يانسا، ئۇ گەپلىرىڭىز بىردەمدىلا نەلەرگە كېتەمدىكىن، — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئەخمەت تەنە ئارىلاش.

— مەسىلەن، مەن ھازىرلا سىزنى كۈلدۈرۈۋېتەي دېسەم كۈلدۈرۈۋېتەلەيمەنغۇ؟ شۇنداققۇ؟ . . .

ئۇ شۇ گەپنى دەۋېتىپلا يەرگە قارىۋېلىپ، ئىچ - ئىچىدىن پىخىلداپ كۈلگىلى تۇردى.

بىر قىز ئالدىڭىزدا شۇنچە قاتتىق - يىرىك گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، قىلچە ئاچچىقلانماي، داۋاملىق يېقىملىق كۈلكە سوۋغا قىلىۋاتسا، ئۇنىڭ سىزنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋالامسىز؟ سىزگە «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!» دېگەن سۆزنى دەپ بەرسە ھېساب بولامدۇ؟ قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەشنىڭ خىلمۇ خىل ۋاستىلىرى بارلىقىنى ئەخمەت تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتىدۇ. سۆيگەن قىزىڭىز ئالدىڭىزدا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، جىلۋىلىنىپ تۇرسا، كۆڭلىڭىز سىمابتەك ئېرىپ كەتمەمدۇ؟ . . . ئەخمەتنىڭ كۆڭلى شۇ تاپتا دەل ئاشۇنداق بولۇۋاتاتتى. ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس شېرىن مۇھەببەت قاينىمىغا قايتا كىرىپ

كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەمىسە ماڭا خاتىرە دەپتىرىڭىزنى كۆرسەتمەمسىز؟ — دېدى ئەخمەت چىرايىنى ئېچىپ، — ئۇ خاتىرىدە ئۆزى توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى قىياس بىلەن بىلەتتى. بۇنى خەلچەمنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن بىلىۋالغان، شۇنىڭدىن بېرى ئەخمەتتە ئاشۇ خاتىرە دەپتەرنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى.

بىرپەستىن كېيىن خەلچەم ئەخمەتكە يېقىملىققىنا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— مەن سىزگە بۇ ھەقتە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي بولامدۇ؟ — دېدى - دە، ھېكايىسىنى باشلىدى:

— بۇرۇنقى زاماندا بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل ئۆتكەنىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە تولىمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇلار ھەمىشە بىللە ئوقۇيدىكەن، بىللە ئوينايدىكەن. قىزنىڭ بوينىدا ئېسىۋالغان بىر مارجىنى بولۇپ، بۇ مارجاننى بوينىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىمايدىكەن. باشقىلار كۆرۈپ باقاي دېسىمۇ ئۇنىمايدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ ئۇلارغا قېرىلىق يېتىپتۇ. موماي ئاغرىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كېسىلى ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدىغانغا كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بوۋاينى چاقىرىپ «بوينۇمدىكى مارجاننى ئېلىۋېتىڭ» دەپتۇ، بوۋاي مارجاننى شۇنداق ئېلىۋەتكەنىكەن، موماي بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ مارجان باش بىلەن تەننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مارجان ئىكەندۇق!

خەلچەم ھېكايىسىنى شۇنىڭ بىلەن تۈگەتتى. ھېكايىنى ئاڭلاپ، ئەخمەت تولىمۇ مەيۈسلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ خاتىرە دەپتەرنى كۆرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى.

ئەخمەت باشقىلارنى ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا زورلاشنىڭ ئاقىلانىلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ،

خەلچەمنى خاتىرە دەپتەرنى كۆرستىشكە زورلىــــــمىــــدى.
خەلچەمنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە تىكىلىپ:
— خەلچەم، خاتىرە دەپتىرىڭىزنى كۆرۈپ باقاي دېسەم ئۇنىمىدىڭىز، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ئەمدى ئىككىنچى تەلىپىمنى ئورۇنداڭ. ماڭا بىر پىيالە چاي تۇتۇڭ،— دېدى.
— بۇ يەردە سىــــــزگە قــۇيــۇپ بــەرگــۇدەك چــاي بولمىســا؟ — دېدى خەلچەم يېقىملىق نازلىنىپ تۇرۇپ. ئۇ كىيىم ئاسقۇچتىن پەلتوسىنى ئېلىپ كىيىپ، ياغلىقىنى بوينىغا تاشلىغاندىن كېيىن ئەخمەتكە قاراپ تولىمۇ يېقىــــملىـــق تەلەپپۇزدا:
— يۈرۈڭ! — دېدى.
— نەگە؟ — دېدى ئەخمەت بىلمەسكە سېلىپ.
— بىزنىڭ ئۆيگە بولمامدۇ؟ بايا سىز چاي قۇيۇپ بېرىڭ، دېدىڭىزغۇ؟ چاينى بۇ يەردە قۇيۇپ بېرەلمەيمەن ـ دە! خەلچەم يېقىملىق بىر خىل قاراشتا ئەخمەتكە قارىدى.
— ئانىڭىز نېمە دەر؟
— ئانام تونۇگونلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىۋاتقان . . .
مەن ئانامغا: «مەن ئەخمەتنى سەل رەنجىتىپ قويدۇم ئانا، شۇڭا ناماقۇل بولۇپ، چاي قۇيۇپ بەرگىلــى ئۆيگە باشلاپ ئەكەلدىم» دېســەم، ئانام ھېچــنېمــە دېمەيــدۇ. تېخــى «ئوبدان قىپــسەن قىــزىم!» دەيدۇ. ئانام بۇ سەتنىــــڭ نەرىنــــى ياقتۇرۇپ قالدىكىنتاڭ. خەلچەم ئەخمەتكە قاراپ قاشلىرىنى ھىمىــرىپ چاقچاق قىلىپ كۈلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەخمەتمۇ كۈلۈپ تاشلىدى ۋە:
— بارمايمەن. چۈنكى، نېسىدىن تەلىيىم يوق! — دەپ خۇددى قېيىدىغان بالىدەك يان تەرەپكە قارىۋالدى.
— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟ — خەلچەم شوخلۇق قىلىپ، ئەخمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، بۇ ئەخمەت ئۈچۈن ئاسان

قولغا كەلمەيدىغان ئەپلىك پۇرسەت ئىدى. شۇڭا ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، چاققانلىق قىلىپ «مېنى سۆيۈپ قويۇڭ» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. خەلچەم ئۇنى «يۈرۈڭ» دەپ قولىدىن تارتقىلى ئالدىغا كېلىۋىدى، ئەخمەت چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇچىقىنى ئېچىپ خەلچەمگە ئېتىلدى. خەلچەممۇ بۇ قېتىم بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرمىدى. ئەخمەت ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوتلۇق لېۋىنى ئۇنىڭ تاتلىق لېۋىگە يېقىملىقىنا تەگكۈزدى.

# بىر كېچىدىكى ئۆزگىرىش

ئايشەم بىر دوستى بىلەن ئاۋات كوچىدىكى بىر- بىرىدىن چىرايلىق ماگىزىنلارنى ئارىلاپ، تۈزۈكرەك سودىلىق قىلمىسىمۇ كۆز خۇمارىنى چىقىرىۋېلىپ، هاردۇق يېتىپ ئۆيىگە يانغاندا، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بوپقالغانىدى. شۇڭا ئۇنى كۆرگەنلەر ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپتۇ، دېگەن خاتا ئويغىمۇ كېلىپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۈگۈن ئىشقا بارمىغانىدى. بەزىدە ئۇ ئىشقا بارمىسىمۇ، ئۇنى هېچكىم ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئايالى ـ دە!

ئۇ ئۆيىگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلەي دەپ قالغاندا، كەينىدىن بىر پىكاپ سىگنال بەرگەنچە كېلىپ توختىدى. ئەسلىدە پىكاپ ئۇدۇلىغا قاراپ كېتىۋەرسە تامامەن بولاتتى. لېكىن ئۇنداق بولمىدى، بۇ ئايشەمنىڭ باشلىقىنىڭ ئايالى بولۇپ قالغانلىق خاسىيىتىدىن بولۇۋاتسا كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئايشەم شوپۇرنىڭ «ياخشى» كۆڭلىدىن بىخەۋەر قۇلاققا خۇشياقمىغان سىگنال ئاۋازىدىن بىزار بولدى ـ دە، كەيپى ئۇچقان هالدا ئىتتىك يان تەرەپكە قارىدى.

— ئوهوش، نېمانداق قىلىدۇ بۇ بىرنېمە؟ — دېدى ئۇ.

— ئايشەم هەدە، ماشىنىغا چىقىۋېلىڭ!

— ئايشەم شۇ چاغدىلا پىكاپ ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ هىجىيىپ تۇرغان تونۇش چىراي شوپۇرنى كۆردى. شوپۇرنىڭ

ئىسكەتسىز چىرايىدىن بىر خىل خۇشامەتچىلىك ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئايشەم ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ:

— بولدى ئۇكام، ئۆيگە يېقىن كېلىپ قالدىم ئەمەسمۇ،... رەھمەت سىزگە! — دېدى.

شوپۇر ھەدەپ يېقىنچىلىق قىلىۋاتاتتى:

— ماشىنىغا چىقىۋېلىڭ دەيمەن. ماشىنا بولمىسىغۇ مەيلى، لېكىن ماشىنا بار تۇرۇقلۇق پىيادە مېڭىش ھاجەتسىز - دە! — ئاندىن ئۇ، ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرغان خوجىلىق باشقارمىسىدىكى ئابلىمىتقا قاراپ،— سەنمۇ گەپ قىلغىنا، ئاغزىڭغا زىماتاڭ سېلىۋالغاندەك شۈك ئولتۇرىسەنغۇ؟ — دېدى.

ئابلىمىت بۇ گەپتىن سەل خىجىل بولغاندەك قىلدى. ئاندىن ئايشەمگە قاراپ:

— ماشىنىغا چىقىۋېلىڭ! — دېدى.

ئۇلار شۇنداق دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان يەردە ئايشەم قائىدە - يوسۇن يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى ئويلاپ كۆرمىسە بولاتتىمۇ؟ ئايشەم ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ «بوپتىلا، چىقسامىمۇ چىقاي» دېگەن يەرگە كېلىپ، كۆلۈپ قويۇپ ماشىنىغا چىقىپ، خېلى ئۇزۇن يەرگە بارىدىغان ئادەمدەك بىر ئوبدان ئولتۇردى.

پىكاپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئايشەمنى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا ئەكېلىپ چۈشۈرۈپ قويۇپ كەتتى.

— مەھەممەت، بۇگۇن سەن قالتىسقۇ؟ ئەجەب سېخىيلىقىڭ تۇتۇپ كېتىپتىغۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ئابلىمىت ماشىنىدا كېتىۋېتىپ شوپۇرغا.

— نېمە دەيسەن، دېدى مەھەممەت ئابلىمىتنىڭ گېپىنى ياقتۇرمىغاندەك قىلىپ،— مەن ھەمىشە شۇنداققۇ،

ئېيتقىنا،— ئۇ بىر تىنىۋېلىپ يەنە دېدى،— ئۇنىڭ ئۇستىگە باشلىقنىڭ ئايالى ـ دە.

— ھە؟ سەن باشلىقنىڭ ئايالى دەپ شۇنداق قىلىدىكەنسەن ـ دە، . . . بولمىسا قىلمامتىڭ؟

— ئۇنداق بولمىسىمۇ ماشىنىغا سېلىۋالاتتىم، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئىدارىنىڭ ئادىمى ـ دە!

— بۇنىسى ناتايىن.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە!

ئابلىمىت كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلكە مەھەممەتنىڭ جېنىغا تەگدى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟

— مۇنداقلا كۈلۈپ قويدۇم.

— ياق، سەن مۇنداقلا كۈلۈپ قويىدىغان ئابلىمىت ئەمەسسەن. نېمىگە كۈلدۈڭ؟

ئابلىمىت سەل تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— بىراق سەن ئىدارىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشنى بىلمەيسەن ـ دە!

مەھەممەت چۆچۈگەن ھالدا بۇنى بىلىشكە ئالدىرىدى.

— ئېيتقىنا، نېمە ئۆزگىرىش ئۇ؟ مەن ھېلىراقتىلا يولدىن كەلگەن تۇرسام، ئىدارىدىكى ئۆزگىرىشنى نەدىن بىلەي؟ ئىدارىدىن چىقىپ كەتكىنىمىزگىمۇ مانا توپتوغرا بىر ھەپتە بولدى. بۇ جەرياندىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەلۋەتتە بىلمەيمەن ـ دە!

— باشلىق ئالماشتى. يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئىدارە باشلىقى پېنسىيىگە چىقتى. ئۇنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدىن يېڭى باشلىق كەلدى. بۇ تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىكى ئۆزگىرىش. . .

مەھەممەتنىڭ شۇئان چىرايى تۇتۇلۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ماڭا بۇرۇنراق دېسەڭ بولماسمىدى؟
— بۇرۇنراق بىلگەن بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟
مەھەممەت قىلچە ئويلىنىپ تۇرمايلا:
— بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، بۇ ھازازۇل خوتۇننى ھەرگىزمۇ ماشىنامغا سالمايتتىم.
— مانا بايا دېمىدىممۇ، سەن ئۇنى باشلىقنىڭ ئايالى دەپلا شۇنداق قىلغان. مېنىڭ پەرىزىم خاتا چىقمىغاندۇ؟
— راستىمنى ئېيتسام، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئەلۋەتتە ماشىنامغا سالمىغان بولاتتىم - دە.
— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، ئادەم بالىسى ئۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ.
— ئەمىسە سەن دەپ باققىنا؟ بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ماشىنامدا يېڭى باشلىقنىڭ ئايالى ئولتۇرامدۇ ياكى مۇشۇ ۋاتىلداق خوتۇن بۇرۇنقىدەك چوڭچىلىق قىلىپ يەنە ئولتۇرۇۋېرەمدۇ؟
بۇ گەپكە قارىتا ئابلىمىتنىڭ جانغا تەگكۈدەك قىلىپ باشقا گەپلەرنى دېگۈسى بار ئىدى. بىراق ئۇ «سۇنى سەپ سىڭار بىر يەرگە» دېگەننى ئېسىگە ئېلىپ، گەپمۇ قىلماي ئۇدۇلىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى.
ئايشەم ئۆيگە كىرگەندە ئەتىگەن ساقلا قالغان ئېرىنىڭ ئاغرىمىغان يەرلىرى ئاغرىپ، قىزىمىغان يەرلىرى قىزىپ ئاللا - توۋىغا چۈشكەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئەمىلىدىن قالغانلىق توغرىسىدىكى ھېلىقى ئۇقتۇرۇش ھار كېلىپ، بۇگۈن بىردىنلا جىن ياماشقاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنداق تېز ئەمەل تاجىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. تېخى ئۆز كۆڭلىدە: «مەن خېلى يىللارغىچە ئىشلەيمەنغۇ؟» دەپ ئويلايتتى. لېكىن، بىر ئۇقتۇرۇش بىلەنلا ھەممىدىن ئايرىلىپلا

قالدى.

ئايشەم كارىۋاتتا يېتىپ ئىڭراۋاتقان ئېرىدىن ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— نېمە بولدىڭىز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— پەقەت تاۋىم يوق، بەدەنلىرىم سىرقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ، قىزىپ كېتىۋاتىمەن.

ئايشەم بىرئاز تۇرۇۋېلىپ:

— ئىككى مىنۇت ئىلگىرى ئۇقىقان بولسام، سىزنى مەھەممەتنىڭ ماشىنىسىدىلا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېلەركەنمەن؟... — دېدى.

ئىدارە باشلىقى بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— نېمە؟ سىز ئۇنىڭ ماشىنىسىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، شۇ ماشىنىدا ئولتۇرۇپ كەلدىم، — دېدى ئۇ، — مەن يولدا كېلىۋاتسام، مەھەممەت يېنىمدا توختىدى. ئاندىن ئۇنىمىغىنىمغا قويماي، مېنى ئىشىك ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. ئۇ ئابلىمىت بىلەن بىللە كېلىۋېتىپتىكەن، — دېدى.

ئايشەمنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئېرى دېدى:

— ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالتۇندەك تېپىلغۇسىز بالا. ئەتراپىمدا خۇددى پەرۋانىدەك يۈرىدۇ.

— ھەقىقەتەنمۇ شۇنداقكەن! — ئايشەم ئېرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

بۇلارنىڭ گەپلىرى مەكتەپتىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ، بوسۇغىدا پەيدا بولغان بالىسى تۇيغۇننىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. تۇيغۇن بەك ئەقىللىق، چېچەن بالا ئىدى.

— ئۇمۇ دادامنىڭ پىنسىيىگە چىققانلىقىنى ئۇقسا، بىر دەمدىلا ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ تېخى؟ بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ! — دېدى ئۇ پوپكىسىنى ئېسىۋېتىپ.

— قوي ئۇ گېپىڭنى! — دېدى دادىسى ئوغلىغا قاراپ قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە! — دېدى ئايشەم خۇددى زەردە قىلغاندەك قىلىپ.

تۇيغۇن يەنە بىر نېمە دېمەكچىدىيۇ، ئاغزىغا كېلىپ قالغان گەپنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە باشلىقنىڭ كېسىلى ئۆزگىرىپ، دوختۇرخانىغا ئاپارمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇھال ئايشەمنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇ ئېرىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئۈچۈن مەھەممەت شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقماقچى بولۇۋىدى، بۇ چاغدا ئېرى:

— تۇيغۇن چىقىپ دەپلا قويسا بولمامدۇ؟ ئۇ ئاڭلىسىلا قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، يۈگۈرۈپ كېلىدۇ، — دەپ ئايشەمنىڭ ئالدىنى توستى.

مەكتەپكە ئالدىراۋاتقان تۇيغۇن ئىچىۋاتقان چېيىنى قويۇپ، ئالدىراپ - تېنەپ مەھەممەت شوپۇرنىڭ قېشىغا چىقتى.

مەھەممەت شوپۇر ئاخشام ئىچكەن هاراقتىن تېخى دېگەندەك يېشىلىپ بولالمىغانىدى. ئۇ: «ياق بولمايدۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، بۇ گەپ تۇيغۇنغا ئانچە ئېغىر كەلمىگەنمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇ تۇيغۇننى تونۇمىغانغا سېلىپ:

— كىمنىڭ بالىسى سەن، داداڭنىڭ ئېتى نېمە؟ — دېدى.

بۇ گەپ تۇيغۇننىڭ يۈرىكىگە بىگىز سانجىغاندەك قاتتىق تېگىپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلدى.

ئۇ يىغلىغۇدەك بولۇپ كەينىگە ياندى. ناۋادا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ چىرايىغا يامراپ كەتكەن خاپىلىق تۇمانلىرىنى كۆرمىگەن بولسا، تۇيغۇننىڭ دەپ كىرگەن گەپلىرىگە تېخى ئىشەنمىگەنمۇ بولاتتى.

ئەمدى ئەھۋال ئايشەم ئۆزى چىقىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ

دەپ باقمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. چۈنكى، بالا دېگەن بەربىر بالا ـ دە، ئۇنىڭ گېپى چوڭلارنىڭكىدەك ھەممە يەرگە ئۆتىۋەرمەيدۇ ـ دە، تېخى بەزىدە چوڭلارنىمۇ گېپى ئۆتمەيدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ. «بايىلا ئۆزۈم چىقىدىغان يەردە ئىدى» دېگەننى خىيالىدىن كەچۈرگەن ئايشەم خۇددى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئىتتىك مېڭىپ مەھەممەت شوپۇرنىڭ قېشىغا چىقتى ـ دە:

— ئۇكام مەھەممەت، رەجەپ ئاكىڭىزنىڭ زادىلا تاۋى يوق، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ ئاللا ـ تۇۋا دەپ كېچىچە بىزنى ئۇخلاتمىدى، شۇڭا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقايلىمىكىن دەيمەن،— دېدى ئۇ تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن.

— ماشىنىنىڭ ئىشى بار! — دېدى مەھەممەت قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. ئەسلىدىمۇ قارىراق كەلگەن چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى.

ئايشەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇددى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، بىردەم شۈك بولۇپ قالدى. ئاندىن:

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ،— دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن يېلىنغانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بىلىپ قويۇڭ! — دېدى مەھەممەت كۆرەڭلىگەن ھالدا ئايشەمگە مىختەك قادىلىپ،— ماشىنا دۆلەتنىڭ ماشىنىسى، كىم خالىسا شۇ ئولتۇرىدىغان شەخسنىڭ كۆتەك ھارۋىسى ئەمەس.

ئايشەم كۆڭلىدە: «... بىردەمنىڭ ئىچىدىلا نېمە بوپكەتتى بۇ جاھان؟ بۇ بىر نېمىگە بۇگۈن نېمە بوپتۇ، ئەجەب غەرەز ئۇقمايدىغان بىر نېمىكەنە؟...» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئويلىغانسېرى بېشى خۇددى تۈگمەن تېشىدەك پىرقىراپ كەتتى ـ دە، ئۆيىگە قانداق قايتىپ چىققانلىقىنى بىلمەي قالدى.

ئىدارە باشلىقى: «ئۆزۈم چىقىپ دەپ باقسام، بەلكى ئۇناپ قالار، ھەر قانچە بولۇپ كەتسىمۇ، ئادەم بالىسى بولغاندىكىن بىر كېچىدىلا ئۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتمەس!» دەپ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلىپ، قەدىمىنى ئېغىر ئېلىپ، مىڭ تەسلىكتە شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقتى. تېخى ئۇيەرگە چىققۇچە بىر قانچە يەردە يىقىلىپ چۈشكىلىمۇ تاس قالدى. ئۇ بوش ئاۋازدا:

— ئۇكام مەھەممەت، مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويۇڭ، ناۋادا ئىشىڭىز بەك ئالدىراش بولسا، مېنى ئاپىرىپ قويۇپلا قايتىپ كەلسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى.

مەھەممەت شوپۇر شۇ تاپتا خۇددى ئاغزىغا زىماتالىڭ چىشلىۋالغان كىشىدەك بىر ھازاغىچە گەپ قىلماي بۇتتەك شۈك تۇرۇۋالدى.

— شۇنداق قىلامسىز؟ — يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ئىدارە باشلىقى.

بىر چاغدىن كېيىن مەھەممەت شوپۇر ئىدارە باشلىقىغا قاراپ قاتتىق ھۆركىرىدى:

— يەنە نېمە دەيسىز؟ تۈنۈگۈن سىز باشلىق چېغىڭىزدا سىز ئۇچۇن ئىشلىدىم. ئىشلىگەندىمۇ جان تىكىپ ئىشلىدىم. ئەمدى بۈگۈن ئۇ باشلىق ئىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىشلەيمەن. قانداق، بۇنىڭغا چىدىمايۋاتامسىز؟...

مەھەممەت شوپۇر شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئىدارە باشلىقىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى.

ئىدارە باشلىقى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇقۇپ قويۇڭ، مەن ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن سىزدەك بازىرى كاسات باشلىق ئۇچۇن ئىشلىمەيمەن، كىم سىزنى مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالسۇن دەپتىكەن؟...

ئىدارە باشلىقى يۈرەككە بىگىزدەك سانجىلغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تىرىكىدە كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى!...

# بۇ توقۇلغان ھېكايە ئەمەس

«جەسەت يول بويىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان، تىنىقى بار ۋاقتىدىمۇ ھېچكىم ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئويلىمىغان، ياردەم قولىنى سۇنمىغان.»

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» خەۋىرىدىن

مەن بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات بۇ ئىشقا غەزەپلەنگەن بولسامۇ، ئەجەبلەنمىدىم. نومۇس قىلغان بولسامۇ، ئەجەب ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئادەم چىقماپتۇ، دەپ زېھىن - قۇۋۋىتىمنى ئارتۇقچە زايە قىلىش بەدىلىگە ئۇ ھەقتە باش قاتۇرۇپ ئويلاپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدىم...

بەلكى سىز مۇنداق ئىشنى شەھىرىمىزدە تاسادىپىيلا يۈز بېرىپ قالغان ئەھۋال ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋال شەھىرىمىزدە ھەر يىلى دېگۈدەك بىرنەچچە قېتىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ! ئەپسۇس، بۇنىڭغا ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ كارى بولمايدىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان بەزى ئورۇنلارنىڭمۇ، شۇنداقلا خەلقنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىمىز، دەپ ھەمىشە ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرگەن بەزى مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭمۇ كارى بولمايدۇ. تېخى، كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا، كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق ئىشلارغا پەرۋايى

پەلەك! بۇ ئىشلارغا زادى نېمە دېگۈلۈك؟ . . .

ئاڭلىساق، چەت ئەللەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ خادىملىرى كوچىدا يېتىپ قالغان ئادەمنى دەرھال تېگىشلىك ئورۇنغا ئېلىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ نەپرىتىدىنمۇ قۇتۇلۇپ، ھاياتى ئامان قالىدىكەن. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئەلۋەتتە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بولغاندىكىن، ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قولىمىزنى ئۇلارغا مەردلىك بىلەن سۇنۇپ، ئاشۇ بىچارە، ياردەمسىز قالغان كىشىلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالساق، ئۇنىڭ زادى بولمايدىغان نەرى بار؟ . . . ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق، ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەن بۇ ئۇلۇغ، ئالىيجاناب روھنى، قۇياشتەك چاقناپ تۇرىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋەتكەن بولامدۇق؟! . . . بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق؟ . . .

مەن سىلەرگە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، بۇ ھەرگىزمۇ خىيالىي توقۇلغان ھېكايە ئەمەس، ھەقىقەتەن راست بولغان ئىش.

ئالدىنقى يىلى، دېكابىر ئېيىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامالliq كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ بىزنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىمىزگە قايتىشىمىزغا ئون مىنۇت قالغان چاغ ئىدى.

مەن ئىشخانىدا ئاخىرقى بىر ئىشنى قولۇمدىن چىقىرىۋېتەي، دەپ جىددىي ئىشلەۋاتاتتىم. . . مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان خې فامىلىلىك بىر يولداش ئىشىكتىن كىرىپلا:

— سىلەرنىڭ بىر ئادىمىڭلار تالادا ھوشسىز يېتىپ قاپتۇ، قارىغاندا مەست ئوخشايدۇ، ئۇ كېچىچە يېتىپ قالسا، مۇنداق سوغۇقتا چوقۇم جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ «سىلەرنىڭ بىر ئادىمىڭلار» دېگەن سۆزى يۈرىكىمگە خۇددى خەنجەر بىلەن ئۇرۇلغاندەك قاتتىق تەگدى. بۇ شۇم خەۋەردىن يۈرىكىم خۇددى بېغىشىدىن ئايرىلىپ

كېتىدىغاندەك قارتتىدە قىلىپ قالدى.

— ئېنىقراقىنى دەڭا، قەيەردە يېتىپ قاپتۇ؟— دېدىم مەن جىددىيلىشىپ.

— ئىسلام مېھمانخانىسىنىڭ بۇرجىكىدە.

بۇ ماڭا كۈتۈلمىگەن يەردىن بىر ۋىجدان سىنىقى بولۇپ ئالدىمغا قويۇلدى. مەن نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاندىن ئاسقۇدىن قۇلاقچام بىلەن پەلتويۇمنى ئېلىپ چەبدەسلىك بىلەن كىيدىم - دە، ئىشخانىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتىم (كىچىكىمدىن تارتىپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۈمەن مىڭ زىددىيەتلەر بىلەن تولغان، ھېلى ئۇ يەردە ئۇ ئىش، ھېلى بۇ يەردە بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تولىمۇ مۇرەككەپ شارائىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىم ئۈچۈنمىكىن، تا ھازىرغىچە بىرەر يەردە بىرەر ئىش بوپتۇ، دېسە يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆرۈپ باقىدىغان ئادىتىمدىن تېخى قالمىغانىدىم). ئىدارىمىز بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقى كۆپ بولغاندىمۇ تۆت - بەش يۈز مېتىردىن ئاشمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇ يەرگە ھايال قالمايلا يېتىپ باردىم.

«بۇ نېمە ئىش، نېمە كارامەت؟ بۇ شۇنداق كۈپكۈندۈزدە كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا يۈز بېرىۋاتقان ئىشمۇ؟!!» مەن دەسلەپتە ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. لېكىن، ئالدىڭدا رېئاللىق مانا مەن دەپ تۇرسا، ئۇنى كۆرۈپ ئىشەنمەسلىككە نېمە ئامالىڭ بار؟ شۇنداق قارىغىنىمدا، بەستلىك، يوغان بىر ئادەم مەركىزىي شەھەرنىڭ كوچىسىدا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغان ھالدا، پۇت - قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ خۇددى ئادەمزاتسىز جاڭگالدا ياتقاندەك يېتىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى كىشىگە بەئەينى يوغان بىر پارچە مۇز پارچىسىنى ئەسلىتەتتى. قارىماققا ئوتتۇز ياشلاردا بار، ئاق سېرىق كەلگەن بۇ ياشنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاراپ بىردىنلا

ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئاندىن ئاستا ئۇنى چاقىرىپ باقتىم، لېكىن ئۇ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. ئۇنى مىدىرلىتىپ باقتىم، مىدىرلايدىغاندەك ئەمەس. . . دەرقەمدە تۇرۇپ ياردەملەشكۇدەك ئادەم ئىزدەپ ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتتۈم، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ چىرايىغا ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە تەلمۈرۈپ قارىدىم. بىرەرسى كېلىپ ماڭا ياردەملىشىدىغاندەك ئەمەس. يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلىپمۇ قويمىسا، بەزىلىرى كۆزلىرىدىن مەسخىرە قىلىش ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتاتتى - دە، بۇ يەردىن تېزلا كەتمىسە خۇددى بىرسى ئۇنىڭغا ياردەملەشكىن دەپ يېپىشىۋالىدىغاندەك ئۆزلىرىنى دەرھال چەتكە ئالاتتى.

— بۇنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرگىنىمگىمۇ ئالاھازەل ئىككى سائەتتىن ئاشتى، بايا ئۆتۈپ كېتىۋاتسام يېتىپتىكەندۇق، بىرمۇنچە ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلسەم يەنە يېتىپتۇ،— دېدى قىرقىم چاچ، بىر خەنزۇ ئايال يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماڭا.

— ئەسلىدە ئۇلار ئۈچ كىشى ئىدى، قالغان ئىككىسى بۇنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى،— ئېگىز بوي كەلگەن يەنە بىر خەنزۇ كىشىمۇ شۇ گەپنى دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى.

مەن ئاستا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ مەستنىڭ پېشانىسىنى ۋە قوللىرىنى تۇتۇپ باقتىم. ھەممە يېرى مۇزدەك توڭلاپ كېتىپتۇ. چىرايىغا زەن سېلىپ قارىسام يۈز - كۆزلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ. مۇشۇ پېتى تاشلاپ قويۇلسا، ئۇنىڭ يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىنلا تىنىقى توختاپ، ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالىدىغانلىقى كۆز ئالدىمدا مانا مەن دەپ تۇراتتى.

«ئۇ بىر ئىنسانغۇ؟ بۇ بىر ئىنساننىڭ بېشىغا ئۆز سەۋەنلىكى بىلەن تۇيۇقسىز كېلىۋاتقان ئىشقۇ؟ . . . دېمىسىمۇ بىر ئىنسان بىر تۆشۈكتىن چىقىپ، يەنە بىر تۆشۈككە كىرگۈچە

بۇ ئالەمدە نېمە كۈنلەرنى كۆرمەيدۇ؟ نېمە دەردلەرگە ئۇچرىمايدۇ؟ شۇنداق ئىكەن، بۇ بىر ئىنساننى قاراپ تۇرۇپ توڭلىتىپ قويساق بولامدۇ؟ . . . » دېگەنلەرنى ئازاب ئىچىدە ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئويلىدىم. بىراق، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتا كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟ . . .

بىر چاغدا توساتتىنلا قۇلاق تۈۋىمدە: « . . . دەرھال بېرىپ ساقچىلاردىن ياردەم سورا، ئۇلار ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ» دېگەن سادا ئاڭلانغاندەك بولدى ـ دە، مەن زور ئىشەنچ بىلەن دەرھال شۇ يەرگە باردىم.

پاھ، نېمىدېگەن كۆپ ساقچى بۇ، ئادەتتە مۇنداق چاغدا بۇ يەردە كۆپ بولمايتتىغۇ؟ — بۇمۇ بەلكى تەلەيىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى بولسا كېرەك، قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىشى ئانچە ئالدىراشمۇ ئەمەستەك قىلاتتى، بەزىلىرى قارتا ئويناۋاتسا، بەزىلىرى ئۇلارنى چۆرىدىۋېلىپ تاماشا كۆرۈشۈۋاتاتتى، تېخى نېرىسىدا ئۆزئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ تۇرغانلارمۇ بار ئىدى. مەن ئۇلارغا بايا كوچىدا كۆرگەنلىرىمنى ئېيتىپ ئۇلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلدىم. بىراق، ئۇلار گېپىمگە نېمىشقىدۇر قۇلاق سېلىشمىدى. قىسقىسى، ھەممىسىنىڭ پەرۋايى پەلەك، پىسەنت قىلىشمىدى، ھەتتا تېخى بەزىلىرى شۇنچە ئېچىنىشلىق گەپلەرنى دەۋاتساممۇ تۇرغان تۇرقىنىمۇ ئۆزگەرتىپ قويماي، بۇرۇن قانداق تۇرغان بولسا ھېلىھەم شۇ پېتى تۇرىۋەردى. مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ «بۇگۈن بۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ . . . » دېگەنلەرنى ئويلىدىم. مەن ئەسلىدىمۇ بىر ئىشنى ئاسانلا كۆڭلىگە ئېلىپ كېتىدىغان ئادەم بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، بۇ ئىش ماڭا بەكمۇ ھار كېلىپ، ئۆتۈم تېشىپلا كەتتى:

— ھوي، مەن سىلەرگە گەپ قىلىۋاتىمەن، — پىيالىدەك كۆزلىرىمنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدىم.

— نېمە بولدى؟ — باشلىقتەك كۆرۈنگەن بىرسى ئېرىنچەكلىك بىلەن مەن تەرەپكە قاراپ خۇشياقمىغان قىياپەتتە سورىدى.

مەن ئېرىنمەي ئەھۋالنى باشقىدىن تونۇشتۇردۇم:

— ئاۋۇ يەردە بىر مەست كوچىدا يېتىپ قاپتۇ، تېزدىن قۇتۇلدۇرۇۋالمىساق، ئۆلۈپ قېلىش خەۋپى بار، ياردەم قىلىڭلار.

— قەيەردە؟ — ئۇ ماڭا رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا سورىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويمىغانىدى.

— ئىسلام مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدا، — مەن چاقماق تېزلىكىدە جاۋاب بەردىم. ئاندىن ئۇ ماڭا بىر قىسما قارىدى.

مەن ئۇنىڭ گېپىمدىن ئاسانلا قوسۇر چىقىرالماسلىقى ئۈچۈن: «يولنىڭ مۇشۇ تەرىپىدە» دېگەننى ئالاھىدە تەلەپپۇزدا قېتىپ قويدۇم.

— ئۇيەر بىزگە تەۋە ئەمەس، شۇڭا سەن بېرىپ شۇ تەۋەدىكى ساقچىلارغا ياكى خەلق ئىشلار بۆلۈمىدىكىلەرگە ئېيت، شۇلار ياردەم قىلسۇن، — ئۇ ماڭا تولىمۇ توڭلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ئۇنىڭ گەپلىرى شۇتاپتا ماڭا غەلىتە، تېتىقسىز تۇيۇلدى. مەن ئىچىمدىمۇ، تېشىمدىمۇ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، زەردە بىلەن دېدىم:

— يولنىڭ شىمالىي تەرىپى نېمىشقا سىلەرگە تەۋە بولمايدىكەن، مەن مۇشۇ ساقچىخانا تەۋەلىكىدە ئاھالىلەر سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى سىناق قىلىپ تارقىتىش خىزمىتىگە قاتناشتىم، سىلەردىن يۆتكىلىپ كەتكەن سۇك جىنشىن بىلەن مۇشۇ ئەتراپتا كېچىنى كېچە دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي ئىشلىگەنلىرىم يادىڭلاردىن كۆتۈرۈلۈپ قالمىغاندۇ؟ شۇڭا بۇ مەن بىلمەيدىغان تەۋەلىك ئەمەس، ئۇ يەرنىڭ سىلەرنىڭ

تەۋەلىكىڭلار ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاۋۋال ماڭا، ئاندىن بىر ـ بىرىگە قارىشىۋېلىپ، زۇۋان سۈرمەي، جىم بولۇۋېلىشتى.
مەن تاقەتسىزلىنىۋاتاتتىم. ئۇلارنىڭ مۇنداق جىم تۇرۇۋالغىنىغا، تېخىمۇ ئۇچۇقراقىنى ئېيتقاندا، خەلق ساقچىسى سالاھىيىتىگە لايىق پوزىتسىيە تۇتمايۋاتقانلىقىغا ئاخىر زادى چىداپ تۇرالمىدىم:
— سىلەرنىڭ خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز دېگىنىڭلار نەگە كەتتى؟! — بۇ سۆزلىرىم ئۇلارغا بىر ئاز ئېغىر كەلدى بولغاي، ئۇلار تېخىمۇ شۈكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇلار ئويناۋاتقان قارتىلىرىنى، دېيىشىۋاتقان قۇرۇق پاراڭلىرىنى ئاستا يىغىشتۇرۇپ، ئىشخانىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كەتكىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئىچىم تىتىلداپ كەتتى.
— قانداق قىلىسىلەر؟ — مەن ئىشخانىدا قالغان ھېلىقى باشلىقتەك كۆرۈنگەن ساقچىدىن سورىدىم.
ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تازا بىر تىكىلىپ قارىۋېلىپ:
— سەن زادى بىزنى نېمە ئىش قىلىپ بەر دەيسەن؟ — دېدى.
گېپىنىڭ ئۇرانىدىن ئۇنىڭ ھېچبىر ئىش قىلىپ بەرگۈسى يوقلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى.
— مەن سىلەردىن باشقا ئىش تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، پەقەت ئاشۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىۋاتقانلارغا دېيىشىپ بەرسەڭلار، ئۇلار تالادا يېتىپ قالغان ئۇ ئادەمنى (ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا نېمىشقىدۇر مەست دېگۈم كەلمىدى) ئىسسىقراق يەرگە ئەكىرىپ، سەل ـ پەل ئېسىگە كەلتۈرۈۋېلىشىمغا ياردەم قىلسا دەيمەن! — دېدىم.
— بۇ گېپىڭنى ئۇلارغا ئۆزۈڭ دە! — دېدى ئۇ.
مەن بۇلارغا ئاغزىمنى ئۇپرىتىپ، گېپىمنى

ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بەرمەكچى بولدۇم. بۇنداقتا ھەم ئىشنى ئاسان ھەل قىلغىلى، ھەم بۇ ساقچىخانىدىكىلەر ئۈستىدىن شىكايەت ئورنىدا ئىككى ئېغىز ەپ قىلىشقالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇ يەردىن كىمنى ئىزدەيمەن، نېمە دەيمەن؟ — دەپ تۇرۇپلا ئۇنداق قىلمىدىم. ئويلاپ باقسام ئۇ يەردە بىرەر تونۇشۇممۇ يوق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرىنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ شۇ ئەسنادا شەھەردە ئۆزىنى تۆتىنىڭ بىرى دەپ ئاتايدىغان بىر ئەمەلدار ئاغىنەمنىڭ بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شەھەرلىك پارتكومغا تېلېفون بەردىم. بۇلارنى قەستەن ئاڭلىسۇن دەپ، «سىز شەھەرلىك پارتكوم باش ئاپپاراتىمۇ؟ دېگەندەك گەپلەرنى ئالاھىدە تەلەپپۇزدا دېدىم. باش ئاپپارات تېلېفوننى تېزلا ئۇلاپ بەردى. مېنىڭ نەگە، كىمگە تېلېفون بېرىۋاتقانلىقىمنى ھېلىقى ساقچىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلالمىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئاخىرىدا:

— شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرگە ئېيتىپ قويساڭ، ئۇلار ساقچىخانىدىكىلەرگە بۇ ئىشنى بۇيرۇق تەرىقىسىدە تاپشۇرسا، — دېگەن تەلەپنى قويدۇم.

مېنىڭ بۇ تەلىپىم ھەققانىي ئىدى، ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە تەلەپ ئەمەس ئىدى.

— مەن ئۇ ساھەنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ئەمەس، مېنىڭ مەسئۇل بولغان ساھەم باشقا، شۇڭا گەپ قىلساممۇ ئۇلار بەرىبىر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ.

مېنىڭ تەلىپىم يەنە بىر قېتىم رەت قىلىندى. تېلېفون تۇرۇبكىسىنى ئاچچىقىمدا تاشلىۋەتكۈدەكلا قويۇۋېتىپ، ۋىجدان بۇيرۇقى، تەخىرسىزلىك تۈيغۇسى گەجگەمدىن ئىتتىرىپ ھېلىقى يەرگە قاراپ چاپتىم.

بىراق، بۇ قىش ـ زىمىستان كۈنلەردە قار ـ مۇز قاپلىغان يوللار بەكمۇ تېيىلغاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ يېشىم ئەللىكتىن هالقىپ، سالامەتلىكىممۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئادەم بولغىنىم ئۈچۈن، ماڭغانسېرى گويا پۇتۇم كەينىگە كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ ئاران دېگەندە باردىم. قارىسام هېلىقى مەست ئادەم ئۆز جايىدا بۇرۇنقىدەكلا يېتىپتۇ. ياخشىلىق تەرەپكە تارتىدىغان هېچقانداق ئالامەت يوق.

«زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ نادان ئىنسان بالىسى قاراپ تۇرۇپ مۇشۇ يەردە بىهۇدە ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ . . .» ئويلاپ بېشىم قېتىپ تۇرغىنىمدا، خۇددى كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە تېۋىپ ئۆزى كەپتۇ، دېگەندەك، بىر قاراشتىنلا ياخشى ئادەملىكى چىقىپ تۇرغان ئېگىز بوي، ئورۇقراق كەلگەن، قاڭشارلىق بىر ئادەم يېنىمغا كېلىپ قالدى. تەقى ـ تۇرقىدىن قارىغاندا بۇ ئادەم مۇشۇ ئەتراپتا قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان ئىشچىدەكلا قىلاتتى. مەن بۇ ئادەمگە قاراپ نېمىدەپ گەپ ئېچىشىمنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا ئۇ ئۆزى گەپ قىلىپ:

— بۇ كىشىگە چاتاق بولىدىغان بولدى، — دېدى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە ماڭا قاراپ.

باياتىن بېرى مۇنداق ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەمنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. مەن خۇددى گۆهەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم.

— سىلەر قايسى شىركەتتىن؟ — ئۇ كىشىدىن سورىدىم مەن.

— بىز ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ شىركەتنىڭ بىرىنچى ئەترىتىدىن.

— سىزنى نېمىدەپ چاقىرساق بولىدۇ؟

— ۋاڭ ئۇستام.

— ۋاڭ ئۇستام، سىز مۇشۇ يەردە دىجورنىلىق قىلىۋاتقان

ئوخشىمامسىز؟
— ھەئە.
مەن بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ:
— ۋاڭ ئۇستام! — دېدىم مەن بۇ ئالىيجاناب ئۇستامنىڭ ياخشى كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ، — بۇ ئادەمنى سىلەرنىڭ دېھورنىلىق ئۆيۈڭلارغا ئەكىرىپ، ئازراق ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ قويساق ئوڭلىنىپ قالاتتى، ياردەم قىلالامسىز؟...
— ياردەم قىلىشنىغۇ قىلىمەن. لېكىن، بۇ ئىشنى ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمىسەك بولمايدۇ. ئۇ قوشۇلسا ئاندىن قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ ئۇستام.
ئۇ راست گەپنى قىلغانىدى. مەن ۋاڭ ئۇستام بىلەن قوزۇلۇش ئورنىغا كىرىپ، ۋاڭ باشلىقنى تاپتىم.
— نېمە گەپتى؟ ماۋۇ يەردە سۆزلىشەيلى! — دەپ ۋاڭ باشلىق مېنى دېھورنىلىق ئۆيىگە باشلاپ ئەكىردى. ئۆي ئىچى كەڭرى، ئازادە بولۇپ، مەشتە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يوغان چويۈن مەشنى قىپقىزىل چوغقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. مەن ئىچىمدە «مانا بۇ يەر تازا لايىقكەن» دەپ ئويلىدىم. ۋاڭ باشلىق مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن ماڭا باشتىن - ئاياغ بىر قارىۋېتىپ، مەندىن سورىدى:
— ئۇ سىزنىڭ تۇغقىنىڭىزمىدى؟
— ياق!...
— سىز تونۇيدىغان ئادەممىدى؟
— ئۇنداقمۇ ئەمەس، مەن ئۇ ئادەمنى بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغان!
ئۇنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. ئاندىن ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغاندەك يەنە سورىدى:
— ئەمىسە؟...
مەن گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا، دەپ جايىدا تەگكۈزۈپ:

— ۋاڭ باشلىق، ئويلاپ باقمامسىز؟ ئۇمۇ ئادەمغۇ؟ ئۇنىڭ هاراق ئىچكەندىن باشقا زادى نېمە گۇناهى بار؟ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرساق بولماس؟! — دېدىم مەن.

بۇ گېپىمنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈمدە مۆلچەرلىدىم.

ۋاڭ باشلىق خىيال سۈرۈپ بىرئاز تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن مەندىن ئىدارەمنى سورىدى. مەن يانچۇقۇمدىن كىنىشكامنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئۇ كىنىشكامنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— سىز ھەقىقەتەنمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەمكەنسىز، بولمىسا بۇ كۈندە كىم بىلەن كىمنىڭ كارى. . . سىز بىزنى ياردەمگە چاقىرغان يەردە بىز سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلۇپ، بۇ ئىشنى سىز دېگەندەك قىلساقمۇ بولىدۇ، بىراق. . .

ۋاڭ باشلىق گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. مەن بىرئاز جىددىيلىشىپ:

— ۋاڭ باشلىق، نېمە گەپ بولسا دەۋېرىڭ، مەسلىھەتلىشىپ ئىش كۆرسەك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

ئۇ بىردەمدىن كېيىن كۆڭلىدىكى گېپىنى ئوچۇق ئېيتىپ:

— كېيىن ئۇ ئادەمنى بىزگە تاشلاپ قويماي، ئۆزىڭىز ئېلىپ كېتىسىز! — دېدى.

مەن ۋاڭ باشلىقنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولدۇم.

ۋاڭ باشلىق ماڭا بۇ ئىشتا ياردەملىشىشكە ۋاڭ ئۇستامدىن بۆلەك دىڭ ئۇستامنىمۇ قوشۇپ بەرگەنىدى. بىز ھېلىقى مەست ئادەمنى ئىككىمىز قولىدىن، بىرىمىز پۇتىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ، بەزىدە سۆرەپ دېگۈدەك مىڭ تەسلىكتە دىجورنىلىق ئۆيىگە ئەكىرىۋالدۇق. شۇ چاغدىلا مېنىڭ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى. بۇ چاغدا چىرايىمدىكى بايىقى قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە

ئۈچىنىش ئالامەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە ئاستا - ئاستا بىر
ئۇبدان خاتىرجەملىك، خۇشاللىق ۋە كىشىلەردە بولىدىغان
ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ياخشى ئىشىدىن پەخىرلىنىشتەك بىر خىل
ئىپادە ئىگىلەشكە باشلىغانىدى.

مەشتە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. تالادا قەھرىتان سوغۇق
بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆي كۆڭلەكچان ئولتۇرغۇدەك دەرىجىدە
ئىسسىق ئىدى. بىز ئۇنى مەشتىن نېرى بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ
ئوڭدىسىغا يانتۇزۇپ قويدۇق. مانا مۇشۇنداق قىلىپ بۇ نادان
ئىنسان ئەمدى خەتەردىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلىدىغان بولدى.
ئەمدى ئۇ نېمىلا قىلغان بىلەن بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، دەپ
بىر - بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىپ، يېنىككىنە ھۇزۇرلىنىپ
كۇلۇشۇۋالدۇق. بۇ ئۆز - ئۆزىمىزچە غەلىبە تەنتەنىسى
قىلغىنىمىز ئىدى. دېمىسىمۇ شۇ - دە! بىر ئىنساننىڭ
خەتەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆلۈم گىردابىدىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىغا
قايسىبىر ئىنساننىڭ كۆڭلى خۇش بولمايدۇ.

خېلىدىن كېيىن بەدىنىگە ئاستا - ئاستا ئىسسىق ئۆتۈپ،
تېنىگە بىر ئاز جان كىرىپ قېلىۋاتقان ھېلىقى ئادەم بىر چاغدا
پۇت - قوللىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاتقىلى تۇردى.
بۇ ئۇنىڭ گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كېلىپ، ھاياتلىققا قەدەم
قويۇۋاتقانلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. بۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ
قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. مەن
ۋاڭ ئۇستام بىلەن دىڭ ئۇستامغا كۇلۇپ تۇرۇپ:

— ئەمدى بۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزايلى! — دېدىم.

بىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى مەش تەرەپكە سەل - پەل
يېقىنراق قويۇپ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدۇق. شۇ چاغدىلا
مەن «دۇنيادا مەست ئادەمنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇشنىمۇ
تەس ئىش بولمىسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ ئورۇندۇقتا
ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان بولۇۋېلىپ، يىقىلىپ چۈشۈشكە

تاس ـ تاس قالاتتى. مەن ئۇنى يىقىلىپ كەتمىسۇن، دەپ ئارقا تەرەپتىن ئورۇندۇق بىلەن قوشۇپ چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن چىقىۋاتقان ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇراقلىرى كۆڭۈلنى ئېلەشتۇرۇپ، كىشىنى سەسكەندۈرۈۋېتەتتى. مەن ھەدەپ ئۆزۈمنى قاڭسىق پۇراقتىن چەتكە قاچۇراتتىم، جاھاندا مۇنداق پۇراقتىن سەسكەنمەيدىغان، ئۆزىنى نېرى قاچۇرمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ چۈنكى، بۇ شۇنداق بىر ئالەمكەن!... خۇدا ئۇنىڭغا قايتىدىن جان بېرىۋاتقاندەك ھېلىقى مەست ئادەم بىر چاغدا ئاستا كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن پىيالىدەك يوغان كۆزلىرى تولىمۇ جانسىز، يېقىمسىز پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئەمدى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدىن كۆپۈك ـ پوتلا ئېقىپ چىققىلى تۇردى. ئىچىم ئېلىشىپ، قۇسقۇم كېلىپ، ئۆزۈمنى نەگە قاچۇرۇشنى بىلەلمەيلا قالدىم. سائەت يەتتىدىن ئېشىپ كەتتى. ھاۋا سوغۇق، يول تېيىلغاق بولغاچقا ئۆيۈمدىكىلەر مەندىن ئەنسىرەپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ، كېسەلچان ئايالىمنىڭ شۇ تاپتا ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، يولۇمغا قاراپ كۆزى تۆت بولۇۋاتقاندۇ...

شۇنداقتىمۇ ھېلىقى مەست ئادەمنى مۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ كېتەلمەيتتىم. ئەگەر كېتىپ قالسام، ئوغۇل بالىچىلىق قىلمىغان، لەۋزىمدە تۇرمىغان بولۇپ سانىلاتتىم. لەۋزىدە تۇرمىغان ئادەمنىڭ ئىناۋىتى، يۈز ـ ئابرۇيى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشچىلارغىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن ـ دە!

بۇ يەردە مۇشۇ ھالەتتە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. ئەمدى ئۇنى بۇيەردىن ئېلىپ كېتىش كېرەك ئىدى. مۇنداق قىلغاندا بۇ ياخشى ئىشنىمۇ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتۇرغۇدەك ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغىلى ھەم ئۆيدىكىلەرنى ۋاقتىدا

خاتىرجەم قىلغىلى بولاتتى.

— ۋاڭ باشلىق، مەن بۇ ئادەمنى ئېلىپ كېتەي دەۋاتىمەن، ماڭا ئىككى ئادەم بىلەن بىر قول هارۋىسى بېرىپ تۇرۇڭ! — دېدىم.

— نەگە ئېلىپ كېتىسىز؟ — باشلىق هەيران بولۇپ مەندىن سورىدى، مەن ئىللىق چىراي بىلەن:

— ئائىلىلىكلەر قورۇيمىزنىڭ دىجورنىلىق ئۆيىگە!

ۋاڭ باشلىق مۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن ماڭا هېلىقى ئىككى ئۇستام بىلەن بىر هارۋىنى بېرىپ تۇردى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. دېمەك، ئۇ قولىدىن كېلىدىغانلا ياخشىلىقنى، ياردىمىنى ئايىماۋاتاتتى. «ياخشى كۆڭۈلنى ئالتۇنغىمۇ تېگىشكىلى بولمايدۇ» دېگەن مۇشۇ گەپكەن - دە.

ئۇچىمىز هېلىقى مەست ئادەمنى خېلى جاپا بىلەن دىجورنىلىق ئۆيىدىن ئاچىقىپ، قول هارۋىسىغا پەم بىلەن ياتقۇزدۇق. مەن هارۋىنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇنى ئۇستىدىن بېسىپ تۇردۇم. دىڭ ئۇستام هارۋىنى سۆرىدى. ۋاڭ ئۇستام كەينىدىن ئىتتىرىپ ماڭدى، بىز يولنى شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇردۇق. مەستلىكتىن ئاز - تولا يېشىلىپ قېلىۋاتقان بۇ ئادەم هارۋىدىن بېشىنى، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنى هېلى ئۇيان، هېلى بۇيان تاشلاپ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇردى. «تەڭرىتاغ» مېهمانخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، دۆڭلۈككە ئۇلاشقاندا خۇددى بىز بىلەن قېرىشقاندەك قىلىپ تېخىمۇ شۇنداق قىلدى. بىر تەرەپتىن هارۋىنى دۆڭگە تارتىشنىڭ تەسلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۇزلۇكسىز ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇشى بىزگە بەكمۇ جاپا، بەكمۇ ئەلەم قىلدى. . . «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دېگەن مانا شۇ!

ئەسلىدە مەن ئۇنى دىجورنىلىق ئۆيىگە ئەكىرىپ قويسام،

ئۇيەردە ئۇخشالغۇچە يېتىپ تۇرامدۇ؟ دەپ ئويلىغان. ئويلاپ باقسام، ئەس ـ ھوشىغا كېلەلمىگەن بىر مەستنى مۇنداقلا تاشلاپ قويسام بولمايدىكەن. مۇنداق قىلسام دىجورنىلىق ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ ئۇنىمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ.

ئاخىر مەن ئۇنى ئۆزىمىز ئولتۇرۇشلۇق بىنانىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇشنى قارار قىلدىم. بۇمۇ بىر ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن مەجبۇرەن بولىۋاتقان ئىش ئىدى. مەن شۇ پىلان بىلەن ئۆيۈمگە ئاچقۇچ بىلەن سەرەڭگە ئالغىلى كىرسەم، دېگەندەك چوڭ قىزىم بىلەن كىچىك ئوغلۇم مېنى «قاچان كېلەركىن؟» دەپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئايالىم ئۆيدە يوق. سورىسام، سىزنى «ئىزدەپ چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ!» دېمەمدۇ؟ بۇنى ئاڭلاپ تاپىنىمدىن كىرگەن تۈتۈن مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى. بىچارە خوتۇن، بۇ قەھرىتان سوغۇقتا مېنى ئىزدەپ، مەندىن ئەنسىرەپ نەلەردە تەمتىرەپ يۈرىدىغانسەن؟ ئاھ خۇدا، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، خېيىمخەتەر، بالايىئاپەتتىن نېرى قىلغايسەن، ناۋادا ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپ ياكى كۈتۈلمىگەندە بىرەر ئەھۋالغا ئۇچراپ قالسا، مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ ئەمەسمۇ؟ . . . گۇناھ مەندە! بىر مەست بەندىنى قۇتقۇزىمەن دەپ، ساڭا بۇ جاپانى سالدىم.

قىزىم قولىغا سەرەڭگە ئالدى. ئوغلۇم بالكوندىن پالاستەك بىر نېمىنى تېپىپ چىقتى. ئىشىكنى پەم بىلەن ئاچتىم. يەر ئاستى ئۆيىمىزنىڭ تېمپېراتۇرىسى خېلى يۇقىرى ئىدى. شۇڭا مەست ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۇخشىۋېلىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان جاي ئىدى. مەست ئادەمنى ئۇيەرگە ئەكىردۇق، ئاستىغا پالاس سېلىپ، ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدۇق. . . ئۇ گېپىمنى ئۇقتىمۇ، ئۇقمىدىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا:

«مېنى كەچۈرگىن، مەن سېنى بۇ يەرگە سولاپ قويۇپ، سېنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، ھۆرمىتىڭگە تەجاۋۇز قىلىۋاتىمەن،

بولمىسا ماڭا ھېچكىممۇ ھېچقاچان سېنى بۇ يەرگە سولاپ قويۇش ئىشىنى تاپشۇرمىغان، ماڭا مۇنداق ھوقۇقنى ھېچكىممۇ بەرمىگەن. ئاشۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن يەنە ھېچكىمدىن سورىماي، رۇخسىتىنىمۇ ئالماي تۇرۇپ سېنى سولاپ قويدۇم. بۇ جەھەتتە سەن مېنى قانچە ئەيىبلىسەڭمۇ ھەقلىقسەن، چۈنكى سەن بىر مەخلۇق، بىر ھايۋان ئەمەس، بەلكى سەن بىر ئىدراكلىق ئادەمسەن! تۇيغۇغا باي ئىنسان سەن. لېكىن سەن ھازىر شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مەن بۇنى ئىلاجىنىڭ زادى يوقلۇقىدىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن. بۇمۇ پەقەت ئاخىرقى ھېسابتا سېنى قۇتقۇزۇش، ئەركىنلىككە چىقىرىش ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، بولمىسا مېنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن مۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى. ناۋادا مەن سېنى مۇشۇنداق قىلمىسام، سەن ئاللىبۇرۇن بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ ئۇ ئالەمگە كەتكەن بولاتتىڭ. مۇنداق ئىشلار كۆپ بولىدىغۇ؟ . . . » دېدىم.

ئاندىن يەنە بىر تۇرۇپ: «ھوي، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، خۇددى تۆت تامغا گەپ قىلىۋاتقاندەك سۆزلەپلا كېتىپتىمەنغۇ؟ . . . » دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئاندىن مەن يەنە توساتتىنلا «ئۆزۈمنىڭ يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويماي، ئۇ بۇنى سېزىپلا قالسا، باشقۇرۇشۇمغا بويسۇنماي قالىدۇ!» دېگەن يەرگە كېلىپ:

— مۇشۇ يەردەم جىم يات، گېپىمنى ئاڭلاپ جىم ياتساڭ ئۆلمەي قالىسەن، بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن، — دەپ دوق قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدىم.

مەن ھېلىقى ئىككى ئىشچىنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ:

— بۈگۈن سىلەر كاتتا بىر ئىش قىلىۋەتتىڭلار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سۆزدە ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار بىلەن ھەسسە

قوشتوڭلار. سىلەرگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن. مېنىڭدىن ۋالىڭ باشلىقا، پۈتۈن ئەترەتتىكى ئىشچى قېرىنداشلارغا رەھمەت ئېيتىپ قويۇڭلار، — دېدىم ئۇلارنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ھالدا.

مەن ئۆيگە كىرىپ، ئەمدى ئۇھ، دەپ ئولتۇرۇشۇمغا ئايالىم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالماپتۇ، ھېرىپ - چارچىغىنىدىن ھالىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇ مېنىڭ ساق - سالامەت تۇرغىنىمنى كۆرگەندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولدى.

— كىشىنى ئەنسىرىتىپ نەگە باردىڭىز؟ — ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى. مەن بۇ ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم.

توساتتىن يېقىمسىز بىر ئاۋاز قۇلىقىمىزغا كىرىپ قالدى. بۇ ئاۋاز يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن پەسكە چۈشۈپ، ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن ئەتراپىقا چەكچىيىپ قاراپ بىرەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ:

— مېنى بۇيەرگە كىم قاماپ قويدى؟ . . .

مېنىڭ باياتىن بېرى كەلمىگەن ئاچچىقىم قاتتىق كەلدى:

— مەن! — دېدىم - دە، ئاچچىقىمدا مەيدەمگە مۇشتلىدىم. ئۇ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. مەن يەنە سەۋرچانلىق پوزىتسىيىسىدە ئۇنىڭغا قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۆزىنىڭ «قۇتقۇزۇۋېلىنغان مەست» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم.

ئۇ شۇتاپتا مەندىن ئەيمەندىمۇ ياكى قىلغان ياخشىلىقىمدىن دەماللىقا بولسىمۇ ئاز - تولا ھېس قىلىپ يەتتىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئىشقىلىپ، شۇ گەپتىن كېيىن تېزلا مۇلايىملىشىپ قالدى. ئاندىن:

— بەك ئۇسساپ كەتتىم، ئازراق سۇ ئىچىۋالسام

بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ يېلىنىش ئاھاڭىدا.
— ئىچىۋال! — دېدىم مەن.

قىزىم ئۆيدىن چوڭ چىنىدە تولدۇرۇپ سۇ ئاچىقىپ بەردى.

ئۇ سۇنى ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇپ ئىچىۋالغاندىن كېيىن ماڭا «رەھمەت» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

بىر چاغدىن كېيىن ئۇ يەنە ئالىجوقىلىق قىلىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى . . . ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى قوشنىلارنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزدى بولغاي، قەۋەت - قەۋەتلەردىن ئىشىكلەر ئېچىلىپ، ئۇلار باشلىرىنى چىقىرىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراشقىلى تۇردى. بىر چاغدا ئايال بىز بىلەن خېلى يېقىن ئۆتىدىغان قوشنامنىڭ ئەنسىز ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ مەندىن قانچىلىك نارازى بولغانلىقىنى چىرايىنى كۆرمەي تۇرۇپمۇ دەرھال سېزىۋالدىم.

— سىزنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ قاراپ تۇرۇپ غەرق مەست ئادەمنى بۇيەرگە نېمىشقا سولاپ قويىسىز؟ . . . زادى بىزنى ئۇخلىغىلى قويامسىز، يوق؟ — دەپ چالۋاقاپ سۆزلەپلا كەتتى.

مەن ئۇ ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ توڭلاپ قالسا قالامدۇ؟ بىر مەستنىڭ توڭلاپ قالغىنىغا جاھاندا ئادەم ئازلاپ كېتەرمە. ؟ نېمانچە غەم يەپ كېتەتتىڭىز؟ ! . . . بىزنى ئۇخلاتقىلى قويۇڭ!

ئاچچىقىم شۇنداق كەلدى:

— بولىدۇ . . . بولىدۇ خانىم، ئۇيقۇڭىزغا تەسىر يەتكەن بولسا مەن سىز دېگەندەك قىلاي . . . ،— مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ئۆزۈمگە ھاي بەردىم. «ماقۇلغا جاۋاب يوق»

دېگەندەك ئىش قىلدىم. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى مەستمۇ مېنىڭ ئۇلار ئالدىدا تەڭلىكتە قېلىشۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدى بولغاي، دەرھال مېنى ئايىغاندەك قىلىپ، ئۇشۇقچە گەپ قىلماي تۇرۇپلا قالدى. مەن بۇ چاغدا «مۇشۇ جېنىمدا مېنى ئاياۋاتىدۇ ـ ھە؟» دەپ ئويلىدىم. ئاندىن خۇداغا «شۈكۈر!» دەپ ئۇنىڭغا ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ، بالا ـ چاقىلىرىمنى ئېلىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئېسىمدە يوق، بىر چاغدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن يەر ئاستى ئۆيى ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قارىسام، ئۇ بىچارە خۇددى تۇرمىدىكى جىنايەتچىگە ئوخشاش ئىشىكنىڭ تۆمۈر رىشاتكىسىنى تۇتقان پېتى سىرتقا قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ، ۋۇجۇدۇم گويا كەچ كۈزدىكى يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى . . .

مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ چىقىپ، ئەمدى قويۇپ بەرسەممۇ جايىنى تېپىپ كېتەلەيدىكەن، دېگەن يەرگە كەلدىم. ئاندىن ئۇنىڭ سوغۇقتا ھۆپپىدە ئىششىپ كەتكەن تاتىراڭغۇ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم زەن سېلىپ قارىۋېتىپ:

— ئەمدى كەتسەڭمۇ بولىدۇ! — دېدىممەن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ.

ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا ھاڭۋېقىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن قولىنىڭ كەينى تەرىپىدە بۇرنىنى بىر ئېرتىۋېتىپ، ئاندىن يانچۇقلىرىنى ئاختۇرغىلى تۇردى.

— نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ — مەن ھەيرانلىقتا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

ئۇ سوغۇقتىنا كولۇپ قويۇپ دېدى:

— يانچۇقۇمدا ئۈزۈك بار ئىدى. شۇنى بارمىكىن، دەپ

ئىزدەۋاتىمەن!

«مەن بۇنىڭ يانچۇقىدا نەدىمۇ ئۇزۇك بولسۇن؟» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ:

— ياخشىراق قاراپ باق! — دېدىم.

ئۇ ھېلى ئۇ يانچۇقىنى، ھېلى بۇ يانچۇقىنى ئاختۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن:

— مانا، بار ئىكەن! — دېدى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان ئىككى تال ئالتۇن ئۇزۇكنى ماڭا تەڭلىدى. ئۇنىڭ ماڭا «كۆرۈپ باق» دەپ تەڭلەۋاتقانلىقىنى ياكى ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قويۇپسەن، دەپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. مەن مېيىقىمدا كۈلۈپ قويۇپ:

— يېنىڭغا سېلىپ قوي! — دېدىم.

ئۇ ئۇزۇكنى ئالدىرىماي يېنىغا سالدى ۋە يەنە يېنىنى قايتا ئاختۇرغىلى تۇردى.

— يەنە نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

«سىنىڭ نەرسەڭنى بىرسى ئېلىۋالامتى؟... ھاياتىڭنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىنغىنىڭغا خۇش بولۇپ، ياۋاشلىق بىلەن يولۇڭغا مېڭىشىڭنى بىل، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن، جان تەندە ئامان بولسا نېمىنى تاپقىلى بولمايدۇ!» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتساممۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن «ئەتىگەندىن بېرى ھەر نېمىلەرنى دېگەنلىكىم، ھەتتا تىللىغانلىرىممۇ ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشار، ئەمدى ئۇ مەستلىكتىن يېشىلگەندە كۆڭلىنى يەنە رەنجىتىپ قويىماي» دەپ بۇلارنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم.

— يېنىمدا ئازراق پۇلۇم بار ئىدى. شۇنى ئىزدەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ مىشىلداپ تۇرغان بۇرنىنى يەنە بىر قولى بىلەن ئېرتىۋېتىپ.

ئۇ يانچۇقلىرىنى قايتا ـ قايتا ئاختۇرۇپ، ئاخىر:

— مانا پۇلۇمۇ بار ئىكەن، — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئەسلىدىمۇ كۆرۈمسىز چىرايى بۇ چاغدا تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتتى.

— ھەر نېمە بولسا، بار ئىكەن، مۇبادا بۇ نەرسىلەرنىڭ چىقماي قالسا، بىزمۇ خىجىل بولۇپ، تەڭلىكتە قالغان بولاتتۇق دېگىنە؟ — دېدىم مەن.

— ئوغلىڭىز خەجلىسۇن! — ئۇ بىر چاغدا پۇللىرى ئارىسىدىن ئون يۈەنلىكتىن بىرنى، يەنە بىر يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ماڭا تەڭلىدى.

— بىزگە پۇلنىڭ لازىمى يوق، ئوڭشىلىپ قالغىنىڭ ياخشى بولدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن چوڭ بىر مۇكاپات، — مەن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ قولىنى ياندۇردۇم.

— تاماكىڭىز بارمۇ؟ — پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەندىن سورىدى.

— تاماكا چەكمەيمەن! — مەن «بار ياكى يوق» دېيىشنىڭ ئورنىغا ئادىتىم بويىچە شۇنداق دەپ جاۋاب بەردىم.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ يانچۇقىنى قېقىشتۇرۇپ يۈرۈپ، مىڭ بىر تەسلىكتە بىر ئورام موخۇركا تەييارلىدى ـ دە، ئاندىن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— قەغىزىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن «قېلىنلىقتا يېتىشكەن بىر نېمىكەنسەن!» دەپ ئىچىمدە غۇدۇرىدىم ـ دە، ئاندىن ئوغلۇمغا ئۈنلۈك تۇۋلاپ، ئۆيدىن گېزىت قەغىزى بىلەن سەرەڭگە ئاچىقىشنى بۇيرۇدۇم.

ئۇ تاماكىسىنى ئالدىرىماي يۆگەپ، تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئەتە ئەتىگەندە قويىنىڭ بىر پۇت گۆشىنى ئېلىپ كېلىمەن، — دەپ قويۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ھازىرقى ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزى دەۋاتقان ئەتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى

بىلمەيتتى. يەنىلا شۇ كەچكى ۋاقىت دەپ ئويلىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە بولسا كېچە سائەت بىردىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

مەن دەرھال:

— كەلمىسىگىزمۇ بولىدۇ، ئۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتىمۇ يوق! — دېدىم.

مەن ئۇنى قورۇنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم. ئاندىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردۇم. ئۇ خېلى مېڭىپ، بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن تاماكىسىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالدىمىكىن، ئالدىغا ئۇچرىغان بىر كىشىنىڭ تاماكىسىدىن ئوت تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، كوچا دوقمۇشىدا كۆزدىن غايىب بولدى. . . مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنى خۇددى قۇش كەبى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مۇھەررىرى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

**تۇپراق بېشىدا**

(ھېكايىلەر)

ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇتۇبى قۇياش نۇرى رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىلى 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3070
ISBN7—228—07381—9/I • 2635
باھاسى: 13.00 يۈەن